# ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى

## — 10-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : راخمان مامۇت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئادىلجان ئايىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



5
.62

ISBN 7-228-06307-4

ISBN 7—228 —06307 — 4
I.2285(民文)定价:10.00元

15
I373.62
1

# ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى

## 10- ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ——

15

تەرجىمە قىلغۇچى : توختى ھاجى تىللا

I373.62
1



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**图书在版编目(CIP)数据**

伊本·帕孜兰旅行记:维吾尔文/(伊朗)帕孜兰著;托合提·提拉译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社.2001.7
ISBN 7—228—06307—4

Ⅰ.伊… Ⅱ.①帕…②托… Ⅲ.游记—伊朗—古代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I373.62

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第75143号

责任编辑: 热合曼·马木提
责任校对: 再米拉·皮达
赛娜娃尔·伊布拉音

新疆人民出版社
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 5.875印张 2插页
2001年9月第1版 2001年9月第1次印刷
印数:1—3100

ISBN7—228—06307—4/I·2285 定价:10.00元

بۇ كىتاب ئىستامبول بەدىر نەشىرىياتىنىڭ 1975 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 1975 ـ يىل 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据伊斯坦布尔巴德尔出版社 1975 年第 1 版,1975 第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: راخمان مامۇت

مەسئۇل كوررېكتولار: زەمىرە پىدا
سەنەۋەر ئىبراھىم

ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى

ئاپتورى: ئىبنى فەزلان (ئىران)

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر، 32/1
باسما تاۋىقى: 5.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3100
ISBN7—228—06307—4/I・2285
باھاسى: 10.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تەرجىماندىن

«ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ماتېرىياللىرىدىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر ئەسەردە 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى (جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، قەبىلىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقىلار) ساياھەت خاتىرىسى ئۇسلۇبىدا بايان قىلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەر قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولغاچقا، نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇلار بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەرەب، نېمىس، فرانسۇز، رۇس، چىخ ھەتتا ياپون تىللىرىدا نەشر قىلىنغان.

كەڭ ئوقۇرمەنلەر، شۇنىڭدەك تارىخ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا ئالاھىدە ئىختىساس ئىگىسى بولغان دوكتۇر رامازان شەشەن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1975 - يىلى تۈركىيە «بەدىر» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى، جۈملىدىن ئەبۇ دۇلەفنىڭ «رىسالە» سى بىلەن مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى بىرقەدەر تەپسىلىي ئىزاھاتلىرى ۋە ئەسەرنى تولۇقلىغۇچى خاتىرىلەرنىڭ تۈركچە نۇسخىسى تۈنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# كىرىش سۆز

ھىجرىيە 308 (مىلادىيە 920 — 921) - يىلى ئەتراپىدا ئىسلامىيەتنى يېڭى قوبۇل قىلغان ئېدىل (ۋولگا) بۇلغارلىرى ھۆكۈمدارى يىلتىۋار ئەلمۇش ئابباسى خەلىپىسى مۇقتەدىر بىللاھغا ئابدۇللا بىن باشتۇ ئەل ھازارى ئىسىملىك بىرىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. بۇلغار ھۆكۈمدارى بۇ ئەلچى ئارقىلىق ئەۋەتكەن مەكتۇپتا خەلىپىدىن ھۆكۈمدارلىقىنى تونۇشىنى، خەلقىگە ئىسلام دىنىنى ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىدىغان ئالىم - ئۆلىمالارنى ئەۋەتىشىنى ۋە ھازارلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن بىر قورغان ياسىتىشقا پۇل ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، خەلىپە بۇلغار ھۆكۈمدارىغا تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىش خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان بىر ئەلچىلىك ھەيئىتى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئەلچىلىك ھەيئىتىنى تەشكىللەپ يولغا سېلىش ۋەزىپىسى ئوردا غوجىدارى نەزىر ئەل ھەرەمىگە تاپشۇرۇلدى. نەزىر ئەل ھەرەمى كېرەكلىك ھازىرلىقلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە ئۆز مەۋلاسى (ۋەلىسى)* سەۋسەن ئەل راسسىنى تەيىنلىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئەلچىلىك ھەيئىتى بارىدىغان جايلارنى ياخشى بىلىدىغان تېگىن ئەل تۈركى ۋە بارىس ئەل سەقلابى ئىسىملىك خەلىپىلىك ئوردىسىدىكى ئىككى خادىمنى بىللە يوللىدى.

بۇلغارلار ئېلىگە بارىدىغان بۇ ئەلچىلىك ھەيئىتىدە خەلىپە ۋە ۋەزىرى نامىغا يوللانغان مەكتۇپلارنى ئوقۇش، ھەدىيىلەرنى

---

* ھۆرلۈك بېرىلگەن قۇل — ت.

سۇنۇش، ئالىم - ئۆلىمالارغا نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل ئەخمەد ئىبنى فەزلان ئىسىملىك بىر ۋەزىرلەر كېڭەشچىسىنىڭ كاتىپىمۇ بار ئىدى. ھاياتى ھەققىدە ئەسىرىدە بېرىلگەن مەلۇماتلاردىن باشقا ھېچقانداق بىر مەلۇمات بولمىغان بۇ كاتىپنىڭ ئەلچىلىك ھەيئىتىدىكى ئورنى سەۋسەن ئەل راسىدىنىمۇ مۇھىم ئىدى. بۇ قېتىمقى ئەلچىلىك جەريانىدا بىرىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىغان بۇ كاتىپ (ئىبنى فەزلان) بارغان جايلىرىدا كۆرگەنلىرىنى ۋە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى خاتىرىلەپ، باغدادقا قايتقاندىن كېيىن ئەلچىلىكنىڭ جەريانى، ئەلچىلىك ھەيئىتى بارغان جايلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش شەكىللىرى، دىنلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئوقتۇرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەسەر يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب، ئىلگىرى خەلىپىلىك ئوردىسىدا كۆرگەن تۈرك قەبىلىلىرىدىن بولغان كىشىلەر ئېيتىپ بەرگەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرى ھەققىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار بۇ قېتىم كۆرگەنلىرىنىڭ ئۆزى ياكى ئەتراپىدىكىلەردە ئويغاندۇرغان قىزىقىشى ئىكەنلىكى بولسا كېرەك. كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك، ئۇ ئىلگىرى تېگىنىدىن ۋە ئۆزى ياشىغان مۇھىتتىكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بولغان كىشىلەردىن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارغا ئىگە بولغانىدى. ئىبنى فەزلاننىڭ ياخشى بىر كۆزەتكۈچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان «ئەل رىھلە» (ساياھەتنامە) ناملىق بۇ ئەسەر تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللاردىن بىرىدۇر. ئىزاھاتلاردىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ ئەسەردە قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ۋە شىمالدىكى جايلارغا دائىر بېرىلگەن مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىقى باشقا ئوتتۇرا ئەسىر مۇئەللىپلىرىنىڭ ۋە يېقىنقى زاماندىكى سەيياھلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئىسپاتلاندى.

ئىبنى فەزلان ھازارلاردىن باشقا جايلارغا قىلغان ئەلچىلىكى



www.uyghurkitap.com

جەريانىدا، بۇ يەردە ئېيتقان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى كۆرگەن. بۇلغارلار يۇرتىغا بارغىنىدا هازارلار بىلەن ئۇچراشمىغانلىقى تېـ.كىستتىن ئوچۇق كۆرۈلىدۇ. قايتىشىدا ئۇچراشقان ـ ئۇچراشـ.مىغانلىقى هەققىدىمۇ هېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئىگە ئەمەسمىز. هازارلار هەققىدىكى قىسمىدا ئېيتىلغانلاردىنمۇ ئۇنداق بىر نەتىجە چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئىبنى فەزلان هازارلار هەققىدە بەرگەن مەلۇماتلارنى ئۆزى بارغان جايلاردىكى هەر خىل ماتېرىياللاردىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ئىبنى فەز.لاندىن نەقىل كەلتۈرگەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ياكى مەرهۇم ئۇستاز زەكى ۋەلىدى توغان تەرىپىدىن بايقالغان كىتابنىڭ يېگانە نۇسخىسىنىڭ هازارلار هەققىدىكى بايانىدا بولـ.سۇن، ئەلچىلىك هەيئىتىنىڭ باغدادتىن قايتقانلىقى هەققىدە توختالمىغان. هالبۇكى، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي پىكىر ئېقىمىدىن كىشىلەردە يازغۇچىنىڭ ئەلچىلىك هەيئىتىنىڭ قايتىشىنىمۇ بايان قىلغانلىقى تەسىراتى قوزغىلىدۇ. بەلكىم بۇ قىسىم بىزگە يېتىپ كەلمىگەن ئەسلى نۇسخىدا مەۋجۇت بولسا كېرەك. كوۋالېۋسكى يەنە بىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ تولۇقسىز نۇسخىسىنىڭ سامانىيلار دەۋرىدە تەييارلانغان تاللانمىلار ئىكەنلىكىنى، يازغۇچىنىڭ ئەسلى نۇسخىنىڭ كوپىيىسى ئەمەسلىكى كۆزقارىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

1800 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن ئىبنى فەزلاننىڭ بۇ كىتابىـ.دىن ياكۇت ئەل هاماۋىنىڭ «مۇئجەم ئەل بۇلدان» ناملىق جۇغراـ.پىيە لۇغىتىنىڭ ئېدىل، باشقىرت، بۇلغار، هازار، خارەزىم ۋە رۇسلار هەققىدىكى قىسىملىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بابلار ئۇسـ.تىدە فراهىن باشلىق نۇرغۇن ئالىملار هەر خىل تىللاردا ئەسەرـ.لەر ئېلان قىلغانىدى. فراهىننىڭ ئەسىرى نەشر قىلىنىپ بىر ئەسىردىن كېيىن، 1923 ـ يىلى زەكى ۋەلىدى توغان مەشهەد

كۇتۇپخانىسىدا ئىبنى ئەل فاكىخنىڭ «كىتاب ئەل بۇلدان»نىڭ بىر قىسمى بىلەن ئەبۇ دۇلەفنىڭ ئىران بىلەن خۇراسانغا، تۈرك، چىن، ھىندى ئۆلكىلىرىگە قىلغان ساياھەتلىرىنىڭ خاتى-رىلىرىگە دائىر يازغان ئىككى رىسالىسىنىڭ ۋە ئىبنى فەزلاننىڭ ساياھەتنامە (ئەل رىھلە) سىنىڭ باشتىكى ھازارلار قىسمىنىڭ دەسلەپكى قۇرلىرىغىچە بولغان بابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قوليازمىسىنى بايقىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى فەزلاننىڭ ئە-سىرى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلار تېخىمۇ تېزلەشتى. 1939 - يىلى قولىيازمىنى بايقىغان زەكى ۋەلىدى توغان كىتابىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى ۋە كەڭ ئىزاھاتلىرى بىلەن بىللە ئەرەبچە ئوبزورلۇق نەشرىنى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى كوۋالېۋسكى لېنىنگرادتا كى-تابنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ئىزاھاتلىرى بىلەن بىللە ئەرەبچە مەتىنىنىڭ (تېكىستىنىڭ) ئەينى باسمىسىنى ئېلان قىلغانىدى. ئۇستاز خ. رىتتېر 1942 - يىلى بۇ ئىككى نەشرىنىڭ مەتىن ۋە تەرجىمىلىرىگە مۇھىم بىر ئوبزور ئېلان قىلىش بىلەن مەتىن-دىكى نۇرغۇن سۆز - ئىبارىلەرنى تۈزەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كې-يىن، ر. پ. بلاكې ۋە ر. ن. فرىيې، ك. تىسېگلېدىي ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە ۋە ماجارچە تەرجىمىلىرى بىلەن ئىزاھاتلى-رىنى نەشر قىلدۇردى. 1956 - يىلى كوۋالېۋسكى بىرىنچى نەشرىنى تولۇقلاپ، ئەسەر ھەققىدە يەنە بىر ناھايىتى مۇھىم ماقالە ئېلان قىلدى. 1958 - يىلى م. كانارد ئۆزىدىن بۇرۇنقى تەتقىقاتلارغا تايىنىپ، ئەسەرنىڭ فرانسۇزچە ئىزاھاتلىق تەرجى-مىسىنى نەشر قىلدۇرۇش بىلەن بۇ ئەسەرگە يەنە بىر يېڭىلىق قوشتى. ئەڭ ئاخىرىدا سامى دەھھان ساياھەتنامە مەتىنىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل ئوبزورلۇق بىر نەشرىنى مەيدانغا چىقاردى. بولۇپمۇ تۈرك مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بولسىمۇ، تېخى تۈرك قەبى-لىلىرىنىڭ كىتابخانىلىرى خەۋەرسىز بولغان بۇ كىتابنىڭ يالغۇز زەكى ۋەلىدى توغان تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان مەتىنگە ئاساسەن

تەييارلانغان تۈركچە يالىڭاچ تەرجىمىسى لۈتفى دوغان تەرىپىدىن تۈركىيە ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى ژۇرنىلىنىڭ 1954 ـ يىللىق 1 ـ ، 2 سانىنىڭ 58 — 80 — بەتلىرىدە ئېلان قىلىندى. كىتابخانىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلغان بۇ ئەمگىكىمىزدە ئەسەرنىڭ ئىزاھاتلىق تەرجىمىسىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەسەرلەردىن ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تەييارلاشقا تىرىشتۇق.

ئەسىرىمىزنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىدە، ئەبۇ دۇلەف مىسئار بىن مۇھەلھىلنىڭ تۈرك، چىن ۋە ھىندى ئۆلكىلىرىگە قىلغان ساياھەتلىرىگە دائىر رىسالىسىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىڭ تەرجىمىسى بېرىلدى. 10 ـ ئەسىردە خۇراسان ۋە ئىران ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا تۇرغان بىر ساياھەتچى ۋە ئەرەب شائىرى ئىكەنلىكىدىن باشقا، ھاياتى ھەققىدە بىرەر مەلۇماتى بولمىغان بۇ مۇئەللىپنىڭ بەرگەن مەلۇماتىنى ئېھتىيات بىلەن قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەبۇدۇلەف ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 331 (مىلادىيە 942 — 943) — يىلى سامانىي ئوردىسىغا كەلگەن چىن (جۇڭگو) نىڭ بىر ئەلچىلىك ھەيئىتى بىللە يولغا چىققان. بۇخارادىن چىنغا بارىدىغان بۇ ھەيئەتنىڭ نورمال يول بىلەن ئوڭغا، سولغا بۇرۇلماي مېڭىپ ئۆتىدىغان يەرلىرى بەلگىلىك بولۇپ، بۇ يول تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن ئوغۇزلار، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار ۋە خىتايلارنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتكەنىدى. ھالبۇكى ئەبۇ دۇلەف بىزگە بۇ يول ئۈستىدىن خېلى يىراقتا تۇرىدىغان پەچەنەكلەر، تىبەتلىكلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ ئۆلكىلىرىگىمۇ يولۇققانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىشنى ئىككى شەكىلدە ئىزاھلاش مۇمكىن: يا ئەلچىلىك ھەيئىتى چىنگە قايتىشتا غول يولنىڭ ئوڭ ۋە سول قانىتىدىكى بەزى ئۆلكىلەرگە يولۇققان، ياكى ئەبۇ دۇلەف بۇ ئۆلكىلەرگە دائىر بەرگەن مەلۇماتلارنى ھەر خىل ماتېرىياللاردىن ئېلىپ، ئۆز كۆزىتىشلىرىگە بولغان تەسىراتىنى بەرمەكچى بول-

غان. بۇنىڭدىن باشقا، ئەلچىلىك ھەيئىتى ئۇچراشقان قەبىلىلەر-نىڭ ئورۇنلىرىنىڭ خاتا بېرىلىشى، بەزى تەكرارلىنىشلارنىڭ يۈز بېرىشى، كىتابنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولۇشى ياكى يازغۇچى كىتابىنى ساياھەتتىن خېلى كېيىن ئېسىدە قالغان خاتىرىلىرىگە ئاساسەن يازغانلىق گۇمانلىرىنى ئەسكە سالىدۇ. مەسىلەن، قارا-خانىيلار ھەققىدە توختالغىنىدا ئاۋۋال ئۇلارنى ئەل ھارگاھ (ئور-دۇكەنت يەنى قەشقەر) نامى بىلەن، كېيىن بۇغراج قەبىلىسى ئىسمى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئىككى يەردە تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئىسىملارنىڭ بىرىنچىسى ئۇلارنىڭ پايتەختى، ئىككىنچىسى بولسا سۇلالىسىنىڭ (خاندانلىقىنىڭ) نامىدۇر. مانا بۇ نۇقسانلار بول-سىمۇ، 10 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا شەرقتە ياشىغان تۈرك قەبىلىلىرى ھەققىدە توختالغان بىر ماتېرىيال بولۇشى ۋەجىدىن ئەبۇ دۇلەفنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈرك ئۆلكىلىرىگە دائىر قىسمىنىڭ تەرجىمىسىنى بېرىشنى لايىق تاپتۇق.

بۇ ئەسەر دەسلەپ كۇرد ۋە سېكلوزېر تەرىپىدىن ياكۇتنىڭ «مۇئەم ئەل بۇلدان» ناملىق ئەسىرىدە كازۋىنىنىڭ «ئەسەر ئەل بىلاد» ۋە «ئاجائىب ئەل مەخلۇقات» ناملىق كىتابلىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن قىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈش شەكلى بىلەن لاتىنچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن بىرلىكتە 1845 - يىلى بېر-لىندە ئېلان قىلىنغان. كېيىن، ي. فېرراند، گرىگورىيېۋ ۋە ۋۈستېنفېلدلار بۇ كىتاب ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان. 1923 - يىلى زەكى ۋەلىدى توغان تەرىپىدىن مەشھەد نۇسخىسى تېپىلغاندا ۋون روخساۋېر بۇرۇنقى تەتقىقاتلارغا ۋە بۇ يېڭى نۇس-خىغا ئاساسەن ئەسەرنىڭ ئىزاھاتلىق نېمىسچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ ئاخىرقى ئەسەر سېكلوزېرنىڭ نەشرى بىلەن مەشھەد نۇسخىسى ئارىسىدا ئارتۇقچە پەرق يوقلۇقىنى كۆرسەت-كەن. بىز بۇ تەرجىمىمىزدە سېكلوزېر نەشرىنىڭ خ. رىتتېر تەرىپىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى بىلەن ۋون روخسا-

ۋېرنىڭ نەشرىنى ئاساس قىلدۇق.
قولىمىزدىكى بۇ كىتابىمىزدا يەنە شەرەف ئەل زامان ئەل مەرۋەزى 514 (مىلادىيە 1120) ـ يىللىرى سۇلتان سەنجەر زامانىدا يازغان «تەبائى ئەل ھەياۋان» ناملىق كىتابىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى ھەققىدىكى 9 ـ بابىنىڭ تەرجىمىسى بېرىلدى. مەر-ۋەزى بۇ بابنى يازغىنىدا، باشتا جەيھانى ئىبنى ئەل فاكىخنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن «ھۇدۇد ئەل ئالەم» قاتارلىق ھەر خىل ماتېرى-ياللاردىن پايدىلانغان. بۇنىڭدا ئۆز دەۋرىگە يېقىن ۋەقەلەر ھەققى-دە توختىلىشقىمۇ سەل قارىمىغان. ئۇنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى ھەر خىل ماتې-رىياللار بىلەن ئىسپاتلاندى. بىراق، بۇرۇندىن بېرى تۈرك قەبى-لىسى ئەمەسلىكى مەلۇم بولغان رۇسلار ۋە ئىسلاۋلارنى تۈرك قەبىلىسى دەپ ھېسابلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش تەس. ئۇنى بۇنداق بىر نەتىجىگە كەلتۈرگەن سەۋەب، قەدىمي رۇسلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش شەكلىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭكىگە ئوخ-شايدىغانلىقى بولسا كېرەك. بۇ بابنىڭ تەرجىمىسىدە ۋ. مى-نورسكي تەرىپىدىن ھىندىستان دۆلەت ئورگىنى ۋە ئەنگلىيە مۇزېيدا تېپىلغان نۇسخىلارغا ئاساسلىنىپ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن بىللە 1942 ـ يىلى لوندۇندا نەشر قىلىن-غان چىن، تۈرك ۋە ھىندى ئۆلكىلىرى ھەققىدە توختالغان بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر ئاساس قىلىندى. ئىبنى فەز-لاننىڭ ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسىدىكىدەك، ئەبۇ دۇلەفنىڭ ۋە مەر-ۋەزىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تەرجىمىسى بېرىلگەن قىسىملاردىمۇ ئى-زاھلىنىشى لازىم تېپىلغان يەرلەر ھەر خىل ئەسەرلەرگە ۋە ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىنىپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىلەر-نىڭ مەتىنلەردە بېرىلگەن مەلۇماتنى بېيىتىدىغانلىقى ھەمدە نۇر-غۇن نۇقتىلارنىڭ ئايدىڭلىشىشىدا كىتابخانلارغا يېتەكچىلىك قى-لىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئەسەرنى تولۇقلىغۇچى بىرقانچە مۇھىم خاتىرىلەر بىلەن تۈرك ـ موغۇل شامانىزمىغا دائىر يېڭى مەلۇماتلار بېرىلدى. بۇلار ئەينى چاغلاردىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دائىر پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى مۇھىم ماتېرىياللاردۇر.

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئىستانبۇل 1974 ـ يىلى، ئاپرېل

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................ 1

بىرىنچى قىسىم  ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى ........ 1
مۇقەددىمە .............................. 1
ئىران ۋە خۇراسان.......................... 2
ماۋەرائۇننەھر ............................ 3
خارەزىم ............................... 5
تۇرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا كىرىش ......... 9
ئوغۇزلار ............................... 11
پەچەنەكلەر ............................. 22
باشقىرتلار............................... 23
بۇلغارلار ............................... 25
رۇسلار.................................. 46
هازارلار ................................ 56

ئىككىنچى قىسىم  ئەبۇدۇلەفنىڭ «رىسالە»سىنىڭ تۇرك
قەبىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى ......... 60

ئۈچىنچى قىسىم  مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىنىڭ تۇرك قەبى-
لىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى........... 69
تۇرك قەبىلىلىرى ھەققىدە ................... 69

تۆتىنچى قىسىم  ئەسەرنى تولۇقلىغۇچى خاتىرىلەر ...... 79
بالبااللار ............................... 79

بۇلغارلار ............ 79
جازالار .................. 82
ئېدىل ...................... 84
نىكاھلىنىش ئادەتلىرى .............. 87
دەپنە شەكىللىرى ........ 91
خاقان ۋە ھۆكۈمدار .......... 95
خاقان بەگ ................ 96
كېسەللىك ۋە ئۇنى داۋالاش ........ 100
ھازارلار ................. 102
ھەيكەللەر ................. 104
ئادەم قۇربانلىرى ............. 105
قان ۋە سۆڭەكلەر ............. 108
كېپەن .................. 111
قۇربانلار ۋە ھەدىيەلەر ........... 111
قەبرىلەر (مازارلار) ............ 116
قەبرە تاشلىرى ................ 119
ئوغۇزلار ...................... 120
ئونگونلار ................... 122
مېيىت بىلەن بىللە قەبرىگە قويۇلىدىغان نەرسىلەر... 122
ئۆلۈم ..................... 124
ئۆلۈمدىن كېيىن ............... 125
رۇسلار ................. 127
شامانىزم..................... 129
تاۋۇت....................... 138
تۇمۇلۇسلەر................... 139
يوغلار (ئۆلۈم مۇراسىملىرى) ........ 140

ئىزاھاتلار ..................... 144

# بىرىنچى قىسىم

## ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى

### مۇقەددىمە

بۇ كىتاب مۇھەممەد بىن سۇلايماننىڭ مەۋلاسى (ھۇرلۇككە ئېرىشكەن قۇلى) ۋە خەلىپە ئەل مۇقتەدىر بۇلغار (ساقالىبە)(1) ھۆكۈمدارىغا ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتكەن ئەخمەد بىن فەزلان بىن ئەل ئابباس بىن رەشىد بىن هامادنىڭ ئەسىردۇر. مۇئەللىپ بۇ ئەسەردە تۈرك، هازار، رۇس، بۇلغار، باشقىرت ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ دىنىي جەھەتتىكى پەرقلەر، ھۆكۈمدارلىرىغا دائىر خەۋەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرى ھەققىدىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىدىن بايان قىلىدۇ.

ئەخمەد ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

بۇلغار ھۆكۈمدارى ئەلمۇش بىن شىلكى يىلتىۋار(2) نىڭ ئەمىر ئەل مۆئمىنىن (خەلىپە) ئەل مۇقتەدىرگە ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرىدىغان، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىدىغان، يۇرتىدا ۋە پۈتۈن مەملىكىتىدە ئۆز نامىدا خۇتبە ئوقۇلۇشى ئۈچۈن مۇنبەر ۋە مەسچىتلەرنى ياسىتىدىغان بىر ھەيئەت ۋە دۈشمەن ھۆكۈمدارلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن بىر قورغان ياسىتىش تەلەپ قىلىنغان مەكتۇپى يېتىپ كېلىپ، بۇ ھەقتىكى تەلىپى قوبۇل قىلىندى. بۇ ھەقتىكى ۋاسىتىچى نەزىر ئەل ھەرەمى(3) ئىدى. ماڭا بولسا ھۆكۈمدارغا خەلىپىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بېرىش، يوللانغان ھەدىيىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىش، شەرىئەت ئۆلىمالىرى بىلەن

خەلپەتلەرنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. ياسىلىدىغان قورغانغا سەرپ قىلىش ۋە شەرىئەت ئۆلىمالىرى بىلەن خەلىپە-لەرگە بېرىش ئۈچۈن ھۆكۈمدارغا ئېلىپ بارىدىغان پۇل ئىبنى ئەل فۇرئات(4) نىڭ قورۇقى ۋە خارەزىمدىكى ئارتا خۇشمىسان(5) قورۇقىدىن كۆرسىتىپ بېرىلدى.

بۇلغار ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن خەلىپە ئەل مۇقتەدىرگە ئەۋە-تىلگەن ئەلچى ئابدۇللا بىن باشتۇ ئەل ھازارى(6) ئىدى. خەلىپە تەرىپىدىن جاۋابەن يوللانغان ئەلچى بولسا تېكىن ئەل تۈركى(7) ۋە بارىس ئەل سەقلابى(8) لار بىلەن بىللە كەلگەن نەزىر ئەل ھەرەمىنىڭ مەۋلاسى (ۋەلىسى) سەۋسەن ئەل راسسى(9) ئىدى. دېمەك، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ھۆكۈمدارغا، خوتۇنى-غا، پەرزەنتلىرىگە ۋە قوماندانلىرىغا يوللانغان ھەدىيىلەر ۋە ھۆ-كۈمدارنىڭ نەزىر ئەل ھەرەمىدىن تەلەپ قىلغان دورىلىرىنى ئې-لىپ ماڭغانىدىم.

## ئىران ۋە خۇراسان

ھىجرىيە 309 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى (مىلادىيە 921 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) پەيشەنبە كۈنى باغداد (مەدىنەت ئەل سالام) تىن يولغا چىقتۇق. نەھراۋاندا بىر كۈن تۇرۇپ، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ دەسكەرە(10) گە باردۇق. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ يەنە يولغا چىقتۇق. ھېچ يەردە توختى-ماي ئۇدۇل ھۇلۋان(11) غا باردۇق. بۇ شەھەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ، ئۇ يەردىن قارمىسىن(12) غا قاراپ يولغا چىقتۇق. قارمى-سىندا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەمەدانغا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ ساۋە(13) گە باردۇق. ئۇ يەردىمۇ ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، سەپىرى-مىزنى داۋاملاشتۇرۇپ رەي(14) گە يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە سۇ-

لوْق(15) نىڭ ئىنىسى ئەخمەد بىن ئەلى(16) نى كۆتۈپ ئون بىر كۈن تۇردۇق. ئۇ چاغدا ئەخمەد ھۆۋار ئەل رەي(17) دە بولغانلىقتىن، ئۇ يەرگە بېرىپ يەنە ئۈچ كۈن تۇردۇق. ھۆۋار ئەل رەيدىن سىمنان(18) غا، ئۇ يەردىن دەمەگانغا ئۆتتۇق. ئۇ يەردە دەئىي(19) نىڭ ئادىمى بولغان ئىبنى قارىن(20) غا ئۇچرىشىپ قالدۇق ـ تە، كارۋىنىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، جاپالىق سەپەرنى داۋاملاشتۇ- رۇپ، ئاخىرى نىشابۇرغا باردۇق. بۇ چاغدا لەيلى بىن نوئمان(21) ئۆلتۈرۈلگەنىكەن. ئۇ يەردە خوراسان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ھامۇيا قوسانى تاپتۇق.

نىشابۇردىن سەراھىسقا، سەراھىستىن مەرۋگە ئۆتتۇق. مەرۋدىن ئامۇل چۆلىنىڭ يېنىدىكى قۇشماھان(22) غا باردۇق. قۇشماھاندا چۆلگە كىرىشتىن ئىلگىرى تۆگىلەرنى ھاردۇق ئالدۇ- رۇش ئۈچۈن ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن ئامۇل(23) غا قەدەر چۆلنى كېسىپ ئۆتتۇق.

## ماۋەرائۇننەھر

جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تاھىر بىن ئەلىنىڭ كارۋان سارىيى بار ئافىرابر(24) غا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردىن بەيكەند(25) گە قاراپ ماڭدۇق. بەيكەندتىن چىقىپ بۇخاراغا كىردۇق. خورا- سان ھۆكۈمدارىنىڭ كاتىپى (ۋەزىرى) ئەل جەيھانى(26) نىڭ يېنى- غا باردۇق. جەيھانى خوراساندا ئەل شەيخ ئەل ئامىد دەپ تونۇلۇپ- تىكەن. ئۇ دەرھال بىزگە ئۆي كۆرسىتىشنى ئەمر قىلدى. ئېھتىياجلىرىمىزنى تەمىنلەپ، تەلىپىمىزنى ئورۇنداپ، دەردد- مىزگە دەرمان بولىدىغان بىر ئادەمنى تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردۇق.

كېيىن سامانى ھۆكۈمدارى ناسىر بىن ئەخمەد(27) نىڭ ھۇ- زۇرىغا كىرىشىمىز ئۈچۈن ۋەزىر بىزگە ئىجازەت ئالدى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېنىغا كىرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنى ساقلىق چىقمىغان بىر بالى-
نىڭ ئالدىدا كۆردۇق. ئۇنىڭغا ئەمرلىك سالىمى بەردۇق. ئۇلار-
تۇرۇشىمىزغا ئىجازەت قىلدى. بىزگە قىلغان دەسلەپكى سوئالى:
«ئەمر ئەل مۆئمىنىن (خەلىپە) جانابلىرى قانداق تۇردى؟ ئاللا
ئۇنىڭغا، خەلقىگە ۋە دوستلىرىغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر
بەرگەي» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بىز: «سالامەت تۇردى»
دېدۇق. ئۇمۇ: «ئاللا سالامەت قىلغاي» دېدى.

كېيىن، خەلىپىنىڭ ئىبنى ئەل فۇرئەتنىڭ ئىش باشقۇرغۇ-
چىسى ئەل فازىل بىن مۇسا ئەل نەسرانىدىن(28) ئارتا خۇشمىسان
قورۇقى ئۆتكۈزۈپ ئېلىنىپ، ئەخمەد بىن مۇسا ئەل خارەزمى
(29)گە بېرىلىشى، خارەزىم ۋالىيسىغا بىزنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپى-
مىزگە توسالغۇ بولماسلىقى ۋە باب ئەل تۈرك(30) (تۈرك دەرۋازى-
سى) دىكى قوماندانىغا بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە ھەمدەم بولۇشى
ۋە سەپىرىمىزگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى ئۈچۈن مەكتۇپلار يې-
زىشنى ئەمر قىلغان مەكتۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ: «ئەخمەد بىن مۇسا قەيەردە؟» دەپ
سورىدى. «بىزدىن بەش كۈن كېيىن يولغا چىقىشى ئۈچۈن ئۇنى
باغداد (مەدىنەت ئەل سالام) غا تاشلاپ كەلدۇق» دېدۇق. ئۇ:
«ئاللا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي. ئەمر ئەل مۆئمىنىن جانابلىرى-
نىڭ ئەمرىگە باش ئۇستۇم بىلەن تەييارمەن» دېدى.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

ئىبنى ئەل فۇرئەتنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى ئەل فازىل بىن
مۇسا ئەل نەسرانىگە قورۇقنىڭ ئۆزىدىن ئەخمەد بىن مۇساغا
ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ-
نىڭ بىلەن ئەخمەد بىن مۇساغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى.
جۇند سەراھىستىن بەيكەندگىچە بولغان خۇراسان يولى ئۇستىدىكى
ئامانلىق ساقلاش ئەمىرلىرىگە: «كارۋان سارايلار ۋە قاراۋۇلخا-
نىلارغا ئۇقتۇرۇپ، ئەخمەد بىن مۇسانى تۇتۇش ئۈچۈن پايلاقچى-

ـلارنى چىقىرىۋېلار. ئۇ شۇنداق سۇپەتكە ئىگە بىر ئادەمكى، ئۇنى كىم تۇتسا، قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇپىمىز يېتىپ بارغۇچە تۇتۇپ تۇرۇلسۇن» دەپ مەكتۇپ يازدى. ئەخمەد مەرۋىدە تۇتۇلۇپ قاماپ قويۇلدى.

بۇخارادا 28 كۈن كۈتتۇق. ئەل فازىل بىن مۇسا بۇرادەرلىرىمىزدىن ئابدۇللا بىن باشتۇ ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «يەنە تۇرساق قىشقا قالىمىز. خارەزىمگە كىرىش پۇرسىتى كېتىپ قالىدۇ. ئەخمەد بىن مۇسا بىزگە يېتىشىۋالىدۇ» دېگەن يەرگە كېلىشتى.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

بۇخارادا ھەر خىل پۇللار (دىرھەملەر) نى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىستىن، تۇچتىن ياسالغان «ئەل غىترىفىيە» (31) دېگەن بىر خىل پۇل بار ئىدى. بۇلار ئۆلچەنمەيلا ئېلىپ ـ سېتىلاتتى. ئۇنىڭ يۈز دانىسى بىر كۈمۈش دىرھەمگە باراۋەر كېلەتتى. بۇخارا خەلقىدە ئايالLARنىڭ ھەققى مەھرى مەسلىسىدىكى شەرتلىرى «پالانىنىڭ ئوغلى پالانى پالانىنىڭ قىزىنى مانچە مىڭ غىترىپ دىرھەمگە ئالدى» دېگەن شەكىلدە بولىدىكەن. ئۆزئارا ئېلىم ـ بېرىم ۋە قۇل سودىلىرىمۇ شۇ ئۇسۇلدا بولىدىكەن. ئۆلچەم بىرلىكلىرى سۈپىتىدە بۇنىڭدىن باشقا دىرھەمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمايدىكەن. سېرىق مىستىن ياسالغان يەنە بىر خىل دىرھەملىرىمۇ بولۇپ، 40 دانىسى بىر دەنەك دېيىلىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە سېرىق مىستىن ياسىلىپ «ئەل سەمەرقەندىيە» دېيىلىدىغان باشقا بىر خىل دىرھەممۇ بولۇپ، بۇنىڭ ئالتە دانىسى بىر دەنەك بولىدىكەن.

## خارەزىم(32)

ئابدۇللا بىن باشتۇ ۋە باشقىلارنىڭ قىشنىڭ كېلىپ قالغانـ

لىقىنى ئاگاھلاندۇرغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇخارادىن نېرىغا، جەيھۇن دەرياسىغا قاراپ يولغا چىقىپ، خارەزىمگە بېرىش ئۈچۈن بىر كېمىنى كىرا قىلدۇق. كېمە كىرا قىلغان يەردىن خارەزىمنىڭ ئارىسى 200 فەرساخ (بىر فەرساخ ئۈچ مىلغا باراۋەر) دىن ئاشاتتى. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن سەپىرىمىزنى پۈتۈن كۈن داۋاملاشتۇرالماي، پەقەت كۈندۈزنىڭ بىر قىسمىدىلا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، خارەزىمگە يېتىپ باردۇق. ئۇ يەرنىڭ ۋالىيسى (ئەمىرى) مۇھەممەد بىن ئىراق خارەزىمشاھ(33) نىڭ يېنىغا كىرگىنىمىزدە، بىزنى ھۆرمەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، بىر ئۆيدە مېھمان قىلدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن بىزنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا كىرىش خۇسۇسىدا بىز بىلەن پىكىرلەشتى ۋە: «بۇ ھەقتە سىلەرگە ئىجازەت بېرەلمەيمەن. ئورۇنسىز قىيىنچىلار تۈكۈلمىسۇن ئۈچۈن، سىلەرنى قويۇۋېتىشىم توغرا بولماس، — دېدى. ئاندىن تېگىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ماڭا ئايان، بۇ ئىش بۇ بالا (غۇلام) نىڭ ھىيلىسى، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزدىكى بىر تۆمۈرچى(34) ئىدى. كۇپارلارنىڭ يۇرتىدا تۆمۈر تىجارىتى قىلماقچى بولغان نەزىرىنى ئالداپ، ئۇنى ئەمىر ئەل مۆئمىنىن (خەلىپە) بىلەن سۆزلىشىشكە ۋە بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ مەكتۇپىنى خەلىپىگە يەتكۈزۈشكە پىلان كۆرسەتكەن» دېدى. خۇراسان ئەمىرىنى (ساماني ھۆكۈمدارىنى) نەزەردە تۇتۇپ: «بىر ئىمكانىيىتىنى تاپسا ئىدى، ئۇلۇغ ئەمىر(35) تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىدا خەلىپە نامىدا خۇتبە ئوقۇتۇشقا، دىن تارقىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېخىمۇ ھەقلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەر دېگەن بۇ مەملىكەت بىلەن ئاراڭلاردا مىڭلىغان كۇپار قەبىلىلىرى بار. خەلىپە بۇنىڭغا قايىل. مەن سىلەرگە توغرىسىنى تەۋسىيە قىلىۋاتىمەن. سۇلتانغا (خەلىپىگە) خەت يېزىپ، ئۇلۇغ ئەمىر (ساماني ھۆكۈمدارى) نىڭ

مەسىلىسىنى تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن مەكتۇپ يېزىشىنى تەلەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىلەر جاۋاب كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرارسى-لەر» دەپ ئىزاھلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتۇق ۋە شۇ كۈنى تەكرار يېنىغا كىرىپ، ئەدەپلىك مۇئامىلە بىلەن ئۇنى ماقۇل قىلىشقا تىرىشىپ: «خەلىپىنىڭ ئەمرى ۋە مەكتۇپى تۇرغان يەردە، يەنە بۇ ھەقتە مۇراجىئەت قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار» دېدۇق. ئاخىرى سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن خارەزىمدىن جۇرجانىيە(36) گە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. جۇرجانىيە بىلەن خارەزىم ئارىسىدا دەريا يولى بىلەن 50 فەرساخ-لىق مۇساپە بار ئىكەن.

خارەزىم دىرھەملىرىنىڭ بىر قىسمى قوغۇشۇندىن، ئارىلاش-ما مېتالدىن ۋە تۇچتىن ياسىلىدىكەن. ئۇلار دىرھەملەرنى «تەزدە-چە» دەيدىكەن. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 4.5 دەنەك بولىدىكەن. سەر-راپلىرى تاۋلا شاخمىتىنىڭ ئۇرۇقلىرى (كىچىك دەنەكلەر)، پىرقىرىغۇچ ۋە دىرھەم ساتىدىكەن.

خارەزىملىكلەر تىل ۋە مىجەز - خۇلق جەھەتتىن ئەڭ ئىپ-تىدائىي ئادەملەر بولۇپ، گەپ - سۆزلىرى قارا قۇشقاچنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكەن. ئۇ يەردە شەھەرگە بىر كۈنلۈك ئا-رىلىقتا ئەردەقۇ(37) ناملىق بىر يېزا بولۇپ، خەلقىنى «كەردەلى-لەر» دەيدىكەن. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى چارپاقنىڭ ۋاقىلدا-دىشىغا ئوخشايدىكەن. ھەر نامازدىن كېيىن ئەمىر ئەل مۆئمىنىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ —— ھەزرىتى ئەلى —— نى لەنەت ئوقۇپ قارغايدىكەن.

جۇرجانىيەدە بىرنەچچە كۈن تۇردۇق. جەيھۇن دەرياسى پۈ-تۈنلەي توڭلاپ كەتتى. مۇزنىڭ قېلىنلىقى ئون يەتتە غېرىچ كېلەتتى. ئات - قېچىرلار مۇزنىڭ ئۈستىدە بىمالال ماڭالايدىغان بولدى. مۇز قاتلىمى ئىدىرلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ ھالەت

ئۇچ ئاي داۋاملاشتى. بۇ يەردە ئاجايىپ قاتتىق سوغۇق بولىدىغان بىر يۇرتنى كۆرگەن بولدۇق. ئۇ يەردە قار ياغسا قاتتىق بوران چىقىپ، جۇدۇن بولۇپ كېتىدىكەن. ئۇ يەردىكىلەردىن بىرى دوستلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا: «كېلىڭ، پاراڭلىشايلى، ئۆيىمىز ئىسسىق» دەيدىكەن. بۇ سۆزنى ئالاھىدە ياخشى نىيەت بىلەن يېقىنلىق كۆرسەتمەكچى بولغاندا قىلىدىكەن. ھالبۇكى، ئاللا ئۇلارغا رەھىم قىلىپ كۆپ ئوتۇن بېرىپتۇ. تاغ[38] ئوتۇنى (ساكساۋۇل) نىڭ بىر ھارۋىسى ئۇلارنىڭ پۇلىغا ئىككى دىرھەم ئىكەن. بىر ھارۋا ئوتۇننىڭ ئېغىرلىقى 3 مىڭ رىتىل (تەخمىنەن بىر كىلوگرامنىڭ ئۇچتىن بىرىگە تەڭ ئۆلچەم بىرلىكى) چامىسىدا كېلىدىكەن.

جۇرجانىيىدە تىلەمچىلەر ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدا كۇتۇپ تۇرماي، ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ، ئىسسىنىش ئۇچۇن ئوتنىڭ ئالدىدا بىر ئاز ئولتۇرىدىكەن. ئاندىن: «پەكەند!» يەنى (نان) دەيدىكەن. بىر نەرسە بەرسە ئالىدىكەن، بەرمىسە چىقىپ كېتىدىكەن.

جۇرجانىيىدە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدۇق. رەجەپنىڭ ئاخىرى ۋە شەبان، رامىزان، شەۋۋال (دېكابىردىن فېۋرالغىچە) ئايلىرىنى ئۇ يەردە ئۆتكۇزدۇق. قاتتىق سوغۇق بولغاچقا بۇ يەردە تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ئاگلىشىمچە، ئۇ يەردە ئىككى كىشى ئۇن ئىككى تۆگە بىلەن ئورماندىن ئوتۇن ئېلىپ كەلگىلى كېتىپ، چاقماق تېشى بىلەن تۇتۇرۇق ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، كېچىنى ئوت ياقماي ئۆتكۇزگەنلىكىدىن ئۆزىمۇ، تۆگىلىرىمۇ شىددەتلىك سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانىكەن.

ئۇ يەردە سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن بازار ۋە كوچىلارنىڭ جىمجىت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۇم. شۇ قەدەركى، پۈتۈن بازار ۋە كوچىلارنى ئارىلاپ چىقسا بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمايتتى. خالاغا چىقىپ ئۆيگە كىرگۇچە ساقاللىرىمدا مۇز توڭلاپ كېتەتتى

ۋە ئوتقا قاقلاپ ئېرىتمىسە ئېرىتمەيتتى. مەن بىر ئۆيىنىڭ ئىچكى-
رىسىدىكى ئۆيدە ياتاتتىم. ئىچكىرىدىكى ئۆيدە بولسا كىگىز قاپ-
لىغان بىر «تۈرك چېدىرى» بار ئىدى. بۇ چېدىرنىڭ ئىچىدە
جۇۋا ۋە قىل پالاسلارنى يېپىنىپ ياتساممۇ، يۈزلىرىم مۇزلاپ،
ياستۇققا چاپلىشىپ قالاتتى.

ئۇ يەردە يەنە كۆپلەرنى يېرىلىپ كەتمىسۇن دەپ قوي تېرى-
لىرى بىلەن يۆگەپ قويسىمۇ كار قىلمىغانلىقىنى كۆردۈم. سو-
غۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن يەرلەر يېرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە يوغان بىر
تۈپ قېرى دەرەخنىڭ يېرىلىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ
كۆردۈم.

## تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا كىرىش

ھىجرىيە 309 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى (مى-
لادىيە 922 - يىلى فېۋرال) دا ھاۋا ئىسسىشقا باشلاپ، جەيھۇن
دەرياسىنىڭ مۇزلىرى ئېرىدى. سەپەرگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى
تەييارلىدۇق. تۈرك تۆگىلىرىنى سېتىۋالدۇق. تۈرك قەبىلىلى-
رىنىڭ يۇرتلىرىدىكى دەريالاردىن ئۆتۈش ئۈچۈن تۆگە تېرىسىدىن
قولۋاقلارنى ياسىدۇق. ئۈچ ئاي يەتكۈدەك نان، تارا (تېرىق)
ۋە سوقۇما گۆش قاتارلىق ئوزۇقىمىزنى تەييارلىدۇق.

ئۇ يەرلىك تونۇشلىرىمىز ئېھتىيات ئۈچۈن ئارتۇق-
راق كىيىم - كېچەك ئېلىۋېلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلدى. ئىشنى
چوڭايتىپ، ئەھۋالنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.
كېيىن ئەمەلىيەتنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، ئەھۋالنىڭ
ئۇلارنىڭ دېگىنىدىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ھەممىمىز-
نىڭ ئۈچىسىدا بىردىن پاختىلىق چاپان، ئۇنىڭ سىرتىدا بىردىن
تون، ئۇنىڭ سىرتىدا بىردىن جۇۋا، ئۇنىڭ سىرتىدا بىردىن
يامغۇرلۇق بار ئىدى. يامغۇرلۇقنىڭ قالپىقى بار ئىدى. قالپاق-

www.uyghurkitap.com

تىن پەقەت كۆزىمىزلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بەدىنىمىزنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا يالاڭ ئىشتان، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەستەرلىك شىم، ئايىغىمىزغا پاقالچىكىمىزگىچە پايتىما ئوراپ مەسە كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈك كىيگەنىدۇق. شۇ قەدەركى، تۆگىگە مىنسەك، كىيىملىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىدىن مىدىرلىيالمايتتۇق.

باغداد (مەدىنەت ئەل سالام) تىن بىز بىللە يولغا چىققان شەرىئەت ئۆلىمالىرى، خەلپەت ۋە باشقا ۋەزىپىدىكىلەر بۇ جايغا كىرىشتىن قورقۇپ، جۇرجانىيىدە قالدى. مەن، ئەلچى، ئەلچىنىڭ باجىسى، ئىككى خىزمەتچى تېگىن بىلەن بارىسلار يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يولغا چىقىدىغان كۈنى ھەمراھلىرىمغا: «بۇرادەرلەر، يېنىڭلاردا بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ ئەلچىسى بار، ھەممە نەرسەڭلارنى بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېنىڭلاردا خەلىپىنىڭ مەكتۇپلىرى بار. شۈبھىسىز، مەكتۇپلاردا ھۆكۈمدارغا 4 مىڭ مۇسەييەبى(39) ئالتۇنى ئەۋەتىلگەنلىكى يېزىلغان. ناتونۇش بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتىسىلەر. سىلەردىن بۇ پۇلنى تارتىۋالماي قويمايدۇ» دېدىم. ئۇلار: «بۇنىڭدىن قورقماڭ، ئۇنداق قىلمايدۇ» دېدى. ئۇلارنى ئەيىبلەپ: «بىلىمەن، ھۆكۈمدار پۇلنى ئالماي قويمايدۇ» دېسەممۇ، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىشمىدى.

كارۋان تەييارلىقى پۈتتى. جۇرجانىيىلىكلەردىن «قىلاۋۇس» دېيىلىدىغان بىر يولباشلىغۇچى ياللىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشىمىزنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ، 309 ـ يىلى زۇلقەدىنىڭ 2 ـ كۈنى (922 ـ يىلى 4 ـ مارت) دۈشەنبە جۇرجانىيىدىن يولغا چىقىپ، زەمجان(40) ناملىق بىر كارۋان سارايغا باردۇق. بۇ يەر «تۈرك دەرۋازىسى» دېگەن يەردە ئىكەن. ئەتىسى ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ گىت(41) دېگەن باشقا بىر يەرگە چۈشتۇق. بۇ يەردە شۇ قەدەر قېلىن قار ياغدىكى تۆگىلەر تىزلىرىغىچە قارغا

چۆكوپ ماڭاتتى. بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، قاقاس ۋە تاغسىز بىر بوز دالادا ھېچكىمنى يولۇقتۇرماي، جاپالىق يۈرۈش بىلەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. بوز دالادا ئون كۈن يول يۈردۇق. بۇ جەرياندا كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارتتۇق. داۋاملىق قار يېغىپ، شۇ قەدەر قاتتىق سوغۇق بولدىكى، خارەزىمنىڭ سوغۇقىنى بۇنىڭ ئالدىدا ياز دېيىشكە بولاتتى. بېشىمىزدىن ئۆتكەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى ئۇنتۇپ، تۈگىشىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدۇق. بىر كۈنى ناھايىتى قاتتىق بىر سوغۇققا دۇچ كەلدۇق. شۇ چاغدا تېگىن مەن بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتى. يېنىدىكى بىر تۈرك ئۇنىڭ بىلەن تۈركچە پاراڭلىشىۋاتاتتى. تېگىن بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى ۋە ماڭا: «بۇ تۈرك رەببىمىز بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغاندۇ. بىزنى سوغۇقتا ئۆلتۈرىدىغان بولدى. ئېھ، نېمە تەلەپ قىلىدىغىنىنى بىلسەك بەجا كەلتۈرسەك دەيدۇ» دېدى. مەن تېگىنگە: «ئۇنىڭغا ئاللا سىلەردىن «لائىلاھە ئىللەللا» دېيىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ دەڭ» دېدىم. تۈرك بۇنىڭغا كۈلۈپ: «بىلسەك ئېيتاتتۇق» دېدى.

يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، «تاغ ئوتۇنى» كۆپ بىر جايغا يېتىپ بېرىپ ئۇ يەردە قوندۇق. كارۋاندىكىلەر ئوت يېقىپ ئىسسىندى ۋە كىيىملىرىنى يېشىپ ئوتقا يېيىپ قۇرۇتتى.

كېيىن بۇ يەردىن يولغا چىقتۇق. ھەر كۈنى يېرىم كېچىدىن بامدات ۋاقتى ياكى پېشىنگە قەدەر مۇشكۈل يۈرۈش قىلىپ، بىر قونالغۇغا يېتىپ باراتتۇق. ئون بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بۇلاقلىرى بار، دەريالىرىدا سۈيى مول چوڭ بىر تاشلىق تاغقا باردۇق.

## ئوغۇزلار(42)

بۇ تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇزلار دېيىلگەن بىر تۈرك

قەبىلىسى بار يەرگە يېتىپ باردۇق. ئۇلار كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇ-رىدىغان كۆچمەن تۈركمەنلەر ئىكەن. يەر - يەردە ئۇلارنىڭ قارا ئۆيلىرى ئۇچرايتتى. ناھايىتى قىيىن شارائىتتا ياشايدىغان بى-رەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىكەن. بىرەر ئىش قىلغاندا ئۆز ئەقىلگە مۇراجىئەت قىلىدىكەن. ھېچقانداق نەرسىگە چوقۇنمايدىكەن. چوڭلىرىنى رەب[43] دەيدىكەن. بىرەيلەن باشلىقىدىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇنىڭغا: «ئەي رەببىم، بۇنى قانداق قىلاي؟» دەيدى-كەن. ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلى-دىكەن. ئەمما، بىر ئىشتا كېلىشىپ، ئۇنى ئىشلەشكە قارار قىلىشسا، ئۇلاردىن ئەڭ تۆۋەن تۇرىدىغان ۋە ئەڭ ئەھمىيەتسىز بولغان بىرى كېلىپ كېلىشىملىرىنى بۇزۇۋېتەلەيدىكەن. ئاللاغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، يۇرتلىرىدىن ئۆتكەن مۇسۇلمانلار-غا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن «لائىلاھە ئىللەللا» دېگەنلەرنى كۆر-دۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى زۇلۇمغا ئۇچرىسا ياكى ياقتۇرمايدى-غان بىر نەرسە كۆرسە، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، «تەڭرى بىر!» دەيدىكەن. بۇ «ئاللا بىر» دېگەن بولىدىكەن. چۈنكى، تۈركچىدە «بىر» ۋاھىد (ئەرەبچە «بىر») دېگەن مەنىنى، «تەڭ-رى» ئاللا دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن. ئۇلار چوڭ - كىچىك تەرەتتىن كېيىن تازىلانمايدىكەن. جۇنۇبلۇق ۋە باشقا جەھەتلەر-دىن يۇيۇنمايدىكەن. بولۇپمۇ قىشتا سۇغا يېقىن يولىمايدى-كەن[44]. ئاياللىرى يەرلىك ۋە يات ئەرلەردىن قاچمايدىكەن. بەدى-نىنىڭ ھېچقانداق يېرىنى ئادەمدىن يوشۇرمايدىكەن[45].

بىر كۈنى بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. ئۇ كىشى ۋە خوتۇنى بىلەن ئولتۇراتتۇق، ئايال بىز بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، كۆز ئالدىمىزدىلا ئەۋرىتىنى ئېچىپ تاتىلاشقا باشلىدى. بىز نو-مۇس قىلغىنىمىزدىن يۈزلىرىمىزنى ئېتىۋېلىپ، «ئەستاغپۇرۇل-لا» (ئاللا ئەپۇ ۋە مەغپىرەت قىلغاي) دېدۇق. ئېرى كۈلۈپ كېتىپ، تەرجىمانغا: «ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭ. بۇ خوتۇن ئۇنى

سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئاچتى. سىلەر ئۇنى كۆرۈپ ئۆزۈڭلارنى تارتتىڭلار. سىلەردىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان كەلمىدى. بۇ ھەرىكەت ئاياللارنىڭ ئۇنى يېپىۋېلىپ، باشقىلارغا رۇخسەت قىلىنىشىدىن ياخشىراق» دېدى.

ئۇلار زىنا دېگەن نەرسىنى بىلمەيدىكەن. بۇنداق گۇناھ قىلىنغان بىرى مەلۇم بولۇپ قالسا، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايدىكەن. يەنى ئۇنى ئىككى دەرەخنىڭ شېخىنى بىر يەرگە قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا باغلاپ، دەرەخ شاخلىرىنى قويۇۋېتىدىكەن. شاخلار ئەسلىي ھالىتىگە قايتىشى بىلەن ھېلىقى ئادەم ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدىكەن.

ئۇلاردىن بىرى: «ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرىڭ» دېدى. ئوقۇپ بەرسەم خۇش بولۇپ كەتتى ۋە تەرجىمانغا قاراپ: «ئۇنىڭغا توختىماي ئوقۇشنى ئېيتىپ قويۇڭ» دېدى. بىر كۈنى بۇ ئادەم تەرجىمان ۋاستىسى بىلەن ماڭا: «بۇ ئەرەبتىن سوراڭ، رەببىمىزنىڭ خوتۇنى بارمۇ؟» دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى چوڭ گۇناھ دەپ قاراپ، توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇدۇم. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش توۋا قىلدى ۋە «ئەستاغپۇرۇللا» دېدى. تۈركلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىكەن. بىر مۇسۇلماننىڭ تەسبىھ ۋە تەھلىل(46) ئېيتقىنىنى بىلسە، ئۇنىڭ دېگىنىنى تەكرارلايدىكەن.

نىكاھلىنىش ئادەتلىرى مۇنداق ئىكەن:

ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىنىڭ قىزىنى، سىڭلىسىنى ياكى ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر ئايالنى خېلى كۆپ خارەزىم رەختى ھېسابىغا ئالىدىكەن. ھەققى ـ مېھرىنى ئىگىسىگە تۆلىگەندىن كېيىن، قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىكەن، ھەققى ـ مېھرى ئۇچۇن كۆپىنچە تۆگە، مال ـ ۋاران ياكى باشقا نەرسىلەر بېرىلىدىكەن. ئىگىسى بىلەن كېلىشكەن ھەققى ـ مېھرىنى تۆلىمەستىن ھېچكىم خوتۇن ئالالمايدىكەن(47) . بۇ پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن، تارتىنماستىن كېلىپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا

ئۇنى ئېلىپ كېتىدىكەن، ئۇلارمۇ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلمايدى-كەن. بىر ئادەم ئۆلۈپ، كەيىندە خوتۇنى ۋە بالىلىرى قالسا، ئۆز ئانىسى بولماسلىق شەرتى بىلەن چوڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنى ئەمرىگە ئالىدىكەن(48).

سودىگەرلەر ۋە باشقا يات ئادەملەر ئۇلارنىڭ يېنىدا جۇنۇب-لۇقتىن يۇيۇنالمايدىكەن. پەقەت كېچىسى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇپ يۇيۇنالايدىكەن. چۇنكى ئۇلار بۇنداق ھەرىكەتتە بولغان بىرىنى كۆرۈپ قالسا ئاچچىقى كېلىدىكەن ۋە «بۇ ئادەم بىزنىڭ كۆزىمىزنى بويىماقچى. چۇنكى سۇغا چۇشۇۋاتىدۇ» دەپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەرىكىتىگە تۆلەم ئالىدىكەن.

ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئوغۇزلار يۇرتىدا ئۆزى مېھمان بولۇپ ئۆيىگە چۈشىدىغان بىر دوست تاپماي ۋە ئىسلام يۇرتلىرى-دىن بۇ دوستىغا بىر قۇر كىيىم، خوتۇنىغا بىرەر ياغلىق، ئازراق قارىمۇچ، تارا، كىشمىش ۋە ياڭاق قاتارلىق سوۋغات ئېلىپ بارماي، ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ئۆتەلمەيدىكەن. مۇسۇلمان تۈرك دوستىنىڭ يېنىغا بۇ شەكىلدە كەلسە، دوستى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئۆي تىكىپ ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا قوي تەقدىم قىلىدىكەن. مۇسۇلمان ئۇنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلايدى-كەن. چۇنكى، تۈركلەر مالنى بوغۇزلىماي، بېشىغا ئۇرۇپ ئۆل-تۈرىدىكەن(49). مېھمان بولغۇچى مۇسۇلمان يولىغا راۋان بولماق-چى بولسا، ئۇلاغلىرىدىن يولغا چىدىمايدىغانلىرى بولسا ياكى بىر نەرسىگە ئېھتىياجى بولسا، يولغا چىدىمايدىغان ئۇلاغلارنى تۈرك دوستىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ، ئۇنىڭ تۆگىلىرى، ئۇلاغلىرى ۋە ماللىرىدىن ئېھتىياجىغا لايىق ئېلىپ يولنى داۋاملاشتۇرىدىكەن ۋە بارغان يېرىدىن قايتقاندا ھېلىقى تۆگە، ئۇلاغ، ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدىكەن.

ناتونۇش بىرى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتىدىن شۇ شەكىلدە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا: «مەن سىزنىڭ مېھمىنىڭىز. تۆگە، ئۇلاغ ۋە

پۇلىڭىزدىن بىر ئاز سورىماقچىدىم» دېسە، ئۇلار ئۇنىڭ سورىغىنىنى بېرىدىكەن. ئەگەر سودىگەر بۇ سەپەر ئۇستىدە ئۆلۈپ، كارۋان كەينىگە قايتسا، تۈرك كارۋاندىكىلەردىن: «مېنىڭ مېھمىنىم قېنى؟» دەپ سورايدىكەن. «ئۇ ئۆلۈپ كەتتى» دېسە، كارۋاننىڭ يۈكلىرىنى چۇشۇرتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق دەپ قارىغان سودىگەرنى چاقىرىپ، يۈكلەرنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېشىپ، ئۆلگەن سودىگەرگە قانچىلىك بەرگەن بولسا، بۇ سودىگەرنىڭ پۇللىرىدىن شۇنچىلىك ئالىدىكەن، قىلچە ئوشۇق ئېلىۋالمايدىكەن. بۇ سودىگەرنىڭ تۆگە، ئۇلاغلىرىدىنمۇ يەنە شۇ شەكىلدە، قانچىلىك بەرگەن بولسا، شۇنچىلىك ئالىدىكەن ۋە بۇ سودىگەرگە: «ئۇ سېنىڭ تاغاڭنىڭ ئوغلى (تۇغقىنىڭ)، ئۇنىڭ قەرزىنى سېنىڭ تۆلىشىڭ ئەڭ مۇۋاپىق» دەيدىكەن. ئۆزىدىن قەرز ئالغان كىشى قېچىپ كەتسىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن. قەرزنى قايتۇرۇپ ئالغۇچى سودىگەرگە: «ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش مۇسۇلمان ئىدى. سەن بۇلارنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋال» دەيدىكەن. ئەگەر كارۋان قايتقىنىدا تۈرك مۇسۇلمان مېھمىنىنى ئۇچراتمىسا، «ئۇ قەيەردە؟» دەپ سورايدىكەن. كەتكەن يېرىدىن خەۋەر تاپسا ئۇنىڭغا بەرگەنلىرىنى ۋە سوۋغات قىلغانلىرىنى قايتۇرۇپ ئالمىغۇچە ئىزدەيدىكەن.

تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مۇنداق ئادەتلىرىمۇ بار ئىكەن:

تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى جۇرجانىيىگە كىرىپ، ئۆزى مېھمان قىلغان مۇسۇلماننىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورايدىكەن. ئۇنى تاپسا تاكى قايتقۇچە ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ ياتىدىكەن. ئۇ مۇسۇلمان دوستىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ ياتقاندا ئۆلۈپ كەتسە، بۇ مۇسۇلمانلار كارۋىنى ئۆلگەن تۈركنىڭ قەبىلىسى بار يەردىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ قەبىلىسى بۇ مۇسۇلمانغا، «سەن ئۇنى قاماپ قويۇپ ئۆلتۈردۈڭ. قاماپ قويمىساڭ ئۇ ئۆلمەيتتى» دەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر مۇسۇلمان بىر

تۈرككە شاراب ئىچكۈزۈپ، نەتىجىدە تۈرك تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا شاراب ئىچكۈزگەن مۇسۇلماننىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمانلار كارۋىنى ئىچىدە بولمىسا، كارۋان-دىكى ئەڭ چوڭىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆلتۈرىدىكەن.

بەچچىۋازلىق(50) ئۇلاردا ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئىكەن. بىر قېتىم تۈرك قەبىلىسى ھۆكۈمدارى (يابغۇ) نىڭ ۋەكىلى قۇز ئەركىنىنىڭ(51) قەبىلىسىگە خارەزىملىك بىرى كېلىپ، قوي سېتىۋېلىش مەقسىتى بىلەن بىر تۈركنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل مېھمان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ تۈركنىڭ تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان بىر ئوغلى بار ئىكەن. خارەزىملىك ھېلىقى بالىنى ئالداپ ئازرۇسىغا كۆندۈرۈشكە تىرىشىپتۇ. بالا ئۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. تۈرك ئۇلارنى زىنا ئۈستىدە تۇتۇۋاپتۇ ۋە بۇ ئىشنى شۇئان قۇز-ئەركىنگە يەتكۈزۈپتىكەن. قۇزئەركىن ئۇنىڭغا: «تۈركلەرنى توپلا» دەپتۇ. ئۇ توپلاپتۇ. تۈركلەر توپلانغاندا قۇزئەركىن بالىنىڭ دادىسىدىن: «توغرا قارار قىلىشىمنى خالامسەن ياكى خاتا (ساختا) قارار قىلىشىمنىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. تۈرك: «توغرا قارار قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپتۇ. قۇزئەركىن: «ئۇنداق بولسا ئوغلۇڭنى ئېلىپ كەل» دەپتۇ. ئۇ ئوغلىنى ئېلىپ كەپتۇ. قۇزئەركىن: «ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك!» دەپتۇ. تۈرك ئۇنىڭغا رازى بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇزئەركىن: «سودىگەر فىدىيە — جان ئۈچۈن بېرىلىدىغان باج — بېرىپ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ» دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ. سودىگەر تۈركنىڭ ئوغلىغا قىلغان ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر مىقدار، قۇزئەركىنگە 400 قوي بەرگەندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ يۇرتىدىن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ.

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ۋە باشلىقلىرى ئارىسىدا دەسلەپ كۆرگىنىمىز كىچىك يىنال(52) (يىنال ئەل سەغىر) ئىدى. ئۇلار خېلى بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپتىكەن. لېكىن، قەبىلىسى

«مۇسۇلمان بولساڭ، بىزگە باشلىق بولالمايسەن» دېگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ بار يېرىگە بارغىنىمىزدا: «سىلەرنىڭ ئۆتۈشۈڭلارغا رۇخسەت قىلمايمەن. چۈنكى بىز ھېچقاچان بۇنداق بىر ئىشتىن خەۋەر تاپمىدۇق ۋە بۇنداق بولۇشىنىمۇ ئويلاپ باقمىغان» دېدى. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئون دىرھەم قىممىتىدىكى بىر جۇرجان تونى، بىر كىيىملىك پاي — باف ماتىرى(53) بىر قانچە نان، بىر چاڭگال كىشمىش، يۈز دانە ياڭاق(54) بېرىپ ئۇنى رازى قىلدۇق. بۇلارنى بەرگىنىمىزدە بىزگە سەجدە قىلدى(55).

تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مۇنداق ئادىتىمۇ بار ئىكەن:

بىر ئادەم باشقىلارغا ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق كۆرگۈچى ياخشىلىق قىلغۇچىغا سەجدە قىلىدىكەن. يىنال بۇ ئىكرامىمىزغا جاۋابەن: «ئۆيىمىز يىراقتا بولمىغان بولسا، سىلەرگە قوي ۋە سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كېلەتتىم» دېدى ۋە يېنىمىزدىن ئايرىلدى. بىزمۇ يولىمىزغا رۋان، بولدۇق. ئەتىسى يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇستىۋېشى ۋەيرانە، مەينەت ۋە نىيىتى يامان، سەت بىر تۈرك ئالدىمىزغا يولۇقتى. قاتتىق يامغۇردا قالغاندۇق. بۇ ئادەم: «توختاڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۈچ مىڭچە چارۋا مال، بەش مىڭچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان چوڭ كارۋان توختىدى. كېيىن ئۇ: «ھېچقايسىڭلار ئۆتەلمەيسىلەر» دېدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن توختاپ: «بىز قۇزئەركىنىنىڭ دوستلىرى بولىمىز» دېدۇق. ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە: «قۇزئەركىن دېگىنىڭ كىم؟ مەن ئۇنىڭ ساقىلىغا سىيىمەن!» دېدى. كېيىن خارەزىم تىلى بىلەن «پەكەند!» (نان) دېگەنىدى. ئۇنىڭغا بىر قانچە نان بەردىم. ئۇلارنى ئېلىپ: «ئەمدى مېڭىڭلار، سىلەرگە رەھىم قىلدىم» دېدى.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

ئوغۇزلاردىن بىرى كېسەل بولسا، ئۇنىڭ قول ـ چاكارلىرى

خىزمىتىنى قىلىدىكەن. ئۆيىدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيدىكەن. چېدىر ئۆيلىرىدىن يىراقتا بىر ئۆي تىكىپ، كېسەل ئۆلگۈچە ياكى ساقايغۇچە ئۇنى شۇ ئۆيدە ياتقۇزىدىكەن. ئەگەر ئۇ كەمبەغەل ياكى قۇل بولسا، ئۇنى چۆلگە ئاپىرىپ تاشلايدىكەن(56).

ئۇلاردىن بىرى ئۆلسە، ئۆيدەك بىر ئورا كولاپ، مېيىتقا كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، بەلتاسما ۋە ئوقيالىرىنى ئېسىپ، قولىغا شاراب قۇيۇلغان بىر ياغاچ چۆچەك تۇتقۇزۇپ، ئالدىغا شاراب تولدۇرۇلغان بىر ياغاچ كۈپ قويىدىكەن. ئاندىن پۈتۈن شەخسىي ئەشيالىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ ئورىغا قويىدىكەن. ئاندىن كېيىن ئۆلۈكنى ئورىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئورىنىڭ ئۈستىنى ياپىدىكەن. قەبرىنىڭ ئۈستىگە لاي بىلەن گۈمبەزدەك بىر دۆڭ ياسايدىكەن(57). ئاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ مېلىنىڭ سانىغا قاراپ بىردىن يۈز ياكى ئىككى يۈزگە قەدەرنى قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەيدىكەن. باش - شىراق ۋە قۇيرۇقلىرىنى بىر تەرەپكە ئايرىپ، ئۇلارنى قەبرىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويىدىكەن. بۇلارنى «ئۆلۈك جەننەتكە كىرگەندە مىنىدىغان ئۇلاغ» دەيدىكەن. ئەگەر ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئادەم ئۆلتۈرگەن قەھرىمان بولسا، ياغاچتىن ئۆلتۈرگەن ئادىمىنىڭ سانىچىلىك سۈرەت ئويدۇرۇپ، قەبرىنىڭ ئۈستىگە تىكىدىكەن. بۇلارنى ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى، جەننەتتە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ، دەيدىكەن(58).

بەزىدە مال قۇربانلىق قىلىشنى بىر - ئىككى كۈن كېچىكتۈرىدىكەن. بۇ چاغدا ئۆز ئېچىدىكى چوڭلاردىن ياشانغان بىر كىشى (شامان) ئۇلارغا: «ئۆلۈكنى چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇ ماڭا: قارا، بۇرادەرلىرىم مەندىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئاياغلىرىم يارا بولدى. ئۇلارغا يېتىشەلمەيۋاتىمەن. يالغۇز قالدىم، دېدى» دەپ قۇربانلىقنى تېز قىلىشقا تەشۋىق قىلىدى-

كەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ماللىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر
قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ قەبرىنىڭ يېنىغا ئاسىدىكەن.. بىر ـ ئىككى
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ياشانغان كىشى قايتا ئۇلارغا كېلىپ:
«ئۆلۈكنى چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇ ماڭا، ئائىلەمگە ۋە بۇرادەرلە-
رىمگە خەۋەر بەر. مەندىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە يېتىشتىم، ھاردۇ-
قۇم چىقتى، دېدى» دەيكەن (59) .

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

پۈتۈن تۈركلەر ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ بۇرۇت قويىدىكەن،
بەزىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساقىلىنى چۈشۈرۈپ ئېڭىكىنىڭ ئاستى-
دا بىرنەچچە تال ساقالنى قويۇپ قويغان، دۈمبىسىگە تېرە ئارتى-
ۋالىدىغان بىر ياشانغان ئادەمنى ئۇچرىتاتتۇق. ئۇنى يىراقتىن
قارىغاندا ئۆچكە دەپ قالاتتۇق.

ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمدارىنى يابغۇ(60) دەيدىكەن. بۇ
سۆز ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، بۇ قەبىلىگە ھۆكۈمدار بولغان
ھەرقانداق كىشى مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ ۋەكى-
لىنى بولسا «قۇزئەركىن» دەيدىكەن، بىر باشلىقنىڭ ۋەكىلى
بولغان كىشىنىمۇ قۇزئەركىن دەيدىكەن.

بۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قەبىلە قوماندانى
(سۇ باشى) نىڭ(61) يېنىغا باردۇق. ئۇنى ئەل.قاتاغان ئوغلى
ئەتراق دەيدىكەن. ئەتراق بىزگە تۈرك چېدىرلىرى (62)
تىكتۈرۈپ، بىزنى بۇ ئۆيلەردە مېھمان قىلدى. ئۇنىڭ كاتتا
ئائىلىسى، قول ئاستىدا نۇرغۇن ئادەملىرى ۋە ناھايىتى كۆپ
ئۆيلىرى بار ئىكەن. سويۇشىمىز ئۈچۈن قوي، مىنىشىمىز ئۈ-
چۈن ئۇلاغ كەلتۈردى. ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم
تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ قوي سويدۇردى. ئۇنىڭغا
كىيىم ـ كېچەك، كىشمىش، ياڭاق، قارىمۇچ، تارا قاتارلىق
سوۋغا ـ سالاملارنى بەردۇق. خوتۇنىنى كۆردۇم. بۇرۇن دادىسى-
نىڭ خوتۇنى ئىكەن. بۇ ئايال ئازراق گۆش، سۈت ۋە ئەتراققا

بەرگەن ھەدىيىلىرىمىزدىن بىرقىسمىنى ئېلىپ چېدىرى بار يەردىن چىقىپ دالىغا كەتتى. ئۇ يەردە بىر ئورا كولاپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى بۇ ئورىغا كۆمدى. ئاندىن بىر نېمىلەرنى دېدى. تەرجىماندىن: «نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورىدىم. تەرجىمان: «بۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەتراقىنىڭ دادىسى ئەل قاتاغانغا سۇنغان سوۋغىتى دەيدۇ» دېدى. كەچ كىرگەندە تەرجىمان بىللە ئەتراقنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ گۇمبەزلىك چېدىردا ئولتۇراتتى. يېنىدا نەزىر ئەل ھەرەمنىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپى بار ئىدى. نەزىر بۇ مەكتۇپىدا ئۇنى مۇسۇلمانلىققا دالالەت قىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭغا ئىچىدە مۇسەييەبى ئالتۇنلىرىمۇ بولغان 50 ئالتۇن بىلەن ئۈچ مىسقال ئىپار، يۇمشاق ئەيلەنگەن تېرىلەر، ئۆزگە ئىككى تونلۇق مەرۋ رەختلىرى، ئەيلىگەن تېرىدىن تىكىلگەن بىر جۈپ ئاياغ كىيىم، گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن بىر قۇر كۆڭلەك ۋە بەش قۇر يىپەك كىيىم ئەۋەتكەنىدى. بۇ سوۋغاتلارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بەردۇق. خوتۇنىغىمۇ بىر ياغلىق بىلەن بىر ئۈزۈك ھەدىيە قىلدۇق. ئاندىن كېيىن مەكتۇپنى ئوقۇپ بەردىم. ئۇ تەرجىمانغا: «سىلەر قايتقۇچە بىرنېمە دېيەلمەيمەن. نېمە قارارغا كەلگەنلىكىمنى سۇلتانغا يازىمەن» دېدى ۋە بىز سوۋغات قىلغان خىلئەت (شەرەپ تونى) نى كىيىش ئۈچۈن ئۇچىسىدىكى گۈللۈك يىپەك رەختتىن تىكىلگەن تونىنى يەشتى. بۇ توننىڭ ئىچىدىكى جەندە (قۇراق) چاپاننىڭ كىرلىشىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ئۇچىسىغا كىيگەن ئىچ كىيىملىرىنى جۇل - جۇل بولۇپ تۆكۈلۈپ كەتمىگۈچە يەشمەيدىكەن(63). ئەتراق ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىردۇرۇپ، ھەيۋەنسىز ئادەم قىياپىتىگە كىرگەنىدى. تۈركلەر ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئاتلىق ئەسكەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىشاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئېتىغا مىنىپ بىز بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا بېشىمىزدىن بىر ئۆردەك ئۇچۇپ

ئۆتتى. ئەتراق دەرھال يايىنى بەتلەپ، ئېتىنى ئۇنىڭغا قاراپ قامچىلىدى، كېيىن بوينى ئېتىپ چۇشۇرۇۋالدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن قوماندانلارنى چاقىرتتى. ئۇلار تارخان، يىنال ۋە بۇلارنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىلغۇزلار ئىدى. تارخان بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئىلغار ئادەم بولۇپ، توكۇر، ئەما ۋە چولاق بىر كىشى ئىدى. ئەتراق ئۇلارغا: «بۇلار ئەرەب ھۆكۈمدارى تۇغقىنىم(64) ئەلمۇش ئىبىن شىلكىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر. بۇلارنى سىلەرگە تونۇشتۇرماستىن قويۇۋېتىشنى خالىمىدىم» دېدى. تارخان(65): «بۇ بىز كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بىر ئىش. ئەزەلدىن بۇ يەردىن ھېچبىر ھۆكۈمدارنىڭ ئەلچىسى ئۆتمىگەن. ئويلايمەنكى، سۇلتان بىر ھىيلە بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بۇلارنى ھازارلارغا ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپ، يېنىدىكى نەرسىلىرى ۋە ماللىرىنى تارتىۋالايلى» دېدى. يەنە بىرى: «ياق، يېنىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇلارنى قىپيالىڭاچلاپ، كەلگەن يېرىگە ھەيدىۋېتەيلى» دېدى. يەنە بىرى بولسا: «ياق، بىزنىڭ ھازار ھۆكۈمدارى ئالدىدا ئەسىر چۈشكەن ئادەملىرىمىز بار. بۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئادەملىرىمىزگە ئالماشتۇرايلى» دېدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن يەتتە كۈن تالاش - تارتىش قىلىشتى. بىز بولساق قورققىنىمىزدىن ئۆلگۈدەك بولدۇق. ئاخىرى ئۇلار بىزنى قويۇۋېتىپ، ئۆتۈشىمىزگە رۇخسەت قىلىش قارارىغا كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن تارخانغا بىر مەرۋ تونى، ئىككى كىيىملىك پاي - باف ماتىرى، ئادەملىرىگە بىردىن ئىچ كىيىم سوۋغا قىلدۇق. يىنالغىمۇ تارخانغا بەرگەن سوۋغاتلارغا ئوخشاش بەردۇق. بۇنىڭدىن باشقا، قارىمۇچ، تارا، بىرنەچچە نان بەرگىنىمىزدىن كېيىن ئۇلار ئاستاغىنا كېتىشتى.

بۇ يەردىن مېڭىپ ياغىندى دەرياسىغا باردۇق. كارۋاندىكى-

لەر تۆگە تېرىسىدىن ياسالغان كەلەك (66) لىرنى چىقىرىپ ئاچ-
تى. تۇرك تۆگىلىرىنىڭ ئۇستىدىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئې-
لىپ، كەلەكلەر ئېچىلسۇن دەپ ئىچىگە تولدۇردى. كېيىن
كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا نەرسىلىرىنىمۇ بۇنىڭغا سالدى. ئاندىن
ھەر كەلەكنىڭ ئۇستىگە تۆت، بەش، ئالتە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاز
ياكى كۆپ ئادەم ئولتۇرۇشتى. قوللىرىغا قېيىن ياغىچى (67)
ئېلىپ، بۇلارنى كۇرەك قىلدى. كۇرەكنى توختىماي ئۇرۇپ
بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ دەريادىن ئۆتتۇق. تۆگىلەر ۋە ئۇلاغلار-
غا چۇقان سېلىپ، ئۇلارنىمۇ دەريادىن ئۇزدۇرۇپ ئۆتكۇزۇشتى.
كارۋان دەريادىن ئۆتۇشتە باشقىرتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قورققاچقا،
ئالدى بىلەن قوراللىق جەڭچىلەرنىڭ يول باشلاپ بېرىشىگە توغرا
كېلەتتى. ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى.

ياغىندى دەرياسىدىن مانا شۇنداق ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە
كەلەكلەر بىلەن جام (ئەمبا)، جاھىش (ساگىز)، ئۇزىل (ئو-
يىل)، ئەردەن (زاگىسباي)، ۋارىش (ۋاخىش)، ئاختى (چوڭ
ئانقاتى)، ۋابنا (كىچىك ئانقاتى) دەريالىدىن نۆۋەتى بىلەن ئۆت-
تۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ دەريالار ئىكەن.

## پەچەنەكلەر (68)

شۇنىڭدىن كېيىن پەچەنەكلەرنىڭ يۇرتىغا باردۇق. بۇلار
دېڭىزغا ئوخشاش ئاقمايدىغان بىر سۇنىڭ (چوڭ بىر كۆلنىڭ)
بويىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى قارا
ئىكەن. ھەممەيلەن ساقاللىرىنى چۇشۇرۇۋېتىدىكەن. ئوغۇزلار-
نىڭ ئەكسىچە، بەك نامرات ئىكەن. چۇنكى، ئوغۇزلار ئىچىدە
ئون مىڭ تۇياق چارۋا مال، يۇز مىڭ تۇياق قويى بار ئادەملەرنى
كۆرگەنىدىم. قويلار قار ئارىسىدىن تاتىلاشتۇرۇپ، قۇرۇق چۆپ
تېپىپ يەيدىكەن. ئۇنىمۇ تاپالمىسا قار يەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ

سېمىز كېلىدىكەن. يازغا چىقىپ كۆك ئوتتا ئوتلىغاندا ئورۇقلاي-
دىكەن.

پەچەنەكلەرنىڭ يېنىدا بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن يولىمىزغا راۋان بولۇپ، جايىق (يېيىق — ئۇرال) دەرياسىغا[69] باردۇق. بۇ هازىرغا قەدەر كۆرگەن ئەڭ چوڭ، سۈيى ئەڭ كۆپ، ئەڭ تېز ئاقىدىغان دەريا ئىدى. بۇ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر كەلەكنىڭ دۈم بولۇپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ دەرياغا چۆكۈپ كەتكەنلىكى، كۆپ ئادەمنىڭ هالاك بولغانلىقى، بەزى تۆگىلەر ۋە ماللارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم. دەريادىن ناهايىتى تەسلىكتە ئۆتتۇق. بىرنەچچە كۈن مېڭىپ، جاها (جاغان)، ئەرخاز (ئىرگىز - تالۋۇقا)، باجاغ (matehka)، سامۇر (سامارا)، قىنال (قىنەل)، سۈخ (سوك)، قونجولۇ (kundurtcka) دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، تۈركلەردىن بولغان باشقىرتلارنىڭ يۇرتىغا بېرىپ توختىدۇق.

## باشقىرتلار[70]

باشقىرتلاردىن ناهايىتى قورققانىدۇق. چۈنكى ئۇلار تۈركلەرنىڭ ئەڭ زىيانكەش، ئۇرۇشقاق ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئەڭ ئامراقلىرىدىن ئىدى. ئۇلاردىن بىرى بىرەر ئادەمنى ئۇچراتسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، تېنىنى تاشلاپ، بېشىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇلار ساقاللىرىنى چۈشۈرىدىكەن ۋە پىتلارنى يەيدىكەن. ئىچ كىيىملىرىنىڭ چاكلىرىنى ئاختۇرۇپ تاپقان پىتلارنى چايناپ يەيدىكەن. يېنىمىزدا ئۇلاردىن بىزگە خىزمەت قىلىدىغان، مۇسۇلمان بولغان بىرى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆڭلىكىدىن بىر پىت ئېلىپ، تىرناقلىرى بىلەن ئېزىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرنىقىنى يالىغانلىقىنى كۆردۈم. مېنىڭ قارىغىنىمنى كۆرۈپ، «بەك تاتلىق» دېدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياغاچنى زەكەر شەكلىدە ياساپ بوينىغا ئېسىۋالىدىكەن. سەپەرگە چىقىدىغان ياكى بىرەر دۈشمەنگە ئۇچراپ قالىدىغان بولسا ئۇنى سۆيىدىكەن ۋە ئالدىغا يىقىلىپ سەجدە قىلىپ: «ئەي رەببىم! ماڭا مۇنداق، مۇنداق ئىشلار قىلىپ بەر» دەيدىكەن. تەرجىمانغا: «ئۇلارنىڭ بىرىدىن سوراپ باق، بۇ ھەقتە قانداق دەلىللىرى بار؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى (جىنسىي ئەزاسىنى ياراتقۇچى دەپ تونۇيدۇ؟» دېدىم. سورالغان كىشى جاۋابەن: «چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىدىن چىقتىم. ئۇنىڭدىن باشقا مېنى ياراتقان نەرسىنى بىلمەيمەن» دېدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرى ئون ئىككى ئىلاھى بارلىقىنى، قىش، ياز، يامغۇر، شامال، دەرەخ، ئادەم، ھايۋان، سۇ، كېچە، كۈندۈز، ئۆلۈم، ھايات ۋە يەر - زېمىنلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىلاھلىرى بارلىقىنى ئېيتىشتى. كۆكتىكى ئىلاھ بولسا ھەممىسىنىڭ چوڭى. بىراق، ئۇ باشقىلىرى بىلەن كېلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ماقۇل بولىدۇ. «ئاللا كۇپارلارنىڭ دېگىنىدىن پۈتۈنلەي باشقا» دەپ قارايدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىلانغا، بېلىققا چوقۇنىدىغانلارنى كۆردۇق. بىر قىسمى تۇرنىغا چوقۇنىدىكەن. ماڭا چۈشەندۈرۈشىچە، تۇرنىغا چوقۇنغانلار بىر كۈنى بىر دۈشمەن قەبىلە بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا دۈشمەنلىرىنىڭ كەينىدە تۇرنىلار غاقىلداشقا باشلاپتۇ. ئۇلار قورقۇشۇپ، غالىب تۇرۇقلۇق قېچىپ مەغلۇپ بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تۇرنىلارغا ئىبادەت قىلىشقا باشلاپتۇ، «بۇلار بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز. بۇلار بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنى مەغلۇپ قىلدى» دەپتۇ. ئۇلارنىڭ تۇرنىغا چوقۇنۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن.

ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن قوزغالغاندىن كېيىن، جىرمسان، ئۇران، ئۇرەم، بەيناخ (ماينا)، ۋاتىغ (ئۇتقا)، نىياسنا، جاۋشىز

( ئاگتاي ) دەريالىرىدىن ئۆتتۇق. بۇ دەريالار ئارىسىدا ئىككى، ئۈچ ۋە تۆت كۈنلۈك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ياكى كۆپ مۇساپە بار ئىكەن.

## بۇلغارلار(71)

بىز ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن كېتىۋاتقان بۇلغار ھۆكۈمدا-رىنىڭ مەملىكىتىگە بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئارىلىق قالغاندا، ھۆكۈمدار بىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى تۆت بەگنى(72)، قېرىنداشلىرىنى ۋە بالىلىرىنى ئالدىمىزغا ئەۋەتكەندى-كەن، ئۇلار نان، گۆش ۋە تارا ( تېرىق )(73) ئېلىپ كېلىپ بىزنى كۈتۈۋالدى ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭدى. ھۆكۈمدار بار يەرگە ئىككى فەرساخ ( 10 كىلومېتىر ) ئارىلىق قالغاندا، ھۆكۈمدار ئۆزى چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ، «ئاللاغا شۈكۈر» دەپ يەرگە باش قويۇپ سەجدە قىلدى ۋە يېنىدىكىلەر ئۈچىدا تۇتۇۋال-غان كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئۈستىمىزگە چاچتى.(74) ھەمدە بىزگە مەخسۇس گۈمبەزلىك چېدىرلار قۇردۇرۇپ، شۇ چېدىرلارغا ئو-رۇنلاشتۇردى.

ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىغا ھىجرىيە 310 ـ يىلى مۇھەررەم-نىڭ 12 ـ كۈنى ( مىلادىيە 922 ـ يىلى 12 ـ ماي ) يەكشەنبە كۈنى باردۇق. جۇرجانىيەدىن ئۇنىڭ مەملىكىتىگە يەتمىش كۈن-لۈك مۇساپىنى بېسىپ كەلگەنىدۇق. يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەي-شەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى چېدىرلاردا بولدۇق. خەلىپىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇماقچى بولغىنىمىزدا، ھۆكۈمدار بەگلىرى، قو-ماندانلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى ھازىر قىلدى. پەيشەنبە كۈنى ھەممەيلەن يىغىلغاندا، ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن ئىككى تۇغنى ئاچتۇق. خەلىپە بىزدىن يوللىغان ئېگەر بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ ئېتىنى ئېگەرلىدۇق. ئۆزىگە قارا خىلئەت (تون) ۋە سەللە

كېيدۇردۇق(75) . ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىنىڭ مەكتۇپىنى چە-
قاردىم ۋە هۆكۈمدارغا: «خەلىپىنىڭ مەكتۇپى ئوقۇلغاندا ئولتۇ-
رۇشىمىز توغرا بولماس» دېدىم. بۇنىڭ بىلەن هۆكۈمدار ئۆزى
ۋە كاتتىۋاشلىرى ئورنىدىن تۇرۇشتى. هۆكۈمدار ناهايىتى شى-
مىز ۋە قورساقلىق ئادەم ئىدى.

مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدىم. كىرىش قىسمىنى ئوقۇپ: «ئۆزلىرىگە سالاملىرىم يېتىپ مەلۇم بولغاي. ئۆزلىرى بىلەن بىللە، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان ئاللاغا شۈكۈرلەر بولغاي» دېگەن جۈملىگە كەلگەندە، «ئەمىر ئەل مۆئمىنىنىنىڭ سالامىنى قوبۇل قىلغايلا» دېدىم. ئۇ ۋە يېنىدىكىلەر بىرلىكتە سالامنى قوبۇل قىلىشتى. مەن مەكتۇپنى ئوقۇدۇم، تەرجىمان جۈملىمۇ جۈملە تەرجىمە قىلدى. مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولغاندا، ئۇ يەردە هازىر بولغانلار بىر ئېغىزدىن تەكبىر ئېيتىپ، يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشتى.

كېيىن، هۆكۈمدار ئۆرە تۇرغاندا، ۋەزىر هەمىد بىن ئەل ئاباس(76) نىڭ مەكتۇپىنىمۇ ئوقۇدۇم. ئاندىن كۆپچىلىكنى ئول-تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم. نەزىر ئەل هەرەمىنىڭ مەكتۇبى ئوقۇ-لۇۋاتقاندا، كۆپچىلىك ئولتۇرۇشتى. بۇ مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولغان-دا، هۆكۈمدارنىڭ ئادەملىرى هۆكۈمدارنىڭ ئۈستىۋېشىغا كۆپ مىقداردا كۈمۈش تەڭگە چېچىشتى. ئاندىن كېيىن، هۆكۈمدارغا ۋە خوتۇنىغا ئېلىپ كەلگەن ئىپار ـ زەپەر، كىيىم ـ كېچەك، ئۈنچە ـ مەرۋايىتقا ئوخشاش قىممەتلىك سوۋغاتلارنى چىقىرىپ، بىر ـ بىردىن ئۇنىڭغا ۋە خوتۇنىغا تەقدىم قىلدىم. بۇ ئىشنىمۇ پۈتتۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا هۆكۈمدارنىڭ خوتۇنىغا خىل-ئەت كىيگۈزدۈم. خاتۇن(77) هۆكۈمدارنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن. خاتۇنغا خىلئەت كىيگۈزگەندە، ئاياللار ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىغا كۈمۈش تەڭگىلەرنى چاچتى. ئاندىن بىز چې-دىرلىرىمىزغا قايتتۇق.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمدار ئادەم ئەۋەتىپ
بىزنى چاقىرتتى. ھۇزۇرىغا كىردۇق. ئۇ گۈمبەزلىك چېدىردا
ئىكەن. باللىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئۆزى تەنھا،
رۇمنىڭ يىپەك رەختى بىلەن بېزەلگەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ھەممەيلەن كېلىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىشقا
بۇيرۇدى. كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغان گۆش يۆگەلگەن داستىخان
ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ھۆكۈمدار قولىغا پىچاقنى ئېلىپ، بىر توغرام كېسىپ ئاغزىغا سالدى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى توغرامچىنىمۇ يەنە شۇنداق قىلدى. كېيىن بىر پارچە كېسىپ
سەۋسەنگە بەردى. سەۋسەن ئۇنى ئالغاندا، ئالدىغا كىچىك بىر
داستىخان سېلىندى. ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ھۆكۈمدار ئۇلارغا
بىر توغرامچە بەرمىگۈچە، ھېچكىم تاماققا قولىنى ئۇزاتمايدىكەن. ھۆكۈمدار بەرگەن توغرامچىنى ئالغۇچىغا بىر داستىخان
كېلىدىكەن[78]. كېيىن ماڭا بىر توغرام سۇندى، ماڭىمۇ بىر
داستىخان كەلدى. يەنە بىر توغرام كېسىپ ئوڭ يېنىدىكى بەگكە
بەردى، ئۇنىڭغىمۇ بىر داستىخان كەلدى. شۇ شەكىلدە ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەگلەرگىمۇ بىردىن داستىخان كەلدى.
كېيىن باللىرىغا بىرەر پارچىدىن بەردى. ئۇلارغىمۇ داستىخانلار
كەلدى. ھەممەيلەن ئۆز داستىخىنىدىن يەيدىكەن. باشقىلارنىڭ
داستىخىنىغا قول ئۇزاتمايدىكەن ۋە تامىقىنى يەپ بولۇپ، داستىخىنىدا ئېشىپ قالغىنىنى ئۆز ئۆيىگە (چېدىرىغا) ئېلىپ كېتىدىكەن.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمدار بىر كېچە ـ
كۈندۈز ئىلگىرى تەييارلانغان بال شەربىتىنى كەلتۈردى. ئۇلار
بۇنى «سۇجۇۋ»[79] دەيدىكەن. ئۇنى بىرەر قەدەھتىن ئىچتۇق.
ئاخىرىدا ھۆكۈمدار ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئاللا تائالا ئەمىر ئەل
مۆئمىنىنگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي، بۇ ئۇنىڭغا بولغان مەمنۇنىيىتىمنىڭ نىشانىسىدۇر» دېدى. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇشى بىلەن

ئوڭ يېنىدىكى تۆت بەگ ۋە باللىرىمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ھۆكۈمدار بۇ ھەرىكەتنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۇزۇرىدىن چىقتۇق.

مەن كېلىشتىن ئىلگىرى، ھۆكۈمدارنىڭ مەسچىتىنىڭ مۇنبىرىدە ئۇنىڭ نامىغا، «ئەي ئاللا، بۇلغارلارنىڭ ھۆكۈمدارى يىلتىۋارغا ياخشىلىق ئەيلە» دېگەن مەزمۇندا خۇتبە ئوقۇلىدىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «ھۆكۈمدار پەقەتلا ئاللادۇر. مۇنبەردە ئاللادىن باشقىسى بۇ نام بىلەن ياد ئېتىلمەيدۇ. ئەمىر ئەل مۆئمىنىن جانابلىرىمۇ مەشرىق ۋە مەغرىبتىكى مۇنبەرلەردە ئۆزىگە، ‹ئەي ئاللاھىم! قۇلۇڭ ۋە خەلىپەڭ ئەمىر ئەل مۆئمىنىن جافەر ئەل ئىمام ئەل مۇقتەدىر بىن ئابدۇللاغا ياخشىلىق ئەيلە›، دېيىلىش بىلەن قانائەتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى خەلىپە ئاتىلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنەتتى. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز بولسا، ‹مېنى خرىستىئانلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىيسانى مەدھىيىلىگىنىدەك ھەددىدىن زىيادە مەدھىيىلىمەڭلار، مەن پەقەت بىر بەندە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللانىڭ قۇلى ۋە رەسۇلى دەڭلار، دېگەن› دېدىم.

بۇنىڭ بىلەن ئۇ: «مېنىڭ نامىمغا قانداق خۇتبە ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ؟» دېدى. مەن: «ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئاتىلىرىنىڭ نامى بىلەن» دېدىم. ھۆكۈمدار: ئاتام كۇپار ئىدى. مۇنبەردە ئۇنىڭ نامىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىنى خالىمايمەن. مېنىڭ ئىسمىمنى بىر كۇپار قويغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ نامىمنىڭمۇ خۇتبەدە تىلغا ئېلىنىشىنى ئارزۇ قىلمايمەن. تەقسىر، ئەمىر ئەل مۆئمىنىننىڭ ئىسمى نېمە بولغاي؟» دېدى. مەن: «جافەر» دېدىم. ھۆكۈمدار: «مېنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى قوبۇل قىلىشىم توغرا بولارمۇ؟» دېدى. مەن: «شۇنداق، بولىدۇ» دېدىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئۆز ئىسمىمنى جافەر، ئاتامنىڭ ئىسمىنى ئابدۇللاغا ئالماشتۇردۇم» دېدى ۋە خاتىپقا خۇتبىنى بۇ ئىسىم بىلەن ئوقۇشنى ئەمر قىلدى، ئۇمۇ بۇ ئەمرنى ئورۇندىدى. شۇنىڭدىن كېيىن

خۇتبە ئۇنىڭ نامىغا، «ئەي ئاللا! ئەمىر ئەل مۆئمىنىنىنىڭ
مەۋلاسى (ۋەلىسى) ۋە قۇلۇڭ بۇلغار ھۆكۈمدارى جافەر بىن
ئابدۇللاغا ياخشىلىق ئەيلە» دېگەن مەزمۇندا ئوقۇلىدىغان بولدى.
مەكتۇپ ئوقۇلۇپ، سوۋغاتلار بېرىلىپ ئۈچ كۈندىن كې-
يىن، ھۆكۈمدار ئادەم ئەۋەتىپ مېنى ھوزۇرىغا چاقىرتتى. ئۇ
خەلىپە ئەۋەتكەن تۆت مىڭ ئالتۇن مەسىلىسى ۋە بۇلارنىڭ كېچە-
كىشىگە سەۋەب بولغان خىرىستىئان ئەل فازىل بىن مۇسانىڭ
قىلغان ھىيلىسىنى ئۇققانىدى. چۈنكى، مەكتۇپتا ئالتۇنلار توغ-
رىسىدا ئېيتىلغانىدى. ھوزۇرىغا كىرگىنىمدە، ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى. ئولتۇردۇم. ئۇ خەلىپىنىڭ مەكتۇپىنى ئالدىمغا
تاشلاپ: «بۇ مەكتۇپنى كىم ئېلىپ كەلدى؟» دېدى. «مەن»
دېدىم. ئاندىن ۋەزىر ئەۋەتكەن خەتنى تاشلاپ، «بۇنىچۇ؟» دېدى.
يەنە «مەن» دېدىم. «ھەر ئىككى مەكتۇپتا دېيىلگەن پۇللار
قېنى» دېدى. مەن: «بىز بىللە يېتىپ كېلەلمىدى.
ۋاقىت زىق بولغانلىقتىن بۇ يەرگە كېلىش پۇرسىتىنى قولدىن
بېرىپ قويىمىز دەپ، كەينىمىزدىن يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن تاش-
لاپ كەلدۇق» دېدىم. ھۆكۈمدار: «سىلەر ھەممىڭلار بىللە
كەلدىڭلار. مېنى ئاسارەت ئاستىغا ئالماقچى (قۇل قىلماقچى)
بولغان يەھۇدىيلەردىن قوغدايدىغان بىر قورغان(80) ياساشقا سەرپ
قىلىنىدىغان بۇ پۇلنى ئېلىپ كېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە شۇنچە
چىقىم قىلدىم. سوۋغاتنى بولسا مەن ئەۋەتكەن ئەلچىمۇ ئېلىپ
كېلەلەيتتى» دېدى. مەن: «شۇنداق، توغرا، بىز قولىمىزدىن
كەلگەننى قىلدۇق. ئامال قانچە، ئەھۋال شۇنداق بولۇپ قالدى»
دېدىم. بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇ تەرجىمانىغا: «ئۇنىڭغا ئېيتقىن، مەن
پەقەت سېنىلا تونۇيمەن، بۇلارنى تونۇمايمەن. چۈنكى بۇلار بى-
لىمسىز كىشىلەر. ئەگەر ۋەزىر سەن قىلغان ئىشنى ئۇلارنىڭ
قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنسە ئىدى، ھوقۇقۇمغا بويسۇنۇشۇڭ ۋە ماڭا
مەكتۇپنى ئوقۇپ بېرىپ جاۋابىنى ئېلىشىڭ ئۈچۈن سېنى بۇياق-

لارغا ئەۋەتمىگەن بولاتتى. سەندىن باشقىسىدىن بىر نەرسەممۇ ئالمايمەن. پۇلنى چىقار. سەن ئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى شۇ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھۇزۇرىدىن پەرىشان ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قايتىپ چىقتىم. ھۆكۈمدار سۇرلۇك، بەستلىك ۋە سېمىز بىر ئادەم ئىدى. ئاۋازى گويا بىر كۇپ ئىچىدە گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. يېنىدىن چىققاندىن كېيىن بۇرادەرلىرىمنى يىغىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا ئۆتكەن ۋەقەنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارغا: «بۇ ئادەمدىن قورقۇپ قالدىم» دېدىم.

ھۆكۈمدارنىڭ مەزىنى تەكبىر ئېيتقاندا، ئەزاننىڭ ئىبارىلىرىنى ئىككى تەكرارلاپ ئوقۇغاندى. ھۆكۈمدارغا: «تەقسىر، ئەمىر ئەل مۆئمىنىنىنىڭ ئۆز ئوردىسىدا تەكبىرنىڭ ئىبارىلىرى بىر قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ» دېدىم. ئۇ بۇنىڭغا جاۋابەن مەزىنگە: «ساڭا دېگىنىنى قىل، ھەرگىز خىلاپلىق قىلما!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەزىن تەكبىرنى شۇنداق ئوقۇدى. بۇ ئارىدا ھۆكۈمدار مەندىن پۇلنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراپ، بۇ ھەقتە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ تۇردى. مەن بولسام پۇلدىن ئۈمىدىنى ئۈزدۈرۈشكە ۋە ئۈزۈمنى قوغداشقا تىرىشاتتىم. ئۇ پۇلدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندە، مەزىنگە تەكبىرنىڭ ئىبارىلىرىنى يەنە ئىككى تەكرارلاپ ئوقۇشنى بۇيرۇدى. ئۇمۇ ئەمرىنى ئورۇندىدى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە يول ئاچماقچى ئىدى. مەزىننىڭ تەكبىرنىڭ ئىبارىلىرىنى يەنە تەكرارلىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ ۋارقىرىدىم. ھۆكۈمدار بۇنى ئاڭلاپ مېنى ۋە بۇرادەرلىرىمنى چاقىرتتى. ھەممىمىز يىغىلغاندا، مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ تەرجىمانىغا: «ئۇنىڭغا ئېيت، ئىككى مەزىن بار، بىرى تەكبىرنىڭ ئىبارىلىرىنى بىر قېتىمدىن، يەنە بىرى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇيدۇ. كېيىن ھەر ئىككىسى شۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. ناماز دۇرۇسمۇ، دۇرۇس ئەمەسمۇ، بۇ خۇسۇستا نېمە دەيسەن؟» دېدى.

«ناماز دۇرۇس» دەپ جاۋاب بەردىم. «ئىتتىپاق بىلەمسىز ياكى
ئىختىلاپ بىلەمسىز؟» دېدى. «ئىتتىپاق بىلەن» دېدىم(81). شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۇ تەرجىمانغا: «ئۇنىڭدىن سورا، بىر كىشى
مۇھاسىرە ئاستىدا قالغان، قول قىلىنماقچى بولغان ئاجىز قەبى-
لىگە ياردەم قىلىش مەقسىتىدە بەزى كىشىلەردىن پۇل ئەۋەتسە،
ئۇلار ئامانەتكە خىيانەت قىلسا، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەققى-
دە نېمە دەيسەن؟» دېدى. مەن: «بۇ توغرا ئەمەس. بۇنداق
قىلغانلار يامان ئادەملەر» دېدىم. «ئىتتىپاق بىلەمسىز ياكى ئىخ-
تىلاپ بىلەمسىز» دېدى. مەن: «ئىتتىپاق بىلەن» دېدىم. كېيىن
تەرجىمانغا: «ئۇنىڭدىن سورا، خەلىپە ماڭا بىر قوشۇن ئەۋەتسە
كېلەرمۇ؟» دېدى. «ياق» دەپ جاۋاب بەردىم. «خۇراسان ھۆ-
كۈمدارىچۇ؟» دېدى. يەنە «ياق» دېدىم. ھۆكۈمدار: «بۇنىڭ
سەۋەبى يولنىڭ يىراقلىقى ۋە ئارىمىزدىكى كۆپلەر قەبىلىلەرنىڭ
كۆپلۈكىغۇ دەيمەن؟» دېدى. مەن: «شۇنداق» دېدىم. شۇنىڭ
بىلەن تەرجىمانغا: «ئۇنىڭغا ئېيت، ئەزبىرايى، بىز شۇنچە يى-
راقتا بولساقمۇ، ئەمىر ئەل مۆئمىنىندىن قورقىمەن. ئۇ خوپ
كۆرمىگەن بىر ھەرىكىتىمنى تۇيۇپ قالسا، ئارىمىزدا شۇنچىۋالا
مەملىكەتلەر بولسىمۇ، مېنى قارغاپ، شۇ جايىمدىلا يوقىتىدۇ
دەپ قورقىمەن. سىلەر ئۇنىڭ نېمىنى يېدىڭلار، كىيىم- كېچە-
كىنى كىيدىڭلار. ھەر دائىم ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇقلۇق، ئۇ سى-
لەرنى ماڭا يەنى ئاجىز بىر قەبىلىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىك ۋەزىپى-
سىگە ئوخشاش قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە، ئۇنىڭغا ۋە مۇسۇلمان-
لارغا خىيانەت قىلدىڭلار. ماڭا راست گەپ قىلىدىغان بىرى
كەلمىگۈچە، سىلەردىن ئاڭلىغان دىنىي خۇسۇستىكى ھەرقانداق
گەپنى قوبۇل قىلمايمەن. شۇنداق بىر ئادەم كەلسە، ئۇنىڭ
دېگىنىنى قىلىمەن» دەپ، بىزنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى. بېرىدىغان
جاۋاب تاپالماي ھوزۇرىدىن قايتىپ چىقتۇق.
ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆھبەتتىن كېيىن، ھۆ-

كوْمدار بوْرادەرلىرىمگە ئېتىبار بەرمىگەن بولسىمۇ، مېنى باشقىلاردىن ئارتۇق كۆرۈپ يېنىدىن ئايرىمىدى ۋە «ئەبۇبەكرى ئىل سىددىق» دەپ ئاتىدى.

بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ يۇرتىدا ساناقسىز ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆردۈم. بۇلاردىن بىرى مۇنداق:

ئۇنىڭ يۇرتىغا كەلگەن بىرىنچى كۈنى، كۈنپېتىشتىن نەق بىر سائەت ئىلگىرى ئاسماننىڭ تازا قىزارغىنىنى كۆردۈم. كۆكتىن شىددەتلىك ئاۋازلار ۋە قاتتىق گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتۈرسەم، يېقىن جايدا ئوتتەك قىزىل بىر بۇلۇت كۆرۈندى. بۇ گۈلدۈرماما ئاۋازلىرى شۇنىڭدىن كېلىۋاتاتتى. دىققەت قىلىپ قارىدىم. بۇلۇتنىڭ ئىچىدە ئادەمگە ۋە ئات ـ ئۇلاغقا ئوخشايدىغان نەرسىلەر، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئوقيا، نەيزە ۋە قىلىچ بار ئىدى. بۇ نەرسىلەرگە دىققەت بىلەن قاراپ، ئۇنى پەرق ئېتىشكە تىرىشتىم. دەل شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى بۇلۇتقا ئوخشاش باشقا بىر بۇلۇت پەيدا بولدى. ئۇنىڭدىمۇ ئادەملەر، ئات ـ ئۇلاغلار ۋە قوراللار كۆرۈنەتتى. بىر ئاتلىق قوشۇن يەنە بىرىگە ھۇجۇم قىلغاندەك، بۇ قوشۇنلاردىن بىرى يەنە بىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىز بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى قورقتۇق. ئاللاغا يالۋۇرۇشقا ۋە دۇئا قىلىشقا باشلىدۇق. يەرلىكلەر بولسا بىزگە كۈلەتتى ۋە بۇ ھالىمىزغا ھەيران بولاتتى(82).

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر قوشۇننىڭ يەنە بىرىگە ھۇجۇم قىلغىنىغا قاراپ تۇراتتۇق. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، بىرھازادىن كېيىن ئايرىلاتتى. بۇ ھال كېچىنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر قىسمىغىچە داۋاملاشتى. كېيىن ھەر ئىككى قوشۇن غايىب بولدى. ھۆكۈمداردىن بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدۇق. ئۇ جاۋابەن، ئاتىلىرىنىڭ «بۇلار جىنلارنىڭ مۆمىنلىرى بىلەن كاپىرلىرى» دېگەنلىكلىرىنى، ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ھەر ئاخشام مۇشۇنداق تۇتۇشىدىغانلىقىنى

ئېيتتى.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ: كېيىن ھۆكۈمدارنىڭ ئەسلى باغدادتىن بولۇپ، بۇ تەرەپلەرگە تاسادىپىي كېلىپ قالغان كىيىم تىككۈچىسى بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن گۈمبەزلىك چېدىرىمغا كىردۇق. يېرىم سەببە (ئون تۆتتىن بىر ئۈلۈش) قۇرئان ئوقۇ-غۇدەك ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى. خۇپتەنگە ئەزان ئېيتىشنى كۈتۈپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئەزان ئاڭلاندى، چېدىردىن چىقتۇق. سەھەر ۋاقتى بولۇپ قالغىنىنى تۇيماي قاپتۇق. مەزىندىن: «ئە-زاننى نېمىگە ئوقۇدىڭىز؟» دەپ سورىدىم. مەزىن: «بامدات نامى-زىغا» دېدى. «خۇپتەنگە ئەزان ئوقۇلمىدىغۇ؟» دېدىم. «ئۇنى نامازشامدىن كېيىن ئوقۇيمىز» دېدى. «بۇ كېچە نېمە بولۇپ كەتتى؟» دەپ سورىدىم. «كۆرگىنىڭىزدەك، سىز كېلىشتىن بۇرۇن تۈن بۇنىڭدىنمۇ قىسقا ئىدى، ھازىر ئۇزىراپ قالدى» دېدى. ئۇ يەنە، بامدات نامىزىنىڭ قازا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئايدىن بېرى كېچىسى ئۇخلىمىغانلىقىنى ئېيتتى. تۈن شۇ قەدەر قىسقا ئىدىكى، ئاخشىمى قازان ئاسسا، قازاندىكى تاماق پىشماستىن بامدات ۋاقتى بولىدىكەن.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

ئۇلارنىڭ يۇرتىدا كۈندۈزنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن بولىدىغانلى-قىنى كۆردۈم. يىلنىڭ بىر قىسمىدا كۈن ناھايىتى ئۇزۇن، تۈن ناھايىتى قىسقا بولىدىكەن. كېيىن تۈن ئۇزىراپ، كۈن ناھايىتى قىسقىراپ كېتىدىكەن. مەن بېرىپ ئىككىنچى كېچىسى گۈمبەز-لىك چېدىرىمنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاسماننى تاماشا قىلدىم. يۇلتۇزلار ناھايىتى شالاڭ بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئون - ئون بەشچە يۇلتۇز باردەك قىلاتتى. كەچقۇرۇنقى شەپەق قىزىللىقى تېخى يوقالمىغان، تۈن ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. كېچىسى بىر ئوق يېتىم مۇساپىدىنمۇ يىراقتىكى ئادەمنى تونۇغىلى بولات-تى.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

ئايغا قارىدىم، ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلمەيتۇ. بىر ... ئاسماننىڭ ئۇپۇققا يېقىن قىسمىدا كۆرۈنگەندىن كېيىن، تاڭ ئېتىپ، ئاي كۆزدىن غايىب بولدى. ھۆكۈمدار مەملىكىتىنىڭ شىمالىدا پىيادە ئۈچ ئايدا يېتىپ بارغۇدەك يېرىدە ۋىسۇ(83) دېگەن بىر قەبىلە بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا كېچىنىڭ بىر سائەتتىن-مۇ قىسقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

ئۇ يەردە كۈن چىققاندا ھەممە يەر، تاغلار ۋە كۆرۈنگەن ھەممە نەرسە قىزىل رەڭ ئالىدىكەن. قۇياش بولسا چوڭ بىر بۇلۇت شەكلىدە چىقىدىكەن. ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگۈچە قىزىللىق داۋام قىلىدىكەن. مەملىكەت خەلقى ماڭا: «بۇ يەردە قىشتا كېچە كۈندۈزچىلىك ئۇزۇن بولىدۇ، كۈندۈزمۇ كېچىچە-لىك قىسقىرايدۇ. ھەتتا بىزدىن بىر ئادەم بىر فەرساخ (بەش كىلومېتىر)مۇ كەلمەيدىغان ئېدىل دەرياسىغا بېرىشى ئۈچۈن ئەتىگەندە يولغا چىقسا، ئۇ يەرگە يېتىپ بارمايلا قاراڭغۇ چۈ-شۈپ، ئاسمان يۈزى پۈتۈنلەي يۇلتۇزلار بىلەن قاپلىنىدۇ» دې-يىشتى. بىز ئۇ يەردىن خوشلاشقىنىمىزدا كېچە ئۇزىراپ، كۈن-دۈز قىسقىرىغانىدى.

ئۇلار ئىتلارنىڭ ھاۋشىشىنى بەخت ھېسابلايدىكەن. ئىت ھاۋشىسا خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن. بۇنى مولچىلىق، بەرىكەت ۋە تىنچلىقنىڭ ئىپادىسى دەيدىكەن.

بۇلغارلار يۇرتىدا يىلان ناھايىتى كۆپ ئىكەن ھەتتا دەرەخ-نىڭ بىر شېخىغا ئون ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يىلان يامىشىۋالىدى-كەن. ئۇلار يىلاننى ئۆلتۈرمەيدىكەن، يىلانلارمۇ ئۇلارغا تەگمەي-دىكەن. بىر يەردە يەرگە يىقىلغان يۈز گەزدىن ئۇزۇن دەرەخنى كۆردۈم. غولى ناھايىتى توم ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرە تۇرات-تىم، بىرھازادا دەرەخنىڭ غولى مىدىرلاشقا باشلىدى. ھەيران

بولۇپ دىققەت قىلىپ قارىدىم. ئۇستىدە دەرەخنىڭ توملۇقى ۋە ئۇزۇنلۇقىغا باراۋەر يوغانلىقتا بىر يىلان تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ دەرەخنىڭ غولىدىن يەرگە چۈشۈپ ئورمانىنىڭ ئىچىدە غايىب بولدى. قورقۇنچ ئىچىدە قايتىپ، بولغان ۋەقەنى ھۆكۈمدارغا ۋە بىرلىكتە ئولتۇرغانلارغا دېدىم. ئۇلار بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلمىدى. ھۆكۈمدار: «قورقماڭ، ھېچ نەرسە قىلمايدۇ» دېدى.

بىر كۈنى ھۆكۈمدار بىلەن بىر يەرگە چۈشتۇق. مەن ۋە بۇرادەرلىرىم تېگىن، سەۋسەن، بارىس ۋە يېنىمىزدا بولغان ھۆكۈمدارنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى بىلەن دەرەخزارلىققا كىردۇق. ئۇ يەردە يىكدەك ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بىر تۈپ يېشىل دەرەخ كۆردۇق. ئۇنىڭ ئۇچىدا كەڭ ۋە يەرگە يېيىلغان، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك يوپۇرماقلار ۋە دانە - دانە ئۇرۇقلىرى بار ئىكەن. بۇ دانىلەرنى يېگەن كىشى ئۇنىڭ بىر خىل ئانار ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن يېدۇق. تەمى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن دائىم ئۇنى تېپىپ يەيدىغان بولدۇق.

ئۇلارنىڭ سىركىدىنىمۇ قېرىق بىر خىل يېشىل ئالمىسى بولۇپ، بۇ ئالمىنى قىزلار يەيدىكەن. ئۇ ئادەمنى سەمرىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا فىندىك(84) كۆچىتىدىن كۆپ دەرەخ كۆرمىدىم. ھەتتا 40×40 فەرساخ كەڭلىكتە فىندىك ئورمانلىرىنى كۆردۈم. ئۇ يەردە ئىسمى نامەلۇم يەنە بىر خىل دەرەخ بار ئىكەن، ئۇ ناھايىتى ئېگىز، غولى يوپۇرماقسىز ئىكەن. بېشى خورما كۆچىتىنىڭ بېشىغا، يوپۇرماقلىرى بولسا خورمىنىڭ ئىنچىكە يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، توپ - توپ بولىدىكەن. ئۇلار بۇ دەرەخنىڭ غولىنىڭ بىر يېرىنى تىلىپ، ئاستىغا بىر قاچا قويۇپ قويىدىكەن. تىلىنغان يەردىن قاچىنىڭ ئىچىگە بالدىن تاتلىق بىر سۇيۇقلۇق ئاقىدىكەن. ئۇنى كۆپرەك ئىچسە شارابتەك مەست قىلىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

بۇغداي ۋە ئارپا مول بولسىمۇ، ئۇلار تېرىق ۋە ئات گۆشىنى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدىكەن. بىر كىشى بىر نەرسە تېرىسا، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىكەن. ھۆكۈمدارنىڭ بۇنىڭدا ئۇلۇشى بولى-مايدىكەن. لېكىن، ھەر ئۆي يىلدا بىر قېتىم ھۆكۈمدارغا بىر قاما جۇۋا بېرىدىكەن. ھۆكۈمدار ئەسكەرلىرىنى ھەرقانداق بىر يەرگە تاجاۋۇزچىلىققا ئەۋەتسە، ئەسكەرلىرى ئالغان غەنىيمەتتىن بەلگىلىك بىر ئۇلۇش ئالىدىكەن. توي قىلغان ياكى مېھمان چاقىرغان كىشىلەر بەرگەن زىياپەتكە قاراپ، ھۆكۈمدارغا بىر ئۇلۇش ئايرىش، بىر سەخرەج(85) بال شارابى ۋە بىر ئاز بۇغداي ئېچىتقۇسى(86) بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇرتى ھۆلچىلىك ۋە ھاۋاسى ئېغىر(87) بولۇپ، ئوزۇق - تۈلۈكى-نى ساقلايدىغان يېرىمۇ يوق ئىكەن. پەقەت يەرگە قۇدۇق قېزىپ، ئوزۇق - تۈلۈكىنى شۇ يەرگە قويىدىكەن. ئۇنىڭدىمۇ بىرقانچە كۈنلا چىدايدىكەن.

زەيتۇن يېغى، زىغىر يېغى ۋە سىرىقماي يېمەيدىكەن. بۇلار-نىڭ ئورنىغا پۇتۇنلەي بېلىق يېغى ئىشلىتىدىكەن(88). شۇ سەۋە-بتىن، ئىشلەتكەن ھەممە نەرسىسى سېسىق پۇراپ تۇرىدىكەن. ئارپىدا بىر خىل سۇيۇق تاماق ئېتىدىكەن. بۇنى ياش ئوغۇل - قىزلار ئىچىدىكەن. بەزىدە ئارپىنى گۆش بىلەن پىشۇرىدىكەن. ئەرلەر گۆشنى، قىزلار ئارپىسىنى يەيدىكەن. لېكىن، تېكىنىڭ بېشىنى قايىنتىپ شورپا قىلىنسا، ئۇنىڭ گۆشىنى قىزلارمۇ يەيدىكەن.

ھەممەيلەن كىگىز قالپاق كىيىدىكەن(89). ھۆكۈمدار ئاتقا ئات باققۇچىنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى مىنىدىكەن. سەيلىگە چىققاندا يېنىغا مۇھاپىزەتچى ئالمايدىكەن. ئۇ كوچا ۋە بازارلاردىن ئۆتكەن-دە ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قالپاقلىرىنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىسىۋېلىپ، ھۆكۈمدار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كىيىۋالىدى-كەن. ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەن ھەرقانداق ئادەم مەيلى

چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەتتا بالىلىرى، قېرىنداشلىرى بولسۇن، ئۇنى كۆرگەندە قالپىقىنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىسىپ، بېشى بىلەن سالام بېرىپ ئولتۇرىدىكەن. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆكۈمدار ئولتۇرۇشقا بۇيرۇمىغۇچە ئۆرە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ھەرقانداق ئادەم تىز چۆكۈرۈپ ئولتۇرىدىكەن. ھۇزۇرىدىن چىقىپ كەتكۈچە قالپىقىنى قولتۇقىدىن چىقارماي، تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن كىيىدىكەن. (90)

ھەممىسى گۈمبەزلىك چېدىرلاردا (91) ئولتۇرىدىكەن. لې-كىن، ھۆكۈمدارنىڭ ئۆيى ناھايىتى چوڭ بولىدىكەن. ئۇنىڭغا مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىكەن. ئىچى ئەرمەن شايىلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا رۇم يىپەك رەختلىرى بىلەن بېزەلگەن بىر تەخت بار ئىكەن. (96)

ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە ئاساسەن، بىر كىشىنىڭ ئوغلى ئو-غۇل پەرزەنت كۆرسە، ئۇنى دادىسى ئەمەس، بوۋىسى ئالىدىكەن. بوۋىسى: «بۇنى ئادەم بولغۇچە بېقىشقا دادىسىدىن كۆرە مەن لايىق» دەيدىكەن (92). بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭغا بالىلىرى ئە-مەس، قېرىنداشلىرى مىراسخور بولىدىكەن (93). ھۆكۈمدارغا ئىسلامىيەتتە بۇنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم ۋە مە-راسنىڭ قانداق قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگۈچە ئىزاھ-لاپ بەردىم.

ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئەڭ كۆپ كۆرگەن نەرسىلىرىمنىڭ بىرى چاقماق ئىدى. بىر ئۆيگە (چېدىرغا) چاقماق چۈشكەندە، ئۇ ئۆيگە يېقىن بارمايدىكەن. ئىچىدىكى ئادەم، ئۆي سايمانلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆز پېتى تاشلايدىكەن. ئۇلار شۇ يەردە كۆيۈپ تۈگەيدىكەن. ئۇ ئۆيدىكى ئادەملەرنى «ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرى-غان ئادەملەر» دەيدىكەن (94).

بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرسە، گۇناھى ئۈچۈن ئۇنىمۇ ئۆلتۈرىدىكەن. خاتا ئۆلتۈرگەن بولسا، قېيىن

www.uyghurkitap.com

ياغىچىدىن ساندۇق ياساپ، قاتىلنى بۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئىنىغا ئۇچ نان، بىر كومزەك سۇ قويۇپ ساندۇقنى مىخلىغاندىن كېيىن، تۆگە هارۋىسىنىڭ شوتىسىغا ئوخشاش ئۇچ ياغاچ تىكىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاسىدىكەن. ئۇلار، «بىز ئۇنى يەر بىلەن كۆك ئارىسىغا تاشلايمىز. ئاپتاپ ۋە يامغۇردا قالسۇن. ئاللا رەھىم قىلسا قۇتقۇزار» دەيدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىرىپ شامال ئۇچۇرۇپ كەتكۈچە شۇنداق ئېسقلىق تۇرىدىكەن(95).

ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بىر ئادەمنى كۆرسە، «بۇ رەبىمىزگە خىزمەت قىلىشى كېرەك» دەپ ئۇنى تۇتۇپ، بويىنىدىن باغلاپ دەرەخكە ئېسىپ قويىدىكەن. پارچىلىنىپ يەرگە چۈشكۈچە شۇنداق ئېسقلىق تۇرىدىكەن(96).

هۆكۈمدارنىڭ تەرجىمانى ماڭا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: «سىندلىق بىر ئادەم تاسادىپىي بۇ يەرگە كېلىپ، بىر مەزگىل هۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئۇ قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىدى. بۇ چاغدا يەرلىك خەلقلەردىن بەزىلىرى تىجارەت بىلەن بىر يەرگە بارماقچى بولغانىدى. سىندلىق ئادەم ئۇلار بىلەن بىللە كېتىش ئۈچۈن هۆكۈمداردىن ئىجازەت سورىدى. هۆكۈمدار دەسلەپ ئۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى. لېكىن، سىندلىق قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقتىن رۇخسەت قىلدى. كېيىندىكىلەر ئۇنىڭ ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ رەبىمىزنىڭ خىزمىتىگە لايىق، ئۇنىڭغا ئەۋەتەيلى دېدى. ئۇلار يول ئۈستىدىكى ئورماندىن ئۆتكەندىن كېيىن، هېلىقى كىشىنى كېمىدىن چۈشۈرۈپ بويىندىن باغلاپ، ئېگىز بىر دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قويۇپ تاشلاپ كېتىشتى».

ئۇلار يولدا كېتىۋاتقىنىدا، ئىچىدە بىرى كىچىك تەرەت قىلماقچى بولۇپ، قورالى-مۈرىسىدە تۇرۇپ تەرەت قىلسا، ئۇنى

يالىڭاچلاپ، قورالى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ھەممە نەرسىسىنى تارتىۋالىدىكەن. ئۇنى بىلىمسىز ۋە قابىلىيەتسىز ئادەم دەپ قاراي-دىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ بىر ئادىتى ئىكەن. ئەگەر بىر كىشى قوراللىرىنى بىر چەتكە قويۇپ، ئاندىن تەرەت قىلسا، ئۇنى قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا تەگمەيدىكەن.

ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىرلىكتە دەرياغا چۈشۈپ، قىپيالىڭاچ يۇيۇنۇۋېرىدىكەن. بىر ـ بىرىدىن قاچمايدىكەن. لېكىن، ھەرقان-داق شەكىلدە زىنا قىلمايدىكەن. زىنا ئۇلاردا ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىكەن. ئۇلاردىن بىرى زىنا قىلسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۆت قوزۇق قېقىپ، زىنا قىلغۇچىنىڭ پۇت ـ قولىنى قوزۇققا باغلاپ، بويىنىدىن يامپىشىغىچە پالتا بىلەن چې-پىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىكەن. ئايالغىمۇ شۇنداق جازا بېرى-دىكەن. ئەر ۋە ئايالنى ئىككى پارچە قىلغاندىن كېيىن، ھەر بىر پارچىسىنى بىر دەرەخكە ئاسىدىكەن. سۇغا چۈمۈلگەندە، ئاياللارنى ئەرلەردىن قاچسۇن دەپ شۇنچە تىرىشساممۇ مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ئوغرىنىمۇ زىنا قىلغۇچىغا ئوخشاش ئۆلتۈرىدىكەن.

ئورمانلىرىدىكى ھەرە ئۇۋىلىرىدا كۆپ مىقداردا بال بولىدى-كەن. ئۇلار بۇ ئۇۋىلارنى تونۇيدىكەن ۋە بال ئېلىش ئۈچۈن ئورمانغا كىرىدىكەن. بەزىدە بۇ ئەسنادا دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمى-غا ئۇچراپ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىرىمۇ بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىجارەتچىلەر ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن. بۇ تىجارەتچىلەر تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ قوي، ۋى-سۇلارنىڭ يۇرتىغا بېرىپ قارا بۇلغۇن ۋە قارا تۈلكە جۇۋىلىرىنى سېتىپ ئېلىپ كېلىدىكەن.

بۇلغارلار ئارىسىدا بەش مىڭ ئەر ۋە ئايالدىن تەشكىل تاپقان بارانجېر دەپ تونۇلغان چوڭ بىر ئائىلىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بوپتۇ ۋە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ياغاچتىن بىر مەسچىت ياساپتۇ. لېكىن، قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىكەن. ئۇ-

لارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمىغا نامازغا يەتكۈدەك ئايەتلەرنى ئۆگىتىپ قويدۇم. مېنىڭ قولۇمدا تالۇت ئىسىملىك بىرى مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭغا ئابدۇللا دەپ ئات قويدۇم. ئۇ: «ماڭا ئۆز ئىسمىڭىزنى قويۇشىڭىزنى سورايمەن» دېدى. ئىسمىنى شۇڭا مۇھەممەدكە ئالماشتۇردۇم. بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى، ئانىسى ۋە باللىرىمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ھەممىسى مۇھەممەد نامىنى ئالدى. ئۇنىڭغا «ئەلھەمدۇلىللا» ۋە «قۇل ھۇۋاللاھ ئەھەد» سۈرىلىرىنى ئۆگەتتىم. بۇ ئىككى سۈرىنى ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن گويا بۇلغار ھۆكۈمدارى بولغاندىنمۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىمىزدا ئۇنىڭ ھاللەجە(97) دېگەن بىر كۆلنىڭ بويىدا ھەربىي تۇرالغۇ قۇرغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ ئۈچ كۆلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى چوڭ، بىرى كىچىك بولسىمۇ، ئۈچىلىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. بۇ يەر بىلەن ھازار دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان ئېدىل دەرياسى ئارىسىدا بىر فەرساخچە ئارىلىق بولۇپ، بۇ دەريانىڭ بويىدا پات - پات ئېچىلىپ تۇرىدىغان ۋە ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىلەر سېتىلىدىغان بىر بازار (يەرمەنكە)(98) بار ئىكەن.

خېلى بۇرۇنلا تېكىن ماڭا ھۆكۈمدارنىڭ يۇرتىدا غايەت بەستلىك بىر ئادەم بارلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ يەرگە بارغاندا ھۆكۈمداردىن بۇ ئادەمنى سورىدىم. ھۆكۈمدار: «شۇنداق، مەملىكىتىمىزدە بۇنداق بىر ئادەم بار ئىدى، بىراق ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئادەم مەملىكەت خەلقىدىن ۋە نورمال ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى» دەپ، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى:

بەزى يەرلىك سودىگەرلەر بۇ يەرگە بىر كۈنلۈك كېلىدىغان ئارىلىقتىكى ئېدىل دەرياسىغا بارغانىكەن. بۇ چاغدا دەريانىڭ سۈيى كۆپىيىپ تېشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى تۇيۇقسىز بىر سودىگەر كېلىپ: «ھەي ھۆكۈمدار، دەريادا شۇنداق بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇ بىزگە يېقىن جايدىكى خەلقنىڭ ئادىمى بولسا،

بۇ دىياردا تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، باشقا يەرگە كەتمەي چارە يوق» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاغقا مىنىپ ئۇلار بىلەن بىللە دەرياغا باردىم. نېمە كۆردۈڭ دېمەمسىلەر! بويى مېنىڭ گېزىم بىلەن ئون ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتا، بېشى يوغان بىر قازاندەك، بۇرنى بىر غېرىچ، كۆزلىرى يوغان، بارماقلىرى بىر غېرىچتىن ئۇزۇن ئادەم ئىكەن. بۇ هال مېنى تاڭ قالدۇردى. ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى ماڭمۇ چۈشتى. ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا باشلىدۇق، لېكىن ئۇ هېچقانداق جاۋاب بەرمەي بىزگە قاراپلا تۇراتتى. ئۇنى باشلاپ كەلدىم ۋە ئارىلىقى بىزدىن ئۈچ ئايلىق كېلىدىغان ۋىسۇ خەلقىگە مەكتۇپ يېزىپ ئۇنى سورۇشتۇردۇم. ئۇلار مەكتۇپ بىلەن شۇنداق مەلۇمات بەردى:

«بۇ ئادەم يەجۇج ۋە مەجۇج قوۋمىدىندۇر(99). ئۇلار بىزدىن ئۈچ ئايلىق ئارىلىقتا ياشايدۇ، يالىڭاچ يۈرىدۇ. بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دېڭىز بار. ئۇلار دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشايدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن هايۋاندەك جۈپلىشىدۇ. هەر كۈنى ئاللا ئۇلار ئۈچۈن دېڭىزدىن بىر بېلىق چىقىرىپ بېرىدۇ. ئۇلار كېلىپ بۇ بېلىقتىن ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە يەتكۈدەك كېسىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئېهتىياجىدىن ئارتۇق گۆش ئالسا، ئۇنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ. بەزىدە ئۇ ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ هەممىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. هەر كىم بېلىقتىن ئېهتىياجىغا لايىق گۆشنى ئالغاندىن كېيىن، بېلىق يەنە دېڭىزغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇلار هەر كۈنى مۇشۇنداق كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا دېڭىز بار. باشقا تەرەپلىرى بولسا تاغلار بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇرۇندىن سىرتقا چىقىپ ـ كىرىدىغان دەرۋازا بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇگۇن يەجۇج ۋە مەجۇج سېپىلى بارلىققا كەلگەن. ئاللا ئۇلارنىڭ ئادەم بار جايلارغا چىقىشىنى خالىسا، سېپىلنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن بىر سەۋەبنى مەيدانغا چىقىرىدۇ.

ئاربمىزدىكى دېڭىز قۇرۇيدۇ ۋە بېلىقلارنىڭ كېلىشى توختار-
دۇ.»

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئادەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھۆكۈمداردىن سورىدىم.
ھۆكۈمدار: «ئۇ بىر دەم يېنىمىزدا ئولتۇردى. لېكىن ئۇنى كۆر-
گەن باللارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. ھامىلىدار ئاياللار بالا تاشلى-
ۋەتتى. ئۇ بىر ئادەمنى تۇتۇۋالسا، ئۆلگۈچە سىقىۋالىدىكەن. بۇ
ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى بىر ئېگىز دەرەخكە ئاستىم. ئۇ
يەردە ئۆلدى. ئەگەر ئۇستىخانلىرىنى ۋە بېشىنى كۆرمەكچى
بولسىڭىز بىللە بارايلى، كۆرۈڭ» دېدى. «ئەزبىرايى، كۆرۈش-
نى ئارزۇ قىلىمەن» دېدىم. ئات مىنىپ يوغان دەرەخلەر بار چوڭ
بىر ئورمانغا باردۇق. ھۆكۈمدار مېنى بىر دەرەخنىڭ تۇۋىگە
ئېلىپ باردى. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرى ۋە باش سۆڭىكى
دەرەخنىڭ تۇۋىدە ئىكەن. بېشىغا قارىدىم. يوغان قازانغا ئوخ-
شايتتى. قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى يوغان خورما شاخلىرىدەك ئىدى.
قول ۋە پاقالچەك سۆڭەكلىرىمۇ شۇ نىسبەتتە چوڭ ئىدى. ھەيران-
لىق ئىچىدە قايتىپ كەلدىم.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

كېيىن ھۆكۈمدار ھاللەجە كۆلى بېشىدىن جەۋشىز (100)
دەرياسى بويىغا باردى. بۇ يەردە ئىككى ئايچە تۇرغاندىن كېيىن
كۆچمەكچى بولغاندا، سۇۋار (101) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلىگە
ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىشكە ئەمر قىلدى. ئۇلار
ھۆكۈمدارنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنگەن
بولۇپ، بىر قىسمى خەلقنىڭ كاللا كېسەرلىرىگە ئوخشايتتى.
ۋىراغ ئىسىملىك بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ بېشىغا مەجبۇرىي بەگ بولغا-
نىدى. ھۆكۈمدار ئۇلارغا بىر ئادەم ئەۋەتىپ، «ئاللا مېنى ئىسلا-
مىيەتكە ۋە خەلىپىنىڭ ھاكىمىيىتىگە لايىق دەپ تەستىقلىدى.
مەن خەلىپىنىڭ خىزمەتكارى. خەلق ھۆكۈمدارلىقنى ماڭا ئۆتكۈ-



www.uyghurkitap.com

زۇپ بەردى. كىم سۆزۈمنى ئاڭلىمىسا، ئۇنىڭ ئالدىغا قىلىچ بىلەن چىقىمەن.» دېدى. يەنە بىر قىسمى بولسا ئەسكىل(102) بېگى دەپ تونۇلغان بىر بەگ بىلەن ئوخشاش ئىدى. تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بۇ بەگ بولغار ھۆكۈمدارىنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

ھۆكۈمدار يۇقىرىدىكى خەۋەرنى ئەۋەتكەندە، ھەر ئىككى قىسمى قورقۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەۋشىز دەرياسىغا كۆچتى. بۇ دەريا كەڭلىكى بەش گەزچە، چوڭقۇرلۇقى كىندىككە كېلىدىغان، بەزى يەرلىرى مۈرىگە كېلىدىغان بىر ئېقىن بولۇپ، كۆپىنچە يەرلىرى ئادەمنى چۆكتۈرەتتى. ئەتراپىدا نۇرغۇن قېيىن دەرىخى ۋە باشقا دەرەخلەر بار ئىدى.

بۇ دەرياغا يېقىن جايدا كەڭ بىر بوز دالا بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە تۆگىدىن كىچىك، ئۆكۈزدىن چوڭ، بېشى تۆگە بېشىغا، قۇيرۇقى ئۆكۈز قۇيرۇقىغا، گەۋدىسى قېچىر گەۋدىسىگە، تۇياقلىرى ئۆكۈز تۇياقلىرىغا ئوخشايدىغان ۋە بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توم ۋە يۇمىلاق، لېكىن ئۇچى ئىنچىكە، توملۇقى نەيزە ئۇچىچىلىك، يالغۇز بىر تال مۈڭگۈزى بار بىر تۈرلۈك ھايۋان(103) بار ئىكەن. بۇ ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەزدىن بەش گەزگىچە بولۇپ، يېشىل يوپۇرماقلارنى يەيدىكەن. ئاتلىقنى كۆرسە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىكەن. ھۇجۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئېتى يۈگۈرۈك بولسا، ناھايىتى تەستە قۇتۇلالايدىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، يېتىشىۋېلىپ، مۈڭگۈزى بىلەن ئۇنى ئېتىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ ھاۋاغا ئاتىدىكەن. يەرگە چۈشسە يەنە مۈڭگۈزى بىلەن تۇتۇۋالىدىكەن ۋە ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچە بۇ ھەرىكەتنى تەكرارلايدىكەن. لېكىن، ئاتقا ھەرگىز تەگمەيدىكەن. ئۇ يەرنىڭ خەلقى بوز دالا ۋە ئورمانلاردا بۇ ھايۋاننى ئىزدەپ ئوۋغا چىقىدىكەن. بۇ ھايۋان بار يەردىكى دەرەخلەرگە يېقىندا زەھەرلىك ئوق بار بىر قانچە مەرگەن چىقىپ، ھايۋان بۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلگەندە ئېغىر يارىلانغۇچە ۋە ئۆلگۈچە ئوق ئاتىدىكەن.

ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا يەمەننىڭ ھېقىق تېشىغا ئوخشاش بىر نەرسىدىن ياسالغان ئۈچ تاۋاق كۆردۈم. سورىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ ھايۋان مۈڭگۈزىدىن ياسالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەردىكى خەلقتىن بىرى ماڭا بۇ ھايۋاننى كەركىدان دېدى.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل يۈزلۈك (ئىككى مەڭزىدە قېنى بار) بىرەر ئادەم كۆرمىدىم. ئەكسىچە، كۆپىنچىسى كېسەلمەن ئىدى. بىرمۇنچىسى قورساق سانجىقى (تولغاق) بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىكەن ھەتتا بۇ كېسەل ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بالىلاردىمۇ بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى بىر مۇسۇلمان ياكى خارەزىملىك بىرى ئۆلسە، مۇسۇلمانلارنىڭ مېيىتلىرىنى يۇغاندەك يۇيۇپ - تاراپ، جىنازىسىنى ئالدىغا بىر بايراق قادالغان ھارۋىغا قويۇپ، كۆمىدىغان يەرگە ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇ يەرگە بارغاندا جىنازىنى ھارۋىدىن ئېلىپ يەرگە قويىدىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىغا سىزىق سىزىپ، كېيىن جىنازىنى سىزىقنىڭ سىرتىغا ئېلىپ، ئاندىن بۇ سىزىقنىڭ ئىچىگە يەرلىك قېزىپ، جەسەتنى كۆمىدىكەن. ئۆز ئۆلۈكلىرىنىمۇ شۇ شەكىلدە دەپنە قىلىدىكەن(104).

ئۆلۈكنىڭ كەينىدىن ئاياللار ئەمەس، ئەرلەر يىغلايدىكەن. بىر ئادەم ئۆلگەن كۈنى ئەرلەر كېلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ گۈمبەزلىك چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ ناھايىتى سەت ۋە ۋەھشىيلەرچە ۋارقىراپ يىغلايدىكەن. بۇ يىغلىغانلار ھۆر ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار يىغلاپ بولغاندىن كېيىن قۇللىرىدا تېرە تاسمىدىن ئۆرۈلگەن قامچا تۇتقان قۇللار كېلىدىكەن. ئۇلارمۇ يىغلاپ، قۇللىرىدىكى قامچا بىلەن ئۇچىسىغا ۋە يالىڭاچ يەرلىرىگە كۆكىرىپ كەتكۈچە ئۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلگۈچىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە جەزمەن بىر بايراق تىكىش كېرەك ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ كېلىپ قەبرىنىڭ ئەتراپىغا قويىدىكەن. ئىككى يىلغىچە ماتەم تۇتۇپ، ئىك-

كى يىل توشقاندا چېدىرنىڭ ئىشىكى ئۈستىدىكى بايراقنى چۈشۈ-
رۈپ، چاچلىرىنى چۈشۈرتىدىكەن ۋە ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى
مېھمان چاقىرىدىكەن. بۇ زىياپەت بىلەن ھازىدارلارنىڭ قارىسى
ئۈشتۈلىدىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بولسا، شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئەرگە تېگىدىكەن. پۇقرالار ئۆلۈمدە بۇ مۇراسىملار-
نىڭ بىر قىسمىنىلا ئۆتكۈزىدىكەن.
بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ ھەر يىلى ھازار ھۆكۈمدارىغا يۇرتى-
دىكى ھەر ئۆي بېشىغا بىردىن قاما جۇۋا باج تاپشۇرۇش مەجبۇرى-
يىتى بار ئىكەن. ھازارلار يۇرتىدىن بۇلغارلار يۇرتىغا بىر سودا
كېمىسى كەلسە، ھۆكۈمدار كېمىگە چىقىپ، ئىچىدىكى ئەشيالار-
نى ساناپ، ئوندىن بىرىنى چېگرا بېجى دەپ ئالىدىكەن. رۇسلارغا
ۋە باشقا مىللەتلەرگە مەنسۇپ سودىگەرلەر سېتىش ئۈچۈن قۇل
ئېلىپ كەلسە، ھۆكۈمدار ھەر ئون قۇلدىن بىرىنى ئېلىپ قالىدى-
كەن(105).
بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ ئوغلى ھازار ھۆكۈمدارىغا تۇتقۇن
ئىكەن. بىر كۈنى ھازار ھۆكۈمدارى بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ ناھا-
يىتى چىرايلىق بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا
قىزىنى سوراپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ھۆكۈمدار بۇنىڭ مۇمكىن ئە-
مەسلىكىگە دائىر سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت
قىلغاندا، قىز مۇسۇلمان، ئۆزى يەھۇدىي بولسىمۇ، ھازار ھۆ-
كۈمدارى قىزنى بەرمىگىنىگە قويماي ئاپتۇ. قىز ئۇنىڭ ئەمرىدە
تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدارغا ئەلچى ئەۋە-
تىپ، يەنە بىر قىزىنى سوراپتۇ. ھۆكۈمدار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ،
بۇ قىزىنىمۇ مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، دەرھال
ئۆزىگە قاراشلىق ئەسكىل بېگى بىلەن توينى قىلىۋېتىپتۇ. بۇل-
غار ھۆكۈمدارىنى خەلىپىگە مەكتۇپ يېزىشقا ۋە ئۇنىڭدىن بىر
قورغان ياستىشقا ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسىمۇ
ھازار ھۆكۈمدارىدىن قورققانلىقى ئىكەن.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى ھۆكۈمدارغا: «مەملىكىتىڭلار كەڭ، بايلىقىڭلار مول، ئالىدىغان باجلىرىڭلار كۆپ تۇرۇقلۇق، قورغان ياسىتىش ئۈچۈن يەنە نېمە ئۈچۈن خەلىپىدىن ئەرزىمەس مىقداردا پۇل ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدىڭىز؟» دېدىم. ئۇ جاۋابەن: «خەلىپىنىڭ دۆلىتىنىڭ بەختى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ۋە باجلارنىڭ ھالال ئېلىنىدىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ تەشەببۇسنى قىلدىم. مەن ئۆز بايلىقىم بىلەن ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن قورغان ياساتسام مۇ قىينالمايمەن. خەلىپىنىڭ بايلىقىنىڭ بەخت كەلتۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن بۇ پۇلنى سورىدىم» دېدى.

## رۇسلار(106)

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

ئېدىل دەرياسى بويىدىكى يەرمەنكىگە (بازارغا)(107) تىجارەت قىلغىلى كەلگەن رۇسلارنى كۆردۈم. ئۇلاردەك بەستلىك ئادەملەرنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ھەربىرى خورما دەرىخىدەك ئېگىز بويلۇق، ئۆڭى سېرىق ۋە ساغلام ئادەملەر ئىدى. يا كۆڭلەك، يا تون كىيمەيدىكەن. ئەرلىرى بەدىنىنىڭ بىر قىسمىنى يۆتۈنلەي يايقان ۋە بىر قولى سىرتىدا ئوچۇق تۇرىدىغان بىر كىيىم كىيىدىكەن(108). ھەممىسى يېنىدا پالتا، قىلىچ ۋە پىچاق ئېلىپ يۈرىدىكەن(109). بۇلارنى ھېچقاچان يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. قىلىچلىرى كەڭ بىسلىق ۋە ئۈستىدە سىزىقى بار فرانسىيە قىلىچلىرىغا ئوخشايدىكەن. تىرناقلىرىنىڭ ئۇچىدىن بويىنىغىچە پۈتۈن ئەزايى دەرەخنىڭ كۆك نوتىسى بىلەن داغلاپ چىقىرىلغان نەقىشلەر ۋە باشقا رەسىملەر بىلەن تولغانىكەن(110).

ئاياللار ئەمچىكىنىڭ ئۈستىگە ئېرىنىڭ بايلىقى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ تۆمۈر، كۈمۈش، مىس ياكى ئالتۇن ھۆققا باغلايدۇ-

كەن. ھەربىر ھۇققىنىڭ[111] ئىچىدە بىر ھالقا، ھالقىنىڭ ئىچىدە ئەمچەككە باغلانغان بىر پىچاق بولىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بويۇنلىرىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن گالمۇنچاق ئاسىدىكەن. چۈنكى، رۇسلاردىن ھەر ئادەم ئون مىڭ دىرھەمگە ئىگە بولسا، خوتۇنىغا بىر گالمۇنچاق ئېلىپ بېرىدىكەن. يىگىرمە مىڭ دىرھەمگە ئىگە بولسا، ئىككى گالمۇنچاق ئېلىپ بېرىدىكەن. مانا شۇنداق، ھەر ئون مىڭ دىرھەم[112] تاپقاندا بىردىن گالمۇنچاق ئېلىپ بېرىۋېرىدىكەن. بەزىدە بىر ئايالنىڭ بوينىدا ناھايىتى كۆپ گالمۇنچاقلار بولىدىكەن.

ئەڭ قەدىرلەيدىغان زىننەت بۇيۇمى كېمىلەردە سېتىلىدىغان ساپالدىن ياسالغان يېشىل ۋە كۆك مارجانلار بولۇپ، بۇنىڭغا كۆپ پۇل خەجلەيدىكەن. ئەرلەر بۇ مارجانلارنىڭ دانىسىنى بىرەر دىرھەمگە سېتىۋېلىپ، خوتۇنلىرىغا بۇنىڭدىن گالمۇنچاق قىلىپ بېرىدىكەن.

رۇسلار ئاللانىڭ ئەڭ ناپاك مەخلۇقلىرى بولۇپ، چوڭ - كىچىك تەرەتتىن كېيىن پاكىزلانمايدىكەن. جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنمايدىكەن. تاماقتىن كېيىن قوللىرىنى يۇمايدىكەن. خۇددى يولدىن ئازغان ئېشەكلەردەك ئىكەن. يۇرتىدىن كەلگەندە چوڭ دەريا بولغان ئېدىل دەرياسىدا كېمىلىرىنى باغلاپ، دەريانىڭ بويىغا ياغاچتىن چوڭ ئۆيلەرنى ياسايدىكەن. ھەر ئۆيدە ئون يىگىرمە كىشى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياكى ئاز كىشى توپلىشىپ تۇرىدىكەن. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئولتۇرىدىغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ساتقىلى ئېلىپ كەلگەن چىرايلىق چۆرە قىزلار بىلەن ئولتۇرىدىكەن. بەزىدە ئۇلاردىن بىرى بۇرادەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا چۆرە قىزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋېرىدىكەن. كۆپىنچە، بىر توپتىكىلەر بىر - بىرىنىڭ يېنىدا چۆرە قىزلىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىدىكەن. بەزىدە بىرەر ناتونۇش سودىگەر چۆرە قىز سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرگى-

نىدە، ئۇ كىشىنى چۆرە قىزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە كۆرۈدىكەن. لېكىن ئۇ كىشى كەلگەن خېرىدارغا پىسەنت قىلماي ئىشىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدىكەن. ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن چۆرە قىزنىڭ ئۇستىدىن چۈشىدىكەن.

ھەر كۈنى بىر قېتىم يۈز - كۆزىنى ئەڭ پاسكىنا، ئەڭ ناچار سۇ بىلەن يۇيۇش ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن. ھەر ئەتىگەنلىكى بىر چۆرە قىز چوڭ بىر قاچىدا سۇ ئەكېلىپ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا قويىدىكەن. خوجايىنى بۇ قاچىنىڭ ئىچىدە باش - كۆزىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تارايدىكەن. كېيىن سۇغا مىشقىرىپ، تۈكۈرۈدىكەن. قىسقىسى، سۇغا تاشلىمايدىغان مەينەتچىلىك قالمايدىكەن. ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چۆرە قىز سۇ قاچىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىدىكىگە ئاپىرىدىكەن. ئۇمۇ بۇرادىرىدەك قىلىدىكەن. چۆرە قىز بۇ سۇنى بىرىدىن ئېلىپ، بىرىگە قويۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاچىنىڭ ئىچىدە باش - كۆزىنى يۇيۇپ، ئىچىگە تۈكۈرۈپ، مىشقىرىدىكەن.

كېمىلىرى پىرىستانغا كەلگەندە، ھەربىرى قولىدا بىر ئازدىن نان، گۆش، پىياز، سۈت ۋە نەبىز (شاراب) (113) بىلەن كېمىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىدىكەن. كېيىن ئادەم يۈزىگە ئوخشاش يوغان يۈزلۈك، ئەتراپىدا كىچىك سۈرەتلەر ۋە بۇ سۈرەتلەرنىڭ كەينىدە ئۇزۇن كۆتەكلەر بار يەرگە تىكىلگەن بىر كۆتەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ يوغان سۈرەتنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىدىكەن. ئاندىن: «ئەي رەببىم! مەن يىراق بىر يۇرتتىن كەلدىم. يېنىمدا شۇنچە كۆپ چۆرە قىز ۋە شۇنچە كۆپ قاما جۇۋا بار» دەيدىكەن. ئېلىپ كەلگەن پۈتۈن ماللىرىنى سانىغاندىن كېيىن، «ساڭا ھەدىيە ئېلىپ كەلدىم» دەپ يېنىدىكى ھەدىيىلەرنى (يېمەكلىكلەرنى) بۇ سۈرەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، «سەندىن تىلەيدىغىنىم، بۇ ماللارنى خالىغىنىمچە باھادا ئالىدىغان، نىمە دېسەم ماقۇل

www.uyghurkitap.com

دەيدىغان ئالتۇن ـ كۇمۇش پۇللىرى كۆپ سودىگەرلەرنى نېسىپ قىلغايسەن» دېگەندىن كېيىن چىقىپ كېتىدىكەن.

ئەگەر مېلى سېتىلمىسا ۋە ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا، ئىككىنچى ھەدىيىنى، يەنە بولمىسا، ئۈچىنچى ھەدىيىنى قويىدىكەن. بۇ قېتىممۇ ساتالمىسا، كىچىك سۇرەتلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ھەدىيە تەقدىم قىلىپ، ئۇلاردىن شاپائەت تىلەيدىكەن. «بۇلار رەببىمنىڭ خوتۇن، قىز، ئوغۇللىرى» دەپ ھەربىر سۇرەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن شاپائەت تىلەپ يالۋۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بەزىدە مېلىنى سېتىش ئىمكانىيىتى چىقىپ سېتىلىپ قالسا، «رەببىم تەلىپىنى ئورۇندىدى، ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇۋە- شۇم كېرەك» دەپ، بىرمۇنچە قوي ۋە ئۆكۈز قۇربانلىق قىلىپ، گۆشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىپ تارقاتقاندىن كېيىن، قالغىنىنى چوڭ كۆتەك بىلەن ئەتراپىدىكى كىچىك كۆتەكلەرنىڭ ئالدىغا قويىدىكەن. قوي ـ ئۆكۈزلەرنىڭ باشلىرىنى بۇ كۆتەك- لەرگە ئاسىدىكەن (114). كېچىسى ئىتلار كېلىپ بۇ گۆشلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن قۇربانلىق سۇنغان شەخس، «رەببىم مەندىن رازى بولدى، ھەدىيىلىرىمنى يېدى» دەيدىكەن.

بىرى كېسەل بولۇپ قالسا، ئولتۇرغان يېرىدىن يىراقتا بىر چېدىر تىكىپ، كېسەلنى چېدىرغا ئاپىرىۋېتىپ، يېنىغا بىر ئاز نان بىلەن سۇ قويۇپ قويىدىكەن. ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن گەپ قىلىشمايدىكەن ھەتتا پۇتۇنلەي ئالاقىلاشمايدى- كەن (115). بولۇپمۇ ئىگە ـ چاقىسىز، قۇل ـ چاكار بولسا، ئۇنى پۇتۇنلەي تاشلىۋېتىدىكەن. كېسەل ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كەلسە ياخشى، ساقايماي ئۆلۈپ كەتسە، جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋېتى- دىكەن (116). قۇللار ئۆلسە، جەسىتىنى ئۆز پېتى تاشلىۋېتىدى- كەن. ئۇنى ئىتلار ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار كېلىپ يەپ كېتىدىكەن.

ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەمنى تۇتۇۋالسا، ئېگىز

www.uyghurkitap.com

ۋە يوغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ كېلىپ، بويىنى پەشتىق بىر ئارغامچا بىلەن باغلىغاندىن كېيىن دەرەخكە ئاسىدىكەن. ۋاقتى-نىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوران - چاپقۇن ۋە ھۆل - يېغىنلاردىن ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتكۈچە ئېسقلىق تۇرىدىكەن.

مەن رۇسلارنىڭ چوڭلىرى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئەڭ ئاددىي-سى، مېيىتنى كۆيدۈرۈشكۈچە بولغان ناھايىتى كۆپ مۇراسىم-لارنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇنى كۆرۈشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتىم. بىر قېتىم ئۇلاردىن چوڭ بىر ئادەمنىڭ ئالەم-دىن ئۆتكىنىنى ئاڭلىدىم. مېيىتنى قەبرىگە قويۇپ، ئۈستىنى ئۆي ياپقاندەك ياپتى. كېيىن - كېچەكلىرىنى كېسىپ تىككۈچە ئون كۈن شۇنداق تۇردى. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ئۆلگۈچى كەمبەغەل بولسا، بىر قېيىق ياساپ، جەسەتنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ كۆيدۈرىدىكەن (117). باي بولسا، مال - مۈلكىنى توپلاپ ئۈچكە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى ئائىلىسىگە قالدۇرىدىكەن، بىر قىسمى بىلەن ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك ھازىرلايدىكەن. قالغان قىسمىغا نەبىز (شاراب) ئېلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ چۆرە قىزى ئۆزىنى ئۆلتۈر-گەن ۋە خوجايىنى بىلەن كۆيدۈرۈلگەن كۈنى ئىچىدىكەن. رۇسلار شارابقا بەك ھېرىس بولۇپ، كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىچىدى-كەن. بەزىدە قولىدا قەدەھ تۇتقان ھالدا ئۆلگەنلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن (118). ئاقساقاللىرىدىن بىرى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئائىلىسى چۆرە قىز ۋە قۇللىرىدىن: «قايسىڭلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈش-نى خالايسىلەر؟» دەپ سورايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى، «مەن» دەيدىكەن. بۇنداق دېگەندىن كېيىن يېنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، يېنىۋالسىمۇ قويۇپ بەرمەيدىكەن. خوجايىنى بىلەن ئۆلۈشنى خالىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى چۆرە قىزلار ئىكەن (119).

ھېلىقى ئادەم ئۆلگەندە، چۆرە قىزلاردىن: «قايسىڭلار ئۇ-نىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈشنى خالايسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلاردىن

بىرى «مەن» دېدى. ئۇلارنى قوغداش ۋە نەگە بارسا يېنىدا بىللە بولۇشنى ئىككى ياش قىزغا ۋەزىپە قىلدى. بۇ قىزلار بەزىدە ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى يۇيۇپ قوياتتى (120). شۇ ئارىدا دەپنە مۇراسىمى ئۈچۈن تەييارلىقلار قىلىنىۋاتاتتى، بىر تەرەپتىن مېيىتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى تىكىلىۋاتاتتى. چۆرە قىز بولسا ھەر كۈنى شاراب ئىچىپ، خۇشال - خورام ناخشا ئېيتاتتى.

ئاخىرى ئۆلگۈچى بىلەن چۆرە قىزنىڭ كۆيدۈرۈلىدىغان كۈنى كەلدى. جەسەت كۆيدۈرۈلىدىغان كېمە بار دەرياغا باردىم. نېمە كۆردۈڭ دېمەمسىز، كېمە دەريادىن چىقىرىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قېيىن ياغىچى ۋە باشقا ياغاچلاردىن تۆت چوڭ تۈۋرۈك ئورنىتىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئەتراپىغا ياغاچتىن پرېستانىغا ئوخشاش يوغان بىر نەرسە ياسىلىپتۇ. كېمىنى بۇ تۈۋرۈك ۋە پرېستاننىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، كېيىن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، مەن چۈشەنمەيدىغان بىر نەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. ئۆلۈكنى تېخى قەبرىدىن چىقارمىغانىدى. كېيىن بىر تەخت ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى گۇمبەزلىك چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى، ئۈستىگە رۇمنىڭ يىپەك رەختىدىن ئورۇن - كۆرپە ۋە ياستۇقلار قويدى. ئاندىن كېيىن «ئۆلۈم پەرىشتىسى» (121) دېيىلگەن بىر ياشانغان ئايال كېلىپ، ھېلىقى ئورۇن - كۆرپە ۋە ياستۇقلارنى تەختنىڭ ئۈستىگە سالدى. مېيىت ئۈچۈن كىيىم - كېچەكلەرنى تەييارلىغان، خوجايىنى بىلەن كۆيدۈرۈلىدىغان چۆرە قىزنى ئۆلتۈرىدىغان مۇشۇ ئايال بولۇپ، جانلىق، ساغلام، ھەرىكەتچان، چىرايى سۇرلۇك بىر ئايال ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۈستىدىكى توپا ۋە ياغاچلارنى ئېچىپ، جەسەتنى كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن چىقاردى. بۇ يەرنىڭ سوغۇقلۇقىدىن جەسەتنىڭ كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. قەبرىگە ئۆلۈك بىلەن بىللە شاراب، مېۋە ۋە بىر تەمبۇر قويغانىدى. بۇلارنىمۇ گۆردىن چىقاردى. جەسەت

تېخىە بۇزۇلمىغان، رەڭگى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەسەتكە شالۋۇر، ئۆتۈك (ياكى مەسە)، ئىچ كىيىم ۋە كۆڭلەك يېپەك تون كىيگۈزدى. توننىڭ پېشىگىچە تۈگمىسى بار ئىدى. بېشىغا قاما قۇلاقچا كىيگۈزگەندىن كېيىن، جەسەتنى ئېلىپ كېمىدىكى گۈمبەزلىك چېدىرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، تەختتىكى ئورۇن - كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ياستۇقلارنى يۆلىدى. شاراب، مېۋە ۋە گۈل كەلتۈرۈپ يېنىغا قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نان، گۆش ۋە پىياز كەلتۈرۈپ (122) ئالدىغا قويدى. ئاندىن بىر ئىت كەلتۈرۈپ ئۇنىمۇ ئىككىگە پارچىلاپ كېمىگە تاشلىدى. ئاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ بارلىق قوراللىرىنى كەلتۈرۈپ يېنىغا قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئات ئېلىپ كەلدى. بۇلارنى تەرلىگۈچە چاپتۇرغاندىن كېيىن، قىلىچ بىلەن چېپىپ، گۆشىنى كېمىگە تاشلىدى. ئاندىن كېيىن ئىككى سىيىر ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىمۇ قىلىچ بىلەن پارچىلىغاندىن كېيىن كېمىگە تاشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر خوراز بىلەن بىر مېكىيان كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ كېمىگە تاشلىدى.

ئۆلتۈرۈلىدىغان چۆرە قىز نۆۋىتى بىلەن گۈمبەزلىك چېدىرلارغا كىرىدىكەن. چېدىرنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «خوجايىنىڭغا ئېيت. بۇنى سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن قىلدىم» دەيدىكەن (123).

ئاخىرى، جۇمە كۈنى ناماز ئەسىر بولغاندا، چۆرە قىزنى ئىشىك كېشىكىگە ئوخشاش ياسالغان بىر نەرسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى (124). چۆرە قىز ئاياغلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئالىقىنىغا دەسسەپ، يۇقىرىدىن بۇ كېشەكنىڭ ئىچىگە ئېڭىشتى. ئۇ بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن يەرگە چۈشۈرۈپ، قايتا ئالىقانلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، بىرىنچى قېتىملىق ھەرىكەتنى تەكرارلىدى. كېيىن يەنە چۈشۈرۈپ، ئۈچىنچى قېتىم ئالىقىنى ئۈستى-

گە چىقىرىپ، يەنە يۇقىرىقىدەك قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر مېكىيان بەردى. ئۇ مېكىياننىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن كىشىلەر مېكىياننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ كېمىنىڭ ئىچىگە تاشلىدى.

تەرجىماندىن چۆرە قىزنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ: «بىرىنچى قېتىم كۆتۈرگەندە، ھازىر ئانامنى ۋە ئاتامنى كۆردۈم، دېدى. ئىككىنچى قېتىمدا، ئەمدى ئالەمدىن ئۆتكەن پۈتۈن ئۇرۇق ـ جەمەتىمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم (125)، دېدى. ئۈچىنچى قېتىمدا، ئەمدى خوجايىنىمنى جەننەتتە كۆرۈۋاتىمەن. جەننەت يېشىللىق بىلەن قاپلانغان گۈزەل بىر يەر ئىكەن (126). خوجايىنىمنىڭ يېنىدا ئادەملەر ۋە ئەر خىزمەتچىلەر بار ئىكەن. مېنى يېنىغا چاقىرىۋاتىدۇ، مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار، دەۋاتىدۇ» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن چۆرە قىزنى كېمىگە ئېلىپ بېرىشتى. قولىرىدىكى ئىككى بىلەزۈكنى چىقىرىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئۆلۈم پەرىشتىسىگە بەردى. ئىككى ئايىغىدىكى بىلەزۈكلەرنىمۇ چىقىرىۋېلىپ خىزمىتىنى قىلغان ئىككى قىزغا بەردى. بۇ ئىككى قىز ئۆلۈم پەرىشتىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئايالنىڭ قىزلىرى ئىكەن. كېيىن چۆرە قىزنى كېمىگە چىقاردى. لېكىن، گۈمبەزلىك چېدىرغا كىرگۈزمىدى. بۇ چاغدا قولىرىدا كالتەك ۋە قالقان تۇتقان ئادەملەر كېلىپ، چۆرە قىزغا بىر قەدەھتىن شاراب سۇندى. قىز بۇنى ئېلىپ ناخشا ئېيتقاندىن كېيىن ئىچتى. تەرجىمان ماڭا: «بۇ ئارقىلىق دوستلىرى بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ» (127) دېدى. كېيىن ئۇنىڭغا يەنە بىر قەدەھ بەردى. قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، بۇ قېتىم ناخشىنى ئۇزۇن ئېيتتى. ياشانغان ئايال (ئۆلۈم پەرىشتىسى) ئۇنى قەدەھتىكى ئىچىملىكنى ئىچىشكە ۋە خوجايىنى بار گۈمبەزلىك چېدىرغا كىرىشكە دەۋەت قىلىۋاتاتتى. چۆرە قىزنىڭ جاندىن كەچكەن

پەرىشان ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ئۇ چېدىرغا كىرىشكە رازى بولۇپ، بېشىنى چېدىر بىلەن كېمە ئارىسىغا سوزدى، ياشانغان ئايال دەرھال بېشىدىن تۇتۇپ چېدىرغا تارتتى، ئۆزىمۇ چۆرە قىز بىلەن بىللە ئىچكىرىگە كىردى. بۇنىڭ بىلەن چۆرە قىزنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. باشقا چۆرە قىزلار قورقۇپ كەتمىسۇن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن خوجايىنلىرى بىلەن بىللە ئۆلۈشتىن باش تارتمىسۇن دەپ، ئادەملەر قوللىرىدىكى كالتەكلەرنى قالقانلارغا ئۇرۇشقا باشلىدى (128). كېيىن چېدىرغا ئالتە ئادەم كىردى. ھەممىسى چۆرە قىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى خوجايىنىنىڭ يېنىغا ياتقۇزدى. بۇلاردىن ئىككىسى چۆرە قىزنىڭ پۇتىدىن، ئىككىسى قولىدىن تۇتتى. ئۆلۈم پەرىشتىسى دېيىلگەن ئايال چۆرە قىزنىڭ بوينىنى بىر يىپ بىلەن باغلاپ، ئىككى ئۇچىنى ئىككى قاۋۇل ئادەمگە تۇتقۇزدى. ئاندىن كەڭ بىسلىق بىر خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ، چۆرە قىزنىڭ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى ئارىسىغا تىقىپ تارتىۋالدى. بىر تەرەپتىن ھېلىقى ئىككى ئادەم يىپنىڭ ئىككى ئۇچىنى تارتىپ بوغدى. چۆرە قىز جان ئۈزدى.

كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئەڭ يېقىن ئەر تۇغقىنى (129) كېلىپ قولىغا بىر تاياق ئېلىپ ئۇنى ئوتتا تۇتاشتۇردى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ كېمىگە قاراپ ماڭدى. كېمىگە كەينىنى قىلىپ، ئادەملەرگە قارايتتى. بىر قولى بىلەن كۆيۈۋاتقان تاياقنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن يالىڭاچ ئۇچىسىنى ياپاتتى. ئاخىرى، ئۆلتۈرۈلگەن چۆرە قىز خوجايىنىنىڭ يېنىغا قويۇلغاندىن كېيىن، كېمىنىڭ تېگىدە ھازىرلانغان ئوتۇنلار تۇتاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەر قوللىرىدا بىردىن ئۇچى كۆيۈۋاتقان كالتەكنى تۇتۇپ، ئوتۇن ۋە كۆتەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، كېمىنىڭ ئاستىغا تاشلاشقا باشلىدى. ئاۋۋال ئوتۇن، كېيىن كېمە، ئاندىن كېيىن گۈمبەزلىك چېدىر، ئۆلگۈچى ۋە چۆرە قىز قاتارلىقلار تۇتۇشۇپ

كۆيۈشكە باشلىدى. كەينىدىن قاتتىق بوران چىقىپ، ئوت يالقۇنجاپ كۆيۈشكە باشلىدى. يېنىمدا رۇسلاردىن بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ يېنىمدىكى تەرجىمانغا بىرنېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. تەرجىماندىن نېمە دېگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ: «سىلەر ئەرەبلەر ئەخمەق كېلىسىلەر دەيدۇ» دېدى. «قانداق؟» دېدىم. رۇس: «سىلەر ئەڭ ياخشى كۆرگەن ۋە ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن بىر ئادەمنى توپىغا كۆمۈۋېتىسىلەر. ئۇنى تۇپراق، ھاشارەت ۋە قۇرت - قوڭغۇزلار يەيدۇ. بىز بولساق بۇنداق ئادەمنى ئۆز ۋاقتىدا كۆيدۈرىمىز. شۇ ھامان جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى. ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ: «رەببى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەچكە، ئۆز ۋاقتىدا دەرگاھىغا ئېلىش ئۈچۈن بوران چىقاردى» (130) دېدى. ھەقىقەتەن بىر سائەت ئۆتمەستىن كېمە، ئوتۇن، چۆرە قىز ۋە خوجايىنى ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، دەريادىن چىقارغان كېمىنىڭ ئورنىغا يۇمىلاق تۇماققا ئوخشاش بىر نەرسە ياساپ، ئوتتۇرىغا قېيىن ياغىچىدىن چوڭ بىر تىرەك تىكىپ، ئۈستىگە ئۆلگەن ئادەمنىڭ ۋە رۇس ھۆكۈمدارىنىڭ ئىسمىنى يازغاندىن كېيىن ئېلىپ كېتىشتى.

ئىبنى فەزلان مۇنداق دەيدۇ:

رۇس ھۆكۈمدارىنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى، ئۇ باتۇر ۋە ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن تۆت يۈز كىشىنى سارىيىدا تۇرغۇزالايدىكەن. بۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈشتىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن باش تارتمايدىكەن. ھەربىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان، بېشىنى يۇيىدىغان، يېمەك - ئىچمىكىنى تەييارلايدىغان بىر چۆرە قىزى، ئۇنىڭدىن باشقا، جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان يەنە بىر چۆرە قىزى بولىدىكەن. بۇ تۆت يۈز كىشى ھۆكۈمدارنىڭ تەختىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرىدىكەن. تەختى يوغان

ئىكەن. ئىنتايىن قىممەتلىك زىبۇزىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، تەختىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمدار بىلەن بىر ئۆيدە بولىدىغان قىرىق كېنىزەك ئولتۇرىدىكەن. ھۆكۈمدار بەزىدە بۇلاردىن بىرى بىلەن تەختىنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى ئادەملىرىنىڭ ئالدىدا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىۋېرىدىكەن. تەرىتى قىستىسا، بىر جاۋۇر كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئولتۇرىدىكەن. ئېتىغا مىنمەكچى بولسا، ئاتنى تەختىنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈپ، تەخت ئۈستىدىن مىنىدىكەن. ئاتتىن چۈشمەكچى بولسا، ئاتنى تەختىنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈپ، تەخت ئۈستىگە چۈشىدىكەن. ھۆكۈمدارنىڭ ھەربىي قوشۇننى ئىدارە قىلىدىغان، دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىدىغان ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خەلىپىسى (ۋەكىلى) بار ئىكەن (131).

## ھازارلار (132)

ھازارلارنىڭ ھۆكۈمدارىنى خاقان دەيدىكەن. ئۇ تۆت ئايدا بىر قېتىم ساياھەت قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىدىكەن (133). ئۇنى ئۇلۇغ خاقان، ۋەكىلىنى بولسا خاقان بەگ دەيدىكەن (134). ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان، مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى يۈرگۈزىدىغان، خەلق ئارىسىغا چىقىدىغان ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان خاقان بەگ ئىكەن. ئەتراپتىكى ھۆكۈمدارلار مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىدىكەن. ھەر كۈنى كەمتەرى، سالماق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قولىغا بىر تاياق تۇتقان ھالدا يالىڭاياغ ئۇلۇغ خاقاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ سالام بەرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ تاياقنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن خاقاننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرىدىكەن. خاقان بەگكىمۇ كۈندۈر خاقان (135) دېگەن بىرى ۋەكىللىك قىلىدىكەن. كۈندۈر خاقانغا بولسا جەۋشىگىر (136) دېگەن بىر ئادەم ۋەكىللىك قىلىدى-

كەن.

ئۇلۇغ خاقان ئادەتتە خەلقنى يىغىپ مەجلىس ئاچمايدىكەن، ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلىمەيدىكەن. يۇقىرىدىكى كىشىلەردىن باشقىسى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرەلمەيدىكەن. كېلىشىم تۈزۈش، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، جازالارنى ئىجرا قىلىش، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش، ۋەھازاكالار خاقان بەگىنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەن.

ئادەت بويىچە، ئۇلۇغ خاقان ۋاپات بولسا، ئۇنىڭغا يىگىرمە ئىگىز ئۆيلۈك چوڭ بىر ساراي سېلىپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەربىرىدە ئۇنىڭغا بىردىن يەرلىك قېزىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تاشلار سۇرمە تالقىنى ھالىغا كەلگۈچە سوقۇلۇپ، قەبرىنىڭ ئىچى ئۇنىڭ بىلەن سۇۋىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستى ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك بىلەن ئاقلىنىدىكەن. سارايىنىڭ تېگىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چوڭ بىر دەريا بار ئىكەن (137)، «شەيتان، ئادەم، قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئۇنىڭغا تېگەلمىسۇن» دەپ، دەريانى بۇ قەبرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىدىكەن.

خاقان دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، قەبرىنىڭ قايسى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسۇن دەپ، يەرلىككە قويغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن. ئۇنىڭ قەبرىسىنى «جەننەت» دەيدىكەن. قەبرىگە قويۇلغاندا «جەننەتكە كىردى» دەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن ئۆيلەر ئالتۇن ئارىلاش يىپ بىلەن توقۇلغان يىپەك رەخت بىلەن بېزىلىدىكەن.

ھازار خاقانىنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى، ئوردىسىدا ھەر دائىم يىگىرمە بەش خوتۇنى ھازىر ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەربىرى قوشنا مەملىكەتلەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قىزى بولۇپ، بەزىلىرىنى رازىلىقى بىلەن، بەزىلىرىنى مەجبۇرىي ئالغانىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، نىكاھسىز ئىنتايىن گۈزەل چۆرە قىزدىن ئاتمىشى بار ئىكەن. ھەر ۋە چۆرە قىز بولغان بۇ خوتۇنلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئايرىم قەسىر ۋە ساج ياغىچى بىلەن ياسالغان گۈمبەزلىك چېدىرى بار

ئىكەن. ھەربىر چېدىرنىڭ يېنىدا باشقا بىر ئادىي چېدىر بولۇپ، بۇلاردا ھەربىر چۆرە قىزنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر خادىم بولىدىكەن. خاقان بۇ چۆرە قىزلاردىن بىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولماقچى بولسا، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان خادىمغا خەۋەر قىلىدىكەن. بۇ خادىم كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە چۆرە قىزنى باشلاپ كېلىپ، گۇمبەزلىك چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرىدىكەن. خاقان ئىشنى پۈتتۈرگەندە، چۆرە قىزنىڭ قولىدىن يېتەكلەپ دەرھال گۇمبەزلىك چېدىرغا ئېلىپ كېتىدىكەن.

ئۇلۇغ خاقان ئېتىغا مىنىپ، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىر يەرگە ماڭسا، باشقا لەشكەرلەرمۇ ئاتلىرىغا مىنىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارىدىكەن. يول ئۈستىدە خاقان بىلەن باشقىلار ئارىسىدا بىر مىل ئارىلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭ تەۋەسىدە ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى دەرھال ئالدىدا باش قويۇپ سەجدە قىلىدىكەن، ئۇ ئۆتۈپ كەتكۈچە بېشىنى كۆتۈرمەيدىكەن.

خاقانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق مۇددىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا 40 يىل ئىكەن. ھۆكۈمدارلىق مۇددىتىنى بىر يىل ئاشۇرۇۋەتسە، تەۋەسى ۋە قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى ئەقلىدىن ئازدى، ئاجىزلىدى» (138) دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. خاقان بىر يەرگە لەشكەر ئەۋەتسە، ئۇلار ھەرقانداق شەكىلدە ۋە ھېچقانداق سەۋەب بىلەن جەڭدىن قاچمايدىكەن. مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدىكەن. ئۇنىڭ قوماندانلىرى ۋە ۋەكىلى (خاقان بەگ) مەغلۇپ بولۇپ چېكىنسە، ئۇلارنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى باشقىلارغا بەخشەندە قىلىدىكەن. بەزىدە ئۇلارنى ئىككى پارە قىلىپ، جەسەتلىرىنى دارغا ئاسىدىكەن. بەزىدە بويۇنلىرىدىن ياغاچقا ئاستۇرىدىكەن. ئايرىملىرىنى ئەپۇ قىلىپ ئات باققۇچى قىلىپ ئىشلىتىدىكەن. (139)

ھازار خاقانىنىڭ ئېدىل دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قۇرۇل-

غان چوڭ بىر شەھىرى بار ئىكەن. دەريانىڭ بىر تەرىپىدە مۇسۇلمانلار، يەنە بىر تەرىپىدە خاقان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى تۇرىدىكەن (140). مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا خاقاننىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ھاز(141) ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان بار ئىكەن. ھازارلار يۇرتىدا ئولتۇراقلاشقان ۋە تىجارەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى بۇ مۇسۇلمان خىزمەتچىگە ھاۋالە قىلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا قارىيالمايدىكەن ۋە ئارىلىرىدىكى كېلىشمەسلىكلەر ھەققىدە ھۆكۈم قىلالمايدىكەن.

بۇ شەھەردە مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇيدىغان ۋە جۈمە كۈنلىرى جەم بولىدىغان بىر مەسچىت (142)بار ئىكەن. بۇ مەسچىتنىڭ ئېگىز مۇنارىسى، بىرقانچە ئىمام ـ مەزىنى بار ئىكەن. ھازار خاقانى ھىجرىيە 310 (مىلادىيە 922 — 923) ـ يىللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دارىل بابۇ نەجدە (143) بىر يەھۇدىي چېركاۋنى بۇزۋۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ مەسچىتنىڭ مۇنارىنى ئۆرۈۋېتىشنى ۋە ئىمام ـ مەزىنلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلىپتۇ ۋە «ئىسلام ئەللىرىدىكى پۈتۈن چېركاۋلارنىڭ بۇزۇۋېتىلىشىدىن قورقمىسام، مەسچىتنىمۇ بۇزۇۋېتەتتىم» دەپتۇ.

ھازارلار ۋە ئۇلارنىڭ خاقانلىرى يەھۇدىي بولۇپ، بۇلغارلار ۋە پۈتۈن قوشنىلىرى ھازارخاقانىغا تەۋە ئىكەن. ئۇنىڭغا قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىكەن.

# ئىككىنچى قىسىم

## ئەبۇ دۇلەفنىڭ «رىسالە» سىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى

ئەبۇدۇلەف مىسئار بىن مۇھەلھىل مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئەسەردە تۈرك ئۆلكىلىرى (ئەللىرى)، ئۇلارنىڭ ھەر خىل قەبىلىلىرى، ئىدارە قىلىنىشى، ئىبادەتخانىلىرى، ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، مەنسەپدارلىرىنىڭ دەرىجىلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇلاردىن خەۋەردار بولۇش كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئاللا: «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ» دەپ (144) ئەقىل ئىگىلىرىگە، ئىبرەت ئالغۇچىلارغا ۋە ئاڭلىق ئىنسانلارغا بۇ خۇسۇستا بىشارەت بەردى.

ھۆكۈمدار ناسىر بىن ئەخمەد ئىسمائىل ئەل سامانىينىڭ ھوزۇرىغا بارغىنىمدا، يېنىدا چىن ھۆكۈمدارى قالىن بىن ئەل شاھىر(145) نىڭ ئەلچىلىرىنى كۆردۈم. ئۇلار ناسىر بىلەن قۇدا - باجا بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىزىنى سوراپ كەپتۇ. ناسىر قىزىنىڭ كۇپار ھۆكۈمدارى بىلەن نىكاھلىنىشىنىڭ دىنىي جەھەتتىن مەنئى قىلىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. ئەلچىلەر بۇنىڭدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزگەندە، ناسىرنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىگە چىن ھۆكۈمدارىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىشتى، ناسىر بۇنى قوبۇل قىلدى.

چىن ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە چىن هۆكۈمدارىغا بىر ئەلچىلەر ھەيئىتى ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن چىن ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاللانىڭ ياردىمىگە سىغىندىم ۋە ھەيئەت بىلەن بىللە يولغا چىقتىم.

خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر دەرياسىدىن ئۆتكىنىمىزدىن كېيىن، ئىسلام ئەللىرىدىن بىز دەسلەپ بارغان جاي ئەل خارگاھ(146) دېگەن يەر ئىدى. بۇغداي بىلەن ئارپا ئىستېمال قىلىدىغان بۇ يۇرتتا بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، تاختاخ(147) دېيىلىدىغان بىر شەھەرگە باردۇق. ئۇ يەردە ئارپا، تېرىق، ھەر خىل گۆش ۋە كۆكتاتلارنى يېدۇق. بۇ يۇرتتا بىخەتەر ۋە كۆڭۈللۈك 20 كۈن يۈردۇق. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى مۇسۇلمان بولغانلىقتىن ۋە ئىسلام ئەللىرىگە قوشنا بولغانلىقتىن، ئەل خارگاھ ئۆلكىسىگە قارايتتى. ئۇلارغا باج تۆلەيتتى ۋە كۆپ چاغلاردا ئەل خارگاھ خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، شەرق تەرىپىدىكى چىن ھۆكۈمدارىغا قارايدىغان مۇشرىكلار (كۆپ خۇدالىقلار) غا قارشى جەڭ قىلاتتى.

كېيىن نەجئە(148) دېيىلىدىغان بىر قەبىلىنىڭ يۇرتىغا باردۇق. ئۇ يەردە تېرىق، يەسمۇق، نوقۇت ئىستېمال قىلىش بىلەن بىخەتەر بىر ئاي يۈردۇق. بۇلار مۇشرىك بولۇپ، تاختاخ شەھىرى ھۆكۈمدارىغا سېلىق تۆلەيدىكەن. بۇ يەرنىڭ خەلقى ھۆكۈمدارلىرىغا چوقۇنىدىكەن ۋە ئۇكۈزنى مۇقەددەس بىلىدىكەن(149) . بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئۆكۈز تېپىلمايدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئۈزۈم، ئەنجۈر ۋە مۇشمۇلا (بەشبۇرۇت) كۆپ چىقىدىكەن. ئۇ يەردە ئوتتا كۆيمەيدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن بۇت ياسايدىكەن. خرىستىئان يولۇچىلار بۇ دەرەخنىڭ ئىسا ئېسىلغان دارنىڭ ياغاچ تورىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار يېنىدا بۇ ياغاچتىن ئازراق ئېلىپ يۈرىدىكەن.

بۇ قەبىلىدىن كېيىن پەچەنەكلەر يېنىغا باردۇق. ئۇلار ئۆزئۆن ساقاللىق ئادەملەر بولۇپ، بىر - بىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىپ ۋە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار پەقەت تېرىقلا يەيدىكەن. يول ئۈستىدە ئايالالار بىلەن جۈپلىشىۋېرىدىكەن. پەچەنەكلەر ئارىسىدا ئون ئىككى كۈن يۈردۇق. بىزگە بۇلارنىڭ يۇرتى شىمالدا ساقالىبە (سىلاۋلار) نىڭ يۇرتىغا تۇتاش ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. پەچەنەكلەر مۇستەقىل بولۇپ، ھېچ يەرگە باج - سېلىق تۆلىمەيدىكەن(150).

ئۇلاردىن كېيىن چىغىل قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا باردۇق(151). بۇلار پەقەت ئارپا، پۇرچاق ۋە قوي گۆشى يەيدىكەن. تۆگە سويمايدىكەن، يۇرتىدا ئۆكۈز يېتىشتۈرمەيدىكەن ۋە ئۆكۈز گۆشىنى يېمەيدىكەن. يۇڭ رەخت ۋە جۇۋىدىن باشقا نەرسە كىيمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز ساندا خرىستىئانلار بار ئىكەن. چىغىللار چىرايلىق كېلىدىكەن. ئۇلار جەنۇبىي قۇتۇپ چولپان يۇلتۇزى، ساتۇرن، قوشكېزەك يۇلتۇز، شىمالىي قۇتۇپ يەتتە يۇلتۇزى، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئوخشاش يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىكەن. پادىچى يۇلتۇزنى خۇدالارنىڭ خۇداسى، تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى دەيدىكەن. چىغىللار چېقىشقاق كېلىدىكەن، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدىكەن. ئەتراپىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى ئۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ۋە بېسىۋېلىش كويىدا ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا كەلقان دەيدىغان تاتلىق بىر ئۆسۈملۈك بولىدىكەن. بۇ ئۆسۈملۈكنى گۆش بىلەن پىشۇرىدىكەن. ئۇ يەردە بېزوئارى رودىسى ۋە ھايات ئەل خەنەك دەيدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار ئىكەن. قان بىلەن بۇغداي پىۋىسىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسىلىدىغان ۋە قاتتىق مەست قىلىدىغان بىر خىل ئىچىملىك بار ئىكەن. ئۆيلىرى ياغاچ ۋە كىگىزدىن ياسىلىدىكەن، مۇقىم بىر ھۆكۈمدارى يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا خاتىرجەم ۋە باياشاتلىق ئىچىدە قىرىق كۈن تۇردۇق.

چىغىللاردىن كېيىن بۇغراچ (152) قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا باردۇق. بۇ قەبىلىدىكىلەر ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ بورۇت قويىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ھۆكۈمدارى بار ئىكەن. بۇ ھۆكۈمدار ئەلەۋىي مەزھىپىدىن بولۇپ، يەھيا بىن زەيدنىڭ(153) ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا ھەل بىلەن يېزىلغان بىر كىتاب بار ئىكەن. بۇ كىتابتا زەيد(154) گە ئاتاپ يېزىلغان مەرسىيىلەردىن بەزى بېيتلار ئۇچرايدىكەن. بۇغراچلار بۇ كىتابقا چوقۇنىدىكەن. ئۇلار زەيد ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمدارى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بولسا ئىلاھى دەپ قارايدىكەن. باشلىقلىقا ئەلەۋىي سۇلالىسىدىن بولغان بىرىنى تەيىنلەيدىكەن. بۇ قەبىلىدىكىلەر ئاسمانغا قارىغاندا ئاغزىنى ئېچىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، «ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئۇ يەردىن چۈشۈپ، بۇ يەرگە چىقىدۇ» دەيدىكەن. زەيد سۇلالىسىدىن بولغان ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىگە خاس ساقاللىق كېلىدىكەن. بۇ قەبىلىنىڭ بۇرۇنلىرى قاڭشارسىز، كۆزلىرى يوغان بولىدىكەن. ئەسكەرلىرى باتۇر كېلىدىكەن. ئۇلار ناھايىتى ياخشى قوراللارنى ياسايدىكەن. تېرىق ۋە ئەركەك قوي گۆشىنى يەيدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئۆكۈز ۋە ئۆچكە بولمايدىكەن. لېكىن، يۇڭ رەختتىن كىيىم كىيىدىكەن. بۇ قەبىلە ئارىسىدا قورقۇنچ ئىچىدە بىر ئاي يۈردۇق. يېنىمىزدا بولغان نەرسىلەردىن ئۇلارغا ئالۋان تۆلىدۇق.

كېيىن تىبەتكە باردۇق. تىبەتلىكلەر ئارىسىدا 40 كۈن بۇغداي، ئارپا، كۆكتات، گۆش، ئۈزۈم ۋە مېۋە يەپ بىخەتەر يۈردۇق. ئۇلار ھەر خىل رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن. ئۆيلىرى قومۇشتىن ياسالغان چوڭ بىر شەھىرى بار ئىكەن. بۇ شەھەردە ئەيلەنمىگەن قوتاز تېرىسىدىن قاپلانغان بىر ئىبادەتخانىسى بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانىدا كەركىدان ۋە قوتاز مۈڭگۈزىدىن ياسالغان بۇتلار بار ئىكەن. بۇ يەردە مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار، ھىندىلار، مانىخېيستلار ۋە مەجۇسى-

www.uyghurkitap.com

لەر ياشايدىكەن. تىبەتلىكلەر بۇغراچ ئەلەۋىي ھۆكۈمدارىغا باج تاپشۇرىدىكەن. ھۆكۈمدارنى چەك تاشلاش ئارقىلىق سايلايدىكەن. ئۆز ئىچىدىن چىققان گۇناھكارلار ۋە جىنايەتچىلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىغان مەخسۇس مەجلىسلىرى بار ئىكەن. نامازنى كەبىگە قاراپ ئوقۇيدىكەن(155).

تىبەتتىن قىماق قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا باردۇق(156). ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ھايۋان تېرىسى بىلەن قاپلىنىدىكەن. نوقۇت، كۆكتات، ئەركەك قوي ۋە ئۆچكە گۆشى يەيدىكەن. بۇ ھايۋانلارنىڭ چىشىلىرىنى سويۇشنى توغرا كۆرمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا يېرىمى قارا، يېرىمى ئاق بىر خىل ئۈزۈم بار ئىكەن. ئۇلاردا يامغۇرنى ئۆزىگە تارتىدىغان بىر خىل تاش بار ئىكەن. بۇ تاش بىلەن خالىغان ۋاقىتتا يامغۇر ياغدۇرىدىكەن(157). قىماقلارنىڭ يۇرتىدا بىر تۇزلەڭلىكتە ئالتۇن رۇدىسى بار ئىكەن. بۇ رۇدىدا ئۇششاق ئالتۇن پارچىلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا سەل ئېقىتىپ كەلگەن ئۇششاق ئالماسلارمۇ ئۇچرايدىكەن. يېسە ئادەمنى ئۇخلىتىدىغان ۋە دانلىرى يۇمىلاق تاتلىق بىر ئۈسۈملۈك بار ئىكەن. قىماقلارنىڭ بەلگىلىك ھۆكۈمدارى ۋە ئىبادەتخانىسى يوق ئىكەن. ئۆزىگە خاس يېزىقى بار ئىكەن. ئۇلار سەكسەن ياشقا كىرگەن ۋە ئالجىغان، گۇناھسىز ياشانغان ئادەملەرگە چوقۇنىدىكەن.

قىماقلار ئىچىدە 35 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئوغۇزلار(158)نىڭ يېنىغا باردۇق. بۇ ئوغۇزلارنىڭ ئۆيلىرى تاشتىن، ياغاچتىن ۋە قومۇشتىن ياسالغان بىر شەھىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇت قويۇلمىغان ئىبادەتخانىلىرى بار ئىكەن ۋە چوڭ ھۆكۈمدارى بار ئىكەن. ھىندىستان ۋە چىن بىلەن تىجارەت قىلىدىكەن. بۇغداي، قوي ۋە ئۆچكە گۆشى يەيدىكەن. كەندىر رەخت ياكى مويلۇق تېرىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن، يۇڭ رەخت كىيمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قورساق سانجىقى (تول-

غاق) غا پايدا قىلىدىغان بىر تاش بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، قىلىچنىڭ يۈزىگە سۈركىسە ئۇنى ھېچ نەرسىگە ئۆتمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان بىر تاشمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىخەتەر ۋە ساق ـ سالامەت بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ (159) يۇرتىغا باردۇق.

توققۇز ئوغۇزلار بوغۇزلانغان ۋە بوغۇزلانمىغان مالنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن. پاختا رەخت ۋە يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن. ئالاھىدە ئىبادەتخانىلىرى يوق ئىكەن. ئۇلار ئاتنى ناھايىتى قەدىرلەيدىكەن. ناھايىتى ياخشى ئات يېتىشتۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا بۇرنى قانىغان كىشىلەرگە ئاسقان ھامان قاننى توختىتىدىغان بىر خىل تاش بار ئىكەن. ئۇلار ھەسەن ـ ھۈسەننى كۆرسە بەك خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن. ئىبادەتنى كۈن پاتقان تەرەپكە قاراپ قىلىدىكەن. چوڭ ھۆكۈمدارى بار ئىكەن. بۇ ھۆكۈمدارنىڭ بىر قەسرى، ئىچىگە ئالتۇندىن ياسالغان يۈز كىشى سىغىدىغان ۋە ئون فەرساخ نېرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر چېدىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بايرىقى قارا بولىدىكەن. توققۇز ئوغۇزلار ئىچىدە 20 كۈن چوڭ قورقۇنچ ئىچىدە تۇرغاندىن كېيىن، قىرغىزلار (160) دېگەن بىر قەبىلىنىڭ يۇرتىغا باردۇق.

قىرغىزلار تېرىق، گۈرۈچ ۋە تۆگىدىن باشقا، ئۆكۈز، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن. تۆگە گۆشىنى يېمەيدىكەن. ئىبادەتخانىلىرى ۋە يېزىقى بار ئىكەن. ئۆزىگە خاس قانۇنلىرى ۋە رەسىم ـ قائىدىلىرىمۇ بار ئىكەن. چىراغنى ئىچىدىكى يېغى تۈگەپ، ئۆزى ئۆچۈپ قالمىغۇچە ئۆچۈرمەيدىكەن. ئىبادەت قىلغاندا ئوقۇيدىغان بىر يۈرۈش دۇئا ۋە دۇرۇتلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئاز مىقداردا ئىپارمۇ بار ئىكەن. يىلدا ئۈچ قېتىم ھېيت قىلىدىكەن. بايرىقى يېشىل ئىكەن. جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئىبادەت قىلىدىكەن. ساتۇرن، ۋېنېرا يۇلتۇزلىرى-

نى بەخت ـ سائادەت، مارسنى بەختسىزلىك سىمۋولى قىلىنىدى-كەن. قىرغىزلارنىڭ يۇرتىدا ياۋايى هايۋانلار كۆپ ئىكەن. ئۇ يەردە كېچىسى ئەتراپنى يورۇتىدىغان بىر خىل تاش بار ئىكەن، چىراغ ئورنىدا كۆپىنچە بۇ تاشنى قوللىنىدىكەن. بۇ تاش باشقا يەرلەردە ئىشلەنمەيدىكەن. ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان هۆكۈمدارى بار ئىكەن. بۇ هۆكۈمدارنىڭ هوزۇرىدا پەقەت قىرىق ياشتىن ئاشقانلار ئولتۇرالايدىكەن. قىرغىزلار ئارىسىدا بىر ئاي بىخەتەر ۋە كۆڭۈللۈك تۇرغاندىن كېيىن، قارلۇقلارنىڭ يۇرتىغا باردۇق(161).

قارلۇقلار نوقۇت ۋە يەسمۇق يەيدىكەن. تېرىقتىن بىر خىل ئىچىملىك ياسايدىكەن. توزلانغان گۆش يەيدىكەن. يۇڭ رەخت كىيىدىكەن. تاملىرىدا مەشهۇر هۆكۈمدارلىرىنىڭ رەسىملىرى بولغان ئىبادەتخانىلىرى بار ئىكەن. ئۆيلىرى ئوتتا كۆيمەيدىغان بىر خىل ياغاچتىن ياسىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا بۇنداق ياغاچ كۆپ ئىكەن. ئۇلار ئارىسىدا زورلۇق ـ زومبۇلۇق ۋە زۇلۇم كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تالان ـ تاراج قىلىدىكەن. قارلۇقلار ئارىسىدا زىنا مەنئى قىلىنمايدىكەن. ئۇلار قىمارۋاز كېلىدىكەن. قىماردا بىرى يەنە بىرىنىڭ خوتۇنىنى، سىڭلىسى-نى، قىزىنى ياكى ئانىسىنى ئۇتۇۋالالايدىكەن. ئوتتۇرغان كىشى قىمار ئاياغلاشماي تۇرۇپ ئارىلىق بېرىپ قۇتۇلالايدىكەن. لې-كىن، ئۇتقان كىشى ئۇتقان نەرسىسىنى قىمار تارقىغاندىن كې-يىن سودىگەرلەرگە خالىغانچە ساتالايدىكەن. قارلۇقلارنىڭ ئايال-لىرى گۈزەل، ئەمما ئىپپەتسىز كېلىدىكەن. ئۇلار خوتۇنلىرىنى ئانچە كۈنلىمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلىنىڭ خوتۇنى، قىزى ياكى سىڭلىسى يات كارۋانلار كەلگەندە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېتىدى-كەن. كۆڭلىگە ياققان بىر ئادەمنى كۆرسە، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا مەرهەمەت قىلىدىكەن، ئۇنى مېهمان قىلى-دىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا سىماب ئارىلاش كۈمۈش رۇدىسى چى-



www.uyghurkitap.com

قىدىكەن. قارلۇقلارنىڭ يۇرتىدا ھەلىلە ياغىچى ئورنىدا ئىشلىتى-
دىغان تىك ئۆسىدىغان بىر دەرەخ بار ئىكەن. بۇ دەرەخنىڭ
شىرنىسى بەدەندىكى قىزىتمىلىق ئىششىقلارغا سۇرۇلسە تېز ياذ-
دۇرىدىكەن. قارلۇقلارنىڭ يۇرتىدا مۇقەددەس بىلىدىغان، ماجى-
رالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان بىر
تاش بار ئىكەن، بۇ تاش يېشىل بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ يىپەك
كىيىملەرنى كىيىدىغان بىر ھېيتى بار ئىكەن، بۇ ھېيتتا يىپەك
كىيىم كېيەلمىگەنلەر كىيىمىگە بىر پارچە يىپەك رەخت پۇرۇچى-
نى يامىۋالىدىكەن. قارلۇقلار ئارىسىدا 25 كۈن بىخەتەر تۇرغاذ-
دىن كېيىن قۇتلۇقلار[162] يۇرتىغا باردۇق.

قۇتلۇقلار پەقەت بۇغداي ۋە بوغۇزلانمىغان ھايۋان گۆشلىرى-
نى يەيدىكەن. پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە باتۇرلۇقتا ئۇلار-
نىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىكەن. ئەتراپىدىكى پۈتۈن قەبىلى-
لەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانىكەن. قىز قې-
رىنداشلىرىنى نىكاھىغا ئېلىۋېرىدىكەن. ئاياللىرى ئۆمۈر بويى
بىر ئەرنىڭ ئەمرىدە بولىدىكەن. ئېرى ئۆلگەن خوتۇنلار قايتا
ئەرگە تېگەلمەيدىكەن. قۇتلۇقلار ئۆزىگە خاس قانۇنلىرى بار بىر
ھوقۇقلۇق قەبىلە ئىكەن. ئۇلار زىنا قىلغان ئەر ۋە ئاياللارنى
كۆيدۈرۈۋېتىدىكەن. ئۇلار ئارىسىدا نىكاھتىن ئاجرىشىش بولماي-
دىكەن. ئۆيلەنگەن ئەر كىشى پۈتۈن مال ـ دۇنياسىنى ھەققى
مەھرى قىلىپ بەرگىنىدەك، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بىر يىل
خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ قاتىللاردىن قىساس ئېلىش تۈزۈ-
مى بار ئىكەن. يارىلاندۇرۇش ھادىسىلىرىدە بولسا تۆلەم تۆلەيدى-
كەن. يارىلانغۇچى تۆلەمنى ئالغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسە قى-
ساس ئېلىنمايدىكەن. ھۆكۈمدارلىرى زۇلۇم ۋە يامانلىقلارغا يول
قويمايدىكەن. ھۆكۈمدارلىرى ئۆيلەنمەيدىكەن. ئۆيلەنسە ئۆلتۈرۈ-
لىدىكەن[163]. قۇتلۇق تۈركلىرى ئارىسىدا 10 كۈن يۈرگەندىن
كېيىن قىتايان (خىتاي) دېيىلگەن قەبىلىنىڭ يۇرتىغا باردۇق.

قىتايانلار (قىتانلار) (164) ئارپا، پۇرچاق ۋە بۇغۇزلانغان هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن. ئۆز شەرتلىرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە نىكاھلىنىدىكەن. باشقۇرۇش جەھەتتە ئەقلىي ھۆكۈملىرىنى ئەمىر - پەرمان سۈپىتىدە ئىشلىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالاھىدە سۇلتانلىرى يوق ئىكەن. ئۇلاردىن ھەر ئون كىشى جېدەل- ماجىرالاردا ئەقىل ۋە پىكىر ئىگىسى بولغان بىر ياشانغان كىشىگە مۇراجىئەت قىلىدىكەن، ئۇنى كېلىشتۈرگۈچى قىلىدىكەن. قىتايانلار يۇرتىدىن ئۆتكەن يات يۇرت ئادەملىرىگە زۇلۇم ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلمايدىكەن. قىتايانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يىلدا بىر ئاي ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغان ئىبادەتخانىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار بويەغان نەرسىنى ھەرگىز كىيمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئىنتايىن خۇش پۇراقلىق بىر خىل ئىپار بولۇپ، باشقا مەملىكەتلەرگە ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنىڭ پۇرىقى يوقاپ كېتىدىكەن. قىتانلار كۆكتات تېرىشقا ئۇستا ئىكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قارىغان كىشىنى ئۆلتۈرىدىغان يىلانلار بار ئىكەن. بۇ يىلانلار تاغدا بولۇپ، ئۇ يەردىن زادى سىرتقا چىقمايدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قىزىتمىنى قايتۇرىدىغان بىر خىل تاش بولۇپ، ئۇ باشقا يەردە تەسىر كۆرسەتمەيدىكەن. ئۇ يەردە يېشىل تومۇرلۇق، ناھايىتى قىممەتلىك بېزوئارى تېشى ئۇچرايدىكەن. قىتايانلار ئارىسىدا 20 كۈن تۇرۇپ، كېيىن بەھىلەرنىڭ يۇرتىغا باردۇق...

# ئۇچىنچى قىسىم

## مەرۋەزنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى

### تۈرك قەبىلىلىرى ھەققىدە

تۈركلەر ناھايىتى كۆپ تۈرلەرگە، قەبىلە ۋە ئايماقلارغا بۆلۈنگەن چوڭ بىر مىللەتتۇر. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شەھەر ۋە يېزىلاردا، بىر قىسمى بوز دالا ۋە چۆللەردە ئولتۇرىدۇ(165).

تۈركلەرنىڭ چوڭ قەبىلىلىرىدىن بىرى ئوغۇزلار بولۇپ، ئوغۇزلار 12 قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمى توققۇز ئوغۇز، بىر قىسمى ئۈيغۇر، بىر قىسمى ئۇچ غۇز (ئۈچ ئوق) (166) دېيىلىدۇ. ھۆكۈمدارلىرى توققۇز خاقان دېيىلىدۇ(167). توققۇز خاقانىنىڭ كۆپ ئەسكىرىي قوشۇنى بار. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ بۇرۇن مىڭ مۇھاپىزەتچىسى، تۆت يۈز كېنىزىكى بولۇپ، بۇ مۇھاپىزەتچىلەر ھەر كۈنى ھۆكۈمدار بىلەن ئۈچ ۋاخ تاماقتا بىللە بولاتتى. تاماقتىن كېيىن ئۈچتىن بولۇپ، ئىچىملىك ئىچىشەتتى. ھۆكۈمدارى يىلدا پەقەت بىر قېتىم خەلق ئارىسىغا چىقاتتى. ئوغۇزلارنىڭ سىياسەت جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويغان ياخشى نىزام ۋە قانۇنلىرى بار. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شەھەرلەردە ئۆيلەردە، بىر قىسمى قىر - دالا ۋە سەھرالاردا چېدىر ۋە ئوتاق (چوڭ چېدىر) لاردا ئولتۇرىدۇ. ئوغۇز دالىلىرىنىڭ بىر قىسمى ماۋەرائۇننەھر، بىر قىسمى خارەزىم بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئوغۇزلار ئىسلام چېگرىلىرىغا كەلگەندە، بىر قىسمى مۇسۇلمان

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، تۈركمەن دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. بۇ تۈركمەنلەر بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئوغۇزلار ئارىسىدا جەڭلەر بولدى. كېيىن ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلار كۆپىيىپ، قارشى ئېلىنغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالدى. بۇلار كۆپار ئۇرۇقداشلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇلارنى قوغلىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئوغۇزلار خارەزىمدىن يىراقلىشىپ، پەچەنەكلەر يۇرتىغا كەتتى. مۇسۇلمان بولغانلار (تۈركمەنلەر) بولسا ئىسلام ئەللىرىگە تارقالدى. ئۇ يەرلەردە ياخشى بىر سىياسەت يولغا قويۇپ، ئىسلام زېمىنلىرىنىڭ كۆپىنى قولغا ئېلىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ۋە سۇلتانلىرى بولدى. (168)

تۈركلەردىن باشقا بىر قىسمى **قۇن (ھون)** (169) دېيىلىدۇ. بۇلار ناستۇر مەزھىپىدە بولۇپ، قىتايان خاقانىدىن قورققانلىقى ۋە ئوتلاقلىرى تار بولغانلىقى ئۈچۈن ختاي زېمىنىدىن ئايرىلىپ چىقتى. خارەزىمشاھ ئېكىنچى بىن قوچقار (ھىجرىيە 491 ــ يىلى، مىلادىيە 1097 ــ يىلى ۋاپات بولغان) ئۇلاردىن ئىدى. ھونلارنى نوپۇسى كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغان **قايىلار** قوغلاپ چىقاردى (170)، ئۇلارنى ئوتلاقلىرىدىن چىقىرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن **شارىلەر** (سېرىق ئۇيغۇر) (171) نىڭ مەملىكىتىگە كەلدى، سېرىق ئۇيغۇرلار بولسا تۈركمەنلەرنىڭ زېمىنىغا كەلدى. تۈركمەنلەرمۇ ئوغۇزلارنىڭ شەرقتىكى زېمىنلىرىغا كىردى. ئوغۇزلار بولسا ئەرمىنىيە دېڭىزى (172) بويىغا يېقىن جايدىكى پەچەنەكلەر يۇرتىغا كەتتى (173).

تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى **قىرغىزلار**دۇر. قىرغىزلار نوپۇسى كۆپ بىر قەبىلە بولۇپ، يۇرتى يازلىق بولغان شەرق زېمىنى بىلەن شىمال زېمىنى ئارىسىدا. ئۇلارنىڭ شىمالىدا **قىماقلار**، غەربىدە **ياغما** (174) لار ۋە **قارلۇقلار** بار. **قوجا ۋە ئەركلەر** (175) بولسا قىشلاق بولغان غەرب بىلەن جەنۇب ئارىسىدىدۇر. قىرغىزلارنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى، ئۆلۈكلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلار،

ئوت ئۆلۈكلەرنى تازىلايدۇ ۋە گۇناھتىن پاك قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ كۆيدۈرۈش ئادىتى ئۇلار ئارىسىدا بۇرۇندىن بار ئىدى. لېكىن، مۇسۇلمانلار بىلەن قوشنا بولغاندىن كېيىن ئۆلۈكلىرىنى كۆمۈشكە باشلىدى(176). قىرغىزلار ئارىسىدا خەلق ئىچىدە قاغىنۇن(177) (شامان بولۇشى مۇمكىن) دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ھەر يىلى بەلگىلىك بىر كۈندە بۇ ئادەم چاقىرىلىپ، ناخشىچىلار، چالغۇچىلار ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئادەملەر توپلىنىدۇ. بۇلار ئىدچىپ كۆڭۈل ئېچىشقا باشلايدۇ. سورۇن تازا قىزىغاندا ھېلىقى ئادەم ھوشىدىن كېتىپ، تۇتقاقلىقى تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك يىقىلىدۇ. ئۇ شۇ ھالدا تۇرغاندا، ئۇنىڭدىن يېڭى بىر يىلدا بولىدىغان ئىشلار سورىلىدۇ. ئۇ يېڭى بىر يىلنىڭ باياشاتلىق ياكى قەھەتچىلىك، ھۆل - يېغىنلىق ياكى قۇرغاقچىلىق بولىدىغانلىقى، يەنە نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار بۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىدۇ(178).

قىرغىزلارنىڭ يۇرتىدا چوڭقۇر جىلغىلار ۋە تاغلار ئارىسىدىن ئېقىپ كەلگەن تۆت دەريا ئاقىدۇ...

تۈركلەرنىڭ بىر قىسمىنى قارلۇقلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار بۇرۇندىن تۇلىس(179) تېغىدا ياشايتتى. بۇ تاغ ئالتۇن تاغدۇر. قارلۇقلار مانا شۇ تاغدا ياشايدىغان ۋاقىتتا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەسىرلىرى ئىدى. ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۈرگىشلەرنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۇلتانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. كېيىن ئۇ يەردىن ئىسلام ئەللىرىگە كەلدى. قارلۇقلار توققۇز قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۈچ گۇرۇپپىسىنى چىغىللار، ئۈچ گۇرۇپپىسىنى ئاسكەلىكلەر، بىر گۇرۇپپىسىنى بۇلاقلار، بىر گۇرۇپپىسىنى گۆگەرگىنلەر، بىر گۇرۇپپىسىنى تۇخسىلەر تەشكىل قىلىدۇ(180).

تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يەنە بىرى قىماقلاردۇر. بۇ قەبىلىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان يېزىلىرى ۋە ئۆيلىرى يوق. بۇلار سازلىق-

لاردا، قۇرغاق جايلاردا، ئوتلاقلاردا ياشايدۇ. كۆپ ئىقلاردا كالا ۋە قوي باقىدۇ. بۇ قەبىلە تۆگە باقمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇرتىدا تۆگە بىر يىلدىن ئارتۇق ياشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا تۇزمۇ يوق. كۆپىنچە سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ يۇرتىغا تۇز ئاپىرىدۇ. بىر پاتمان تۇزنى بىر جۇۋىغا تېگىشىدۇ. قىماقلار يازدا بايتال سۈتى (قىمىز) بىلەن، قىشتا بولسا ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قار قاتتىق ياغىدۇ. كۆپ چاغلاردا قار نەيزە بويىغا يېتىدۇ. بۇنداق قېلىن قار ياغقان چاغلاردا ماللىرىنى ئوغۇزلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، ئوغۇزلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم بار. قىماقلارنىڭ قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدا ئولتۇرىدىغان گەمە ئۆيلىرى بار. ئۇلاردىن بىرى قاما ۋە قۇندۇز ئوۋلاشقا چىقسا، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەز، كەڭلىكى بىر غېرىچ كېلىدىغان ئىككى ياغاچ ئالىدۇ. بۇ ياغاچلارنىڭ بىر ئۇچى كېمىنىڭ بېشىغا ئوخشاش ئېگىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ياغاچلارنى پۇتىغا باغلاپ، قار ئۈستىدە خۇددى سۇدا كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاش ماڭىدۇ (بۇ يەردە چاڭغىنى دېمەكچى بولىدۇ).

قىماقلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە (شىمالدا) ئوتقا ۋە سۇغا چوقۇنىدىغان ئۈچ قەبىلە بار(181). بۇلار يات ئادەملەر بىلەن سۆزلەشمەيدۇ. ئىشارەت بىلەن ئېلىم ـ بېرىم قىلىدۇ. يات ئادەم ساتىدىغان مېلىنى بىر تاختا ئۈستىدە ئېلىپ كېلىدۇ. كېيىن قىماقلاردىن بولغان كىشى ئالىدىغان مالغا بېرىدىغان نەرسىنى ئېلىپ كېلىپ ھېلىقى كىشىنىڭ مېلىنىڭ يېنىغا قويىدۇ. ئەگەر مېلىنى ئالماشتۇرۇشقا رازى بولسا، ئۇنىڭ مېلىنى ئېلىپ، ئۆز مېلىنى ئۇنىڭ تاختىسى ئۈستىگە تاشلايدۇ، رازى بولمىسا، ھېلىقى كىشىنىڭ مېلىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە سېرىق چىنە ۋە قىزىل چەينەكلەرنى سېتىۋالىدۇ. يىلدا بىر كۈن روزا تۇتىدۇ. مېيىتلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. ئۆلۈمگە يىغلىمايدۇ. ئاللا-

نىڭ تەقدىرىگە رازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قىماقلارنىڭ قىبىلە تەرىپىدە نەسرىيە (؟) [182] دېگەن بىر قەبىلە بولۇپ، بۇلارنىڭ دائىمىي باشلىقلىرى بولىدۇ. بۇلار ياز ۋە قىش ئورمانلىقلار ۋە دەرەخزارلىقلاردا تۇرىدۇ.

پەچەنەكلەر كۆچمەن قەبىلە [183] بولۇپ، دائىم يامغۇرلۇق ۋە ئوت-چۆپلۈك يەرلەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 30 كۈنلۈك يول كېلىدۇ. ئەتراپىدا ناھايىتى كۆپ قەبىلىلەر ياشايدۇ. شىمالدا قىپچاقلار [184]، غەربىي جەنۇبىدا بۇلغارلار ياشايدۇ. مانا شۇ بارلىق قوشنا قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ زېمىنىغا، ئۇلارمۇ بۇ قوشنىلىرىنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشىپ تۇرىدۇ. پەچەنەكلەر باي بولۇپ، نۇرغۇن چارۋا مال، ماددىي ئەشيا ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلەرگە ئىگە. پەچەنەكلەر بىلەن ھازارلارنىڭ ئارىلىقى بوز دالا ۋە ئورمانلىقلاردىن ئىبارەت ئون كۈنلۈك يول كېلىدۇ. بۇ ئىككى قەبىلىلەر گۇرۇپپىسى ئارىسىدا بەلگىلىك بىر يول يوق. ئارىسىدىكى مۇساپىنى يۇلتۇزلارغا ۋە باشقا ئالامەتلەرگە قاراپ تەخمىنەن ھۆكۈم قىلىدۇ.

ھازارلارنىڭ يۇرتى كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ بىر تەرىپى چوڭ بىر تاغقا تۇتىشىدۇ. بۇ تاغنىڭ چوققىسىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن تۇلاس ۋە لاۋار [185] لار بار. بۇ تاغ تىفلىس زېمىنلىرىغىچە سوزۇلىدۇ. ھازارلارنىڭ پايتەختى سارىغشەندۇر. ئۇلارنىڭ خانبالىغ [186] دېگەن باشقا بىر شەھىرىمۇ بار. ھازارلار قىشتا بۇ ئىككى شەھەردە تۇرىدۇ. باھار كەلگەندە دالىلارغا چىقىدۇ. ياز بويى ئۇ يەرلەردە تۇرىدۇ. ھۆكۈمدارى بىر يەرگە بارسا، 10 مىڭ كىشى بىلەن بىللە يولغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى مۇنداق: ئەسكەرلىرى بىر سەپەرگە چىقسا، ھەربىرى يېنىدا قىزىل يۇلغۇن ياغىچىدىن ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتا قوزۇق ئېلىپ ماڭىدۇ. بىر يەردە قونغاندا ھەممىسى بۇ قوزۇقنى يەرگە قېقىپ، قالقانلىرىنى قوزۇققا يۆلەپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر

سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا قىرارگاھنىڭ ئەتراپى تامام چۆرۈلگەندەك بولىدۇ (2 - دە)، ھېچكىم ئۇلارغا تېگەلمەيدۇ.

تۈركلەرنىڭ يەنە بىر قەبىلىسى بۇرداسلار(187) دۇر. بۇرداس زېمىنى ھازار زېمىنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بىلەن ھازارلار ئارىسىدا 15 كۈنلۈك مۇساپە بار. ئۇلار ھازار خاقانىغا قارايدۇ. بۇرداسلار 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن چىقىرالايدۇ. ئۇلارنى رىجىم ئاستىغا ئالغان ۋە ئىدارە قىلىدىغان بىرەر ھۆكۈمدارى يوق. ھەر مەھەللىدە بىردىن چوڭ ئاقساقىلى بار. ئارىلىرىدا جېدەل - ماجىرا چىقسا، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. بۇرداسلار بۇلغارلارنىڭ ۋە پەچەنەكلەرنىڭ زېمىنىغا بۇلاڭ - تالاڭ ۋە تاجاۋۇز قىلىپمۇ كىرىدۇ. ئۇلار چىرايلىق، خۇشخۇي ۋە قاۋۇل كېلىدۇ. بۇلاردىن بىر قىز بالاغەتكە يەتكەندە، ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا قارىماي، ئۆزى خالىغان ئەرنى تاللايدۇ. ئۇلار چوشقا ۋە كالا باقىدۇ. بۇرداسلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمى ئۆلۈكلىرىنى كۆيدۈرىدۇ، يەنە بىر قىسمى كۆمىدۇ. زېمىنى تۈزلەڭلىك بىلەن، ئورمانلىقتۇر. ئورمانلارنىڭ كۆپى قېيىنزارلىق، ئۇنىڭدىن باشقا كەڭ دالىلىرىمۇ بار. زېمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 17 كۈنلۈكچە يول كېلىدۇ. ئۇ يەردە مېۋە بولمايدۇ، ئىچىملىكى ھەسەلدۇر.

ماجارلارمۇ تۈركلەردىندۇر(188). ئۇلارنىڭ يۇرتى يۈز فەرساخ ئۇزۇنلۇق، يۈز فەرساخ كەڭلىكتىكى چوڭ بىر زېمىندۇر. ھۆكۈمدارىنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرى بار. ئىسمى «كوندۇر» بولۇپ، بۇ ئىسىم ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانى. ئۇلار چېدىرلاردا ئولتۇرىدۇ، ھۆل - يېغىن ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۆچىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ بىر تەرىپى رۇم دېڭىزى (قارا دېڭىز) غا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە بۇ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئىككى دەريا بولۇپ، بۇ دەريالاردىن بىرى جەيھۇندىنمۇ



www.uyghurkitap.com

چوڭ. ماجارلارنىڭ يۇرتى بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى دۇنا، يەنە بىرى ئېدىل دەپ ئاتىلىدۇ. ماجارلار-نىڭ زېمىنى ئورمانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا زىرائەت تېرىلىدىغان يەرلىرىمۇ بار. ئۇلار ئەتراپىدىكى سىلاۋلار، رۇسلاردىن غالىب كېلىدۇ. ئۇلاردىن ئالغان ئەسىرلەرنى رۇمغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. ماجارلار چىرايلىق، كېلىشكەن، قاۋۇل، كۆپىنچە تىجارەت قىـلىدىغانلىقى ئۈچۈن باي ۋە مۇلۇكدار كېلىدۇ.

سىلاۋلار بىرمۇنچە قەبىلىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى بىلەن پەچەنەكلەرنىڭ ئارىسى بوزدالا، ئورمانلىق ۋە ئۆلكە يەر-لەردىن ئۆتىدىغان ئون كۈنلۈك يولدۇر. ئۇلار شۇ ئورماندا ئول-تۇرىدۇ. باغلىرى يوق. ئۈزۈم ئورنىغا كۆپ مىقداردا بال ئىشـلەپچىقىرىدۇ. ئۇلار كۆپ مىقداردا چوشقا يېتىشتۈرىدۇ. ئوتقا چوقۇنىدىغانلىقى ئۈچۈن مېيىتلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. ناھايىتى كۆپ تېرىق ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئىچىملىكنى بالدىن ياسايدۇ. كۆپ خىل مۇزىكا ئەسۋابلىرى بار. ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتا خۇش ئاۋاز بىر چالغۇ ئەسۋابى بار. ئۇد (زەخمەك بىلەن چالىدىغان پىپا شەكلـدىكى بىر خىل چالغۇ) لىرى تۈز، سەككىز تارلىق بولىدۇ. ئۇلار باياشات تۇرمۇشقىمۇ ئىگە ئەمەس. قوراللىرى مىزراك (ئۇزۇن نەيزە) ۋە مۇكەممەل قالقاندۇر. بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقىنى شۇۋىت (؟) دەيدۇ. ئۇنىڭ شارىج(189) دەيدىغان ۋەكىـلىمۇ بار. ھۆكۈمدارىنىڭ خۇسۇسىي ئارغىماقلىرى بار. يېمەكـلىكلىرى بايتاللارنىڭ سۈتىدىن ياسىلىدۇ. ھۆكۈمدار تۇرىدىغان شەھەر ھاۋېرات (؟)(190) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەردە ئۈچ ئايدا بىر يەرمەنكە بولۇپ تۇرىدۇ. سىلاۋلارنىڭ يۇرتى بەك سوغۇق بولىدۇ. شۇڭا چوڭقۇر گەمىلەرنى قېزىپ، ئۈستىنى ياغاچ بىلەن ياپىدۇ. قىشتا بۇ گەمىلەرنى تېزەك، ئوتۇن بىلەن ئىسسىتىدۇ ۋە بۇ يەرلەردە ئولتۇرىدۇ. قىشتا ماجارلار ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىـدۇ. سىلاۋلار بىر - بىرىنى بۇلاپ - تالىغانلىقى ئۈچۈن قۇللىـرىدا كۆپ ساندا ئەسىر بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

رۇسلار[191] بولسا دېڭىز ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈكچە كېلىدىغان بىر ئارالدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەردە ئورمانلىق ۋە قۇرغاق يەرلەر بار. بۇ ئارالنىڭ ئەتراپى دېڭىز بىلەن قاپلانغان. رۇسلار ناھايىتى ئۆم بولۇپ، ھاياتى ۋە تاپاۋىتىنى قىلىچ بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلاردىن قىز ۋە ئوغۇللىرى بار بىر ئادەم ئۆلسە، مال ـ دۇنياسىنى قىزىغا قالدۇرىدۇ. ئوغۇللىرىغا بىردىن قىلىچ بېرىپ، «داداڭلار بايلىقىنى قىلىچ بىلەن تاپقان. ئۇنى دوراڭلار ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارى بولۇڭلار» دەپ ئۆز يولىغا قويۇۋېتىدۇ. ھىجرىيە 300 (مىلادىيە 912 — 913) ـ يىلى ئۇلار خرىستىئان بولغۇچە، ئۇلارنىڭ ياشاش شەكىللىرى شۇنداق ئىدى. كېيىن خرىستىئانلىقنى قوبۇل قىلغاندا، دىن ئۇلارنىڭ قىلىچىنى قىنىغا سالدى، ئۇلجا ئىشكىلىرى تاقالدى، زىيان تارتىش ۋە ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. تۇرمۇشى تەس كۈنگە قالدى. بۇرۇنقىدەك جەڭ قىلىپ ۋەزىيىتىنى تۈزەش ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا كىرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ھۆكۈمدارنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن تۆت كىشىنى ئەلچى سۈپىتىدە خارەزىمگە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ۋىلادىمىر[192] ئىسىملىك مۇستەقىل بىر ھۆكۈمدارى بار. بۇ شەكىلدە تۈرك ھۆكۈمدارى خاقان، بۇلغار ھۆكۈمدارى بولسا يىلتىۋار (ئىلتابار) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. رۇسلارنىڭ ئەلچىلىرى خارەزىم ھۆكۈمدارىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. ئۇلار ئىسلامغا كىرىشنى خالايدىغانلىقى ئۈچۈن خارەزىمشاھ ناھايىتى خۇش بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئىسلامىيەتنى ئۆگىتىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولدى. رۇسلار كۈچلۈك ۋە تىز پۈكمەس ئادەملەردۇر. جەڭ قىلىش ئۈچۈن خېلى يىراق يەرلەرگىمۇ پىيادە بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازار دېڭىزىغا كېمىلەر بىلەن سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردىكى كېمىلەرنى بۇلاپ كېتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلىدۇ. قارا دېڭىز يولى بىلەن ئىستانبۇلغىمۇ سەپەر قىلىپ، دېڭىز قولتۇقى كۆۋرۈكىنىڭ ئاغ-

ـنى زەنجىرلەنگەن ھالدىمۇ بۇلاڭچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بىر قېتىم ھازار دېڭىزىغا سەپەر قىلىپ، بىر مەزگىل باردائىنى بېسىۋالدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى مەشھۇر. ھەتتا ئۇلاردىن بىر كىشى باشقا مىللەتلەردىن بىرقانچە كىشىگە تەڭ كېلەلەيدۇ. ئەگەر ئات باقىدىغان، ئاتلىق ئەسكەر بولىدىغان بولسا، كىشىـ لەرنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ.

يۇقىرىدا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرلىرى ۋە ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇم بولغانلارنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. ئۇلارنىڭ تۇرلىرى، ھەرىكەتلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈـ سىز كۆپ.

ھىپوكرات ۋە گالىنۇسلارنىڭ ئۇلار ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن بىر قىسمىنى بۇ يەرگە كىرگۈزىمىز(193):

ھىپوكرات مۇنداق دەيدۇ: «ياۋروپا زېمىنىدا تۈرك قەبىلىـ رىدىن بىرى ياشايدۇ(194). بۇ قەبىلىنىڭ خەلقى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مىسىر خەلقىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، مىسىر خەلقىنىڭ ناھايىتى ئىسسىقتا، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ناھايىتى سوغۇقتا ياشايدىغانلىقىدا.»

گالىنۇس: «سۇرماتا دېگەن كىشىلەر كىچىك كۆزلۈك بوـ لۇپ، يىراق ئارىلىقنى كۆرەلەيدۇ» دەيدۇ(195).

ھىپوكرات: «تۈركلەرنىڭ تاماقلىرى ۋە ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ، باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار چىراي ۋە ئادەت جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر يەردە: شۇنىڭ ئۇـ چۇن ئۇلار سېمىز كېلىدۇ. بوغۇملىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بەدەنلىرى يۇمشاق ۋە كۇچسىز» دەيدۇ.

ھىپوكرات يەنە بىر يەردە: «تۈركلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ سېمىزلىك تۇپەيلىدىن ئاختا قىلىنۋەتكەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ

هال يېزىلاردا ۋە شەھەرلەردە ئولتۇرىدىغانلاردا كۆرۈلىدۇ. لېكىن، بوز داللاردا ۋە سەھرالاردا ئولتۇرۇپ قىش-ياز كۆچمەنلىك بىلەن ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەھرىمانلىرى ۋە ئۇرۇشتا ئەڭ كۆپ قەيسەرلىك كۆرسىتىدىغانلاردۇر. بۇ كۆچمەنلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بىر قىسمىنىڭ باشلىقى ۋە ھۆكۈمدارى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. بىر قىسمى ھېچكىمگە قارىمايدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم بويسۇندۇرالمايدۇ. بۇلار تېخىمۇ جەسۇر ۋە قەھرىماندۇر» دەيدۇ. يەنە بىر يەردە: «ئاسىيالىقلارنىڭ بىر تۈرى باركى، ئۇلار ھېچكىمگە قارىمايدۇ. يونانلىقلار ۋە تۈركلەردەك، باشقا مىللەتلەر ئۇلارغا ھاكىم بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى ھاكىم كىشىلەردۇر. باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆكۈمدار قىلمايدۇ. باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ ۋە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلار باشقىلاردىن جەسۇر ۋە پىداكاردۇر. ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلارغا قارشى قەيسەرلىك كۆرسىتىپ، ئالغان غەنىيمەتلەرنى تەڭ بۆلۈشىدۇ» دەيدۇ.

گالىنۇس: «بۇ كېيىنكى قەبىلىنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىگە ئوخشاش جەڭ قىلىدۇ. بۇ ئاياللار كۈچى قوللىرىغا يىغىلسۇن، تېنى چاققان، ئاتقا بىر سەكرەپلا مىنەلەيدىغان بولسۇن دەپ، ئەمچەكلىرىدىن بىرىنى كېسىپ ئالدۇرۇۋېتىدۇ» دەيدۇ.

ھىپوكرات ئەسەرلىرىدىن بىرىدە بۇ ئاياللارنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى ئامازونلار دەيدۇ(196) . بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىر ئەمچەكلىك دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار يەنە بىر ئەمچىكىنى كېسىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئەمچەكلىرىدىن بىرىنى قالدۇرۇشىغا سەۋەب بولغان نەرسە باللىرىنى ئېمىتىش ۋە نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش غېمىدۇر. ئۇلار ئەمچەكلىرىدىن بىرىنى ئات ئۈستىدە ئوق ئېتىشقا توسالغۇ بولمىسۇن دەپ كېسىدۇ.

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمدارى ۋە رەھبىرى بولغانلار بەك كۆپ قەبىلىلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

# تۆتىنچى قىسىم

## ئەسەرنى تولۇقلىغۇچى خاتىرىلەر

بالباللار:

قەدىمي تۈركلەر ئۆلگەن كىشىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئۇ كىشىنىڭ هايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىگە سىمۋول قىلىپ، ياغاچ ياكى تاشتىن ئويۇلغان يوغان هەيكەللەرنى ئورنىتاتتى ۋە ئۇنى بالبال دەيتتى. ئۇلار مەزكۇر بالباللار ۋەكىللىك قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنكى هاياتىدا ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بالباللارنىڭ سانى قەبرىدىكى ئۆلۈكنىڭ هايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىنىڭ سانىغا قاراپ ئوخشاش بولمايتتى. بەزىدە مىڭغا يېتەتتى. بۇ هەقتە ئىبنى فەزلاننىڭ ئوغۇزلار هەققىدە بەرگەن مەلۇماتى باشقا تارىخچىلار ۋە سەيياھلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. رۇبروئۇك (Rubrouek) بالباللارنىڭ ياخشى ئويۇپ شەكىل بېرىلمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بالبال ئىبارىسى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ئۇستىدە مەھمۇد قەشقىرىمۇ ئالاھىدە توختالغان.

بۇلغارلار:

بۇ ئەسەردە ساقالىبە نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان بۇلغارلار تۈرك قەبىلىرىدىندۇر. بەزى مۇئەللىپلەر ئۇلارنى سىلاۋلار دەپ قارايدۇ. مەسئۇدىنىڭ بىر نەقىلىگە قارىغاندا، خەلىپە مۇقتەدىر زامانىدا هەجگە كەلگەن بۇلغارلار ئۆزلىرىنىڭ سىلاۋلار بىلەن تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى بىر ئىرق ئىكەنلىكىنى

ئېيتقان (ساقالىبە ئىبارىسىنىڭ كەڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا بايان قىلىندى).

مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە تارىخ سەھنىسىگە چىققان بۇلغارلار ئىلگىرى ۋولگا بىلەن دىنېستېر دەريالىرى ئارىسىدا ياشىغان ۋە غەربىي ھونلارنىڭ شەرقىي قانىتىنى تەشكىل قىلغان بىر ھون — تۈرك قەبىلىسىدۇر. بۇلغارلار كېيىنچە قايتىدىن غەربتە قۇترىغۇرلار، شەرقتە ئۇتىغۇرلار بولۇپ، دون دەرياسى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان ئىككى توپقا بۆلۈندى ۋە بىزانىسلار سەۋەبچى بولغان قېرىنداشلار ماجىراسى نەتىجىسىدە بۇلغارلار ئاۋارلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. مىلادىيە 626 ـ يىلى ئاۋارلار ئىستانبولدىكى مەغلۇبىيىتى نەتىجىسىدە يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇلغارلار كۇباندىن دونغىچە سوزۇلغان ساھەدە قۇبراتنىڭ باشقۇرۇشىدا بۈيۈك بۇلغارىستان دېيىلگەن بىر بۇلغار قىراللىقى (پادىشاھلىقى) نى قۇردى. بىراق بۇ قىراللىق ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشماي، 642 ـ يىلى قۇبراتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغۇللىرى ئارىسىدا پارچىلاندى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كۇبان ۋە كافكازىيىنىڭ شىمالىدا شەرقتىن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن ھازارلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئازىيىپ تۈگىدى. قۇبراتنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى پانونىياغا ئۆتۈپ، ئاۋارلارغا تەۋە بولدى. ئاسپارۇخ ئىسىملىك يەنە بىرى بولسا، تۇنادىن ئۆتۈپ، تۇنا ياكى بالقان — بۇلغار قىراللىقىنى قۇردى. تۆتىنچىسى شەرقىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئوتتۇرا ۋولگا ئۇستىدە ۋولگا بۇلغارلىرى قىراللىقىنى قۇردى. بىرىنچى قېتىم 627 ـ يىلى بىزانىسلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلگەن ھازارلارمۇ تۈرك نەسلى بولۇپ، بۇلغارلار بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ ئەكسىچە، ئىستەھرى ھازارلارنىڭ تىلى بۇلغارلارنىڭ تىلىغا ئوخشاشلىقىنى ئېيتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبنى فەزلاننىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسىدىن ۋە ئىسلام جۇغرا- پىيىچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋولگا بۇلغارلى- رى ھىجرىيە 4 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئۇلار شەكلەن سامانىيلارغا باغلىق بولغان خارەزىم بىلەن ھەتتا بىۋاستە سامانىيلار بىلەن دەريا ۋە قۇرۇق- لۇق يولىرى ئارقىلىق سودا مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋا- تاتتى. بۇ يول بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ئىسلامىيەت كېڭىيىشكە باشلىغان، قىرال ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى مۇسۇلمان بولغان- دى. بۇلغار ھۆكۈمدارى خەلىپەنىڭ ئوردىسىدىكى بەزى شەخسلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقانىدى. مانا بۇ ئەھۋال ئاستىدا ھۆكۈمدار خەلىپىگە خەلقىگە ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىدىغان ئالىم - ئۆ- لىمالارنى ئەۋەتىش ۋە دۈشمەنلەردىن ئۆزى ۋە تەۋەسىدىكىلەرنى قوغداش ئۈچۈن قورغان ياساشقا ياردەم تەلەپ قىلغان بىر مەكتۇپ يوللىدى. بۇ ياردەم تەلىپى قوبۇل قىلىندى. خەلىپىلىك ئوردى- سى بۇلغار قىرالىغا ئىبنى فەزلاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەلچىلىك ھەيئىتى ئەۋەتتى.

ھەر خىل مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇلغارلار بۇ چاغلاردا چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئاستا - ئاستا مەھەللىۋى ھاياتقا ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. ئىبنى فەزلان ئەلچى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا تېخى بارلىققا كەلمىگەن بۇلغار شەھىرى شۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل كېيىن مەسئۇدى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن- لىكى مەلۇم. ئىبنى فەزلان بارغان چاغلاردا بۇلغارلار ھازار خاقانىغا يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتە ئىدى. ئىسلامىيەت ئۇلار ئارىسىدا خېلى كەڭ يېيىلغانىدى. 965 - يىلى رۇسلارنىڭ تاجاۋۇزى نەتىجىسىدە ھازارلار يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇلغارلار موڭغۇللار كەلگەنگە قەدەر ياشىغان. موڭغۇللار كەلگەندىن كېيىن، بۇلغار دۆلىتى يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالتۇن ئوردۇ دۆلىتى قۇرۇلغانىدى.

## جازالار

قەدىمي شامانىست تۈرك قەبىلىلىرىدە تابۇلارغا* تاجاۋۇز قىلغانلار جازالىناتتى. تابۇ بىلەن ئالاقىسى بولمىغان توقۇنۇشلار-دا ئادەتلەر ۋە كۆزقاراشلار بويىچە مۇئامىلە قىلىناتتى. كىشىلەر-نىڭ ھاياتى، نومۇسى، مېلى ۋە تابۇ دەپ قارالغان نەرسىلەرگە تاجاۋۇز قىلغانلار قاتتىق جازالىناتتى. بۇنداق گۇناھ سادىر قىل-غانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ قەستى بار - يوقلۇقىغىمۇ دىققەت قىلىناتتى. مەسىلەن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىدىن قىساس ئې-لىناتتى يەنى ئۆلتۈرۈلەتتى، سەۋەنلىك بىلەن ئۆلۈمگە سەۋەب بولغانلارغا ھەر خىل جازالار بېرىلەتتى. ئېبنى فەزلاننىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ۋولگا بۇلغارلىرى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈر-گەن كىشىنى ساندۇققا سېلىپ ياغاچقا ئېسىپ، تەقدىرگە تاشلايت-تى. ئۇ كىشى يا ئۇ يەردە ئۆلەتتى ياكى بىر سەۋەب بىلەن چۈشۈپ قۇتۇلۇپ قالاتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەتلەر قەدىمي رۇسلار ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ. يارىلاندۇرۇشلاردىن ئومۇمەن قى-ساس ئېلىناتتى.

چىن مەنبەلىرىگە قارىغاندا، ھونلار ئېرى بار ئايالنىڭ نومۇ-سىغا تەگكەن كىشىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلاتتى. ياش قىزلارنى ئالداپ نومۇسىغا تەگكەن كىشىنى بولسا، نۇرغۇن فىدىيە (ئۆز جىنايىتى ۋە گۇناھى ئۈچۈن بېرىلىدىغان سەدىقە) بېرىشكە ۋە دەرھال ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئېلىشقا مەجبۇرلايتتى. تۈكيۈلاردا ئاياللارغا چېقىلغان كىشى ئاۋۋال ئاختا قىلىنىپ، ئاندىن ئىككى پارچە قىلىناتتى. ئېبنى فەزلان ئوغۇزلارنىڭ زىنا قىلغانلارنى ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن چىپپىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىغان-لىقىنى ئېيتىدۇ. ئەبۇ دۇلەفنىڭ بايان قىلىشىچە، قۇتلۇقلار

---

* تابۇ —— بىر ئادەمنى ياكى بىر نەرسىنى مۇقەددەس دەپ بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا چېقىلىش ھەم ئۇنى قوللىنىش مەنئى قىلىنىدىغان دىني ئېتىقاد— ت.

زىنا قىلغان كىشىنى كۆيدۈرۈپ جازالايتتى. ياقۇت: «قارلۇقلار
زىنا قىلغان كىشىنى ئوتۇن كېسىشكە مەھكۇم قىلىدۇ» دەيدۇ.
موڭغۇللار بولسا، زىنا قىلغانلارنى ئۆلتۈرەتتى. لېكىن بۇ قەبى-
لىلەردە دۈشمەنلەر بىلەن زىنا قىلىش گۇناھ ھېسابلانمايتتى.

ئالتاي قەبىلىلىرى ئوغرىلىق قىلغانلارغا ئېغىر جازا بېرەت-
تى، ئىبنى فەزلان بۇلغارلارنىڭ ئوغرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدى-
غانلىقىنى ئېيتىدۇ. تۇيۇ - خۇئېنلار ئات ئوغرىلاشنى چوڭ
گۇناھ ھېسابلايتتى. رۇبرۇئۇك قوي ئوغرىلىغان كىشىنىڭ تاياق
بىلەن جازالىنىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

ھارام ھېسابلانغان يەرلەرگە ۋە نەرسىلەرگە ھۆرمەتسىزلىك
قىلىشمۇ چوڭ جازاغا تارتىلاتتى. پلان كارپىن تەرىپىدىن نەقىل
كەلتۈرۈلگەن گۇناھلار تىزىملىكىدە، پىچاقنى ئوتقا قويۇش،
قازاندىكى گۆشنى پىچاق بىلەن ئېلىش، چېدىرغا سىيىش، ئو-
تۇننى ئوتنىڭ يېنىغا قويۇش، ئاتنى چۇلۋۇر بىلەن ئۇرۇشقا
ئوخشاش ئىشلار خاتىرىلەنگەن. بىر كىشى بۇ گۇناھلارنى قەستەن
سادىر قىلسا، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىناتتى. قەستەن قىلمىسا،
ئۆزىنى پاكلىشى، چېدىرنى ۋە چېدىردىكى نەرسىلەرنى ئىككى
ئوتنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شامانغا زور تۆلەم تۆلىشىگە
توغرا كېلەتتى.

قەدىمىي ئوغۇزلار، جۇجەنلەر ۋە موڭغۇللاردا سۇمۇ تابۇ
(مۇقەددەس) بولۇپ، ئۇنى بۇلغاشقا بولمايتتى. بۇ سەۋەبتىن،
بەدەن ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى سۇ بىلەن يۇيۇش مەنئى قىلىنات-
تى. بۇنداق قىلغان كىشىنى «سېھىرگەرلىك قىلدى» دەپ جازا-
لايتتى. ئوغۇزلار ۋە موڭغۇللار يۇيۇنۇش يامان روھلارنى چاقى-
رىش، چاقماق چېقىش ۋە گۇلدۇرماملارغا سەۋەب بولىدۇ دەپ
قارايتتى. سۇنىڭ يەرگە تۆكۈلۈشى گۇناھ ھېسابلىناتتى. ماقدى-
سى «چىنگىزخاننىڭ قانۇنىدا ھېچكىم قولىنى سۇغا تىقمايدىغان-
لىقى، سۇنى قاچا بىلەن قول ۋە يۈزىگە قۇيسا بولىدۇ» غانلىقىنى

يازىدۇ. سۇنىڭ تابۇ بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ قانغا ئوخ-شاش ئۇنىڭدىمۇ هاياتىي ۋە سېهرىي كۈچلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشى-نىدىغانلىقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمىي شامانىست قەبىلىلەر كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇماي كىيىۋېرەتتى. كىيىم - كېچەك-نىڭ يۇيۇلماسلىقى هېرېدوتنىڭ ئېيتىشىچە ئىسقىتلاردا، ئامىم-ئانۇس بىلەن مارجېللىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، غەربىي هونلاردىمۇ مەۋجۇت ئىكەن.

ئېدىل:

هازارلارنىڭ پايتەختى بۇرۇن سەمەندەر شەھىرى ئىدى، ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە سۇلايمان بىن رابىئات ئەل بەهلى سەمەندەرنى ئىشغال قىلغاندا پايتەخت ئېدىل بولدى. ئېدىل شەھىرى ۋولگا ئارقىلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. شەرق تەرەپتە مۇسۇلمانلار ۋە شامانىست هازارلار، غەربتە يەهۇدىي ۋە خرىستىئان هازارلار، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا بولسا خاقان ئولتۇراتتى. ئىبنى فەزلان دەۋرىدە تىجارەت مەركىزى بولغان شەرقىي قىسىمدا 10 مىڭچە مۇسۇلمان ياشايتتى، بۇلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى.

مەسئۇدى ئېدىل شەھىرى هەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «هازارلارنىڭ پايتەختى بۇرۇن سەمەندەر ئىدى. سۇلايمان بىن رابىئات ئەل بەهلى ئۇ يەرنى ئىشغال قىلغاندا، پايتەخت ئېدىل شەھىرى بولدى. هازىر هازار هۆكۈمدارى تۇرىدىغان ئېدىل تۈرك ئەللىرىنىڭ يىراق جايلىرىدىن كەلگەن چوڭ دەريا ئارقىلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇ دەريا بۇلغارلار دىيارىغا قاراپ ئارماقلىنى-دۇ. . . دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئارال بولۇپ، هۆكۈمدارنىڭ ئوردىسى بۇ ئارالنىڭ بىر قىرغىقىغا جايلاشقان. ئارالنىڭ هەر ئىككى تەرىپىدە كېمىلەردىن قۇراشتۇرۇلغان كۆۋرۈك بار.

ئېدىل شەهرىدە مۇسۇلمانلار، خرىستىئانلار، يەهۇدىيلار ۋە جاهىلىيەت دىنلىرىغا مەنسۇپ كىشىلەر ياشايدۇ. هۆكۈمدار

ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر يەھۇدىي ۋە ھەقىقىي ھازارلاردۇر. ھا-
رۇن ئەل رەشىد دەۋرىدە ھازارلارغا يەھۇدىي ھۆكۈمدار بولغان.
بۇنىڭ بىلەن ئىسلام شەھەرلىرىدىن ۋە بىزانتىسلاردىن ناھايىتى
كۆپ يەھۇدىي كېلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. زامانىمىزدا
يەنى ھىجرىيە 322 - يىلى رۇم ئىمپېراتورى رومانوس ئۆز
يۇرتىدىكى يەھۇدىيلارنى مەجبۇرىي خرىستىئانلاشتۇرغان. بۇنىڭ
بىلەن، بىزانتىسلار يۇرتىدىكى نۇرغۇن يەھۇدىي ھازارلار يۇرتىغا
كەتكەن. ھازار خاقانىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكى ھەققىدە يەنە باشقا
خەۋەرلەرمۇ بار. بۇلار ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملى-
رىدا توختالدۇق.

ئېدىل خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى مۇسۇلمان ئىدى. چۈنكى،
ھۆكۈمدارنىڭ ھەربىي قوشۇنى شۇلاردىن تەشكىل تاپقان ۋە بۇ
دىياردا ئېرىسىيە دەپ تونۇلغان، ئۇلار خارەزىم تەرەپتىن كەلگە-
نىدى. ئىسلامىيەت مەيدانغا چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يۇرتىدا
ئۇرۇش ۋە ۋابا پەيدا بولغان. بۇنىڭ بىلەن ھازارلار ئۆز دىيارىغا
كەتكەن. ئۇلار قەھرىمان خەلق بولۇپ، ئۇرۇش چاغلىرىدا ھازار
دىيارىنى شۇلار قوغدايتتى. ھازار خاقانى بىلەن تۈزگەن كېلى-
شىمنىڭ شەرتلىرىگە ئاساسەن ئۇلار ئېدىلدە ياشايتتى. دىنىنى
ئاشكارىلاش، مەسچىت ياساش، ئەزان ئېيتىش ۋە خاقانىنىڭ ۋە-
زىرلىكىنى قىلىش بۇ شەرتلەردىندۇر. زامانىمىزدا ھازار ۋەزىرى
ئۇلاردىن ئەلى بىن كۇيەدۇر. ھازار ھۆكۈمدارى مۇسۇلمانلار
بىلەن ئۇرۇشسا مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئۇرۇشمايدۇ، خاقانىنىڭ
يېنىدىكى كۇففار ئەسكەرلەر ئۇرۇشىدۇ. يەتتە مىڭچە ساۋۇتلۇق
مۇسۇلمان ئەسكەر ھۆكۈمدار بىلەن بىللە ئۇرۇشقا بارىدۇ. مۇ-
سۇلمانلارنىڭكىدەك، ئۇلار ئارىسىدىمۇ نەيزە تۇتقان ئاتلىق ئەس-
كەرلەر بار.

شەرق ھۆكۈمدارلىرى ئىچىدە بۇ رايوندىكى ھازار ھۆكۈمدا-
رىدىن باشقا ھېچبىر ھۆكۈمدارنىڭ تەمىناتلىق ئەسكىرى يوق.

بۇ يەردىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئېرىسسىيە نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. جاھىلىيەت دىنلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېيتىلغان رۇسلار بىلا- قالىبە ھۆكۈمدارىنىڭ ئەسكىرى ۋە قۇللىرىدۇر. ئۇنىڭ يۇرتىدا ئېرىسسىيەدىن باشقا سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەن مۇسۇلمانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ جۈمە ئوقۇيدىغان بىر مەسچىتى بولۇپ، مۇنارىسى ھۆ- كۈمدارنىڭ قەسىرىگە يۇقىرىدىن قاراپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى مۇ- سۇلمانلارنىڭ باشقا مەسچىتلىرىمۇ بار. بۇ مەسچىتلەردە مەكتەپ- لەر بولۇپ، ئۇ يەرلەردە بالىلار قۇرئان ئوقۇيدۇ. ئېدىلدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئىتتىپاقلاشسا خاقان ئۇلارنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ.»

ئىستەخرى بولسا مۇنداق دەيدۇ: «ئېدىل شەھىرىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان ياشايدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇزچە مەسچىتى بار. . . ھازارلار مۇسۇلمانلار، خرىستىئانلار، يەھۇ- دىيلار ۋە بۇتپەرەسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل دىنلارغا مەنسۇپ. بۇلار ئارىسىدىن ئەڭ ئاز قىسمىنى يەھۇدىيلار، ئەڭ كۆپ قىسمىنى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار تەشكىل قىلىد- دۇ. لېكىن، ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى يەھۇدىيلاردۇر. ئادەتلىرى كۆپىنچە بۇتپەرەسلەرنىڭ ئادەتلىرىگە ئوخشايدۇ. ھۆر- مەت قىلىش يۈزىسىدىن بىر - بىرىگە سەجدە قىلىشىدۇ. ئىسلا- مىيەتكە، يەھۇدىيلىككە ۋە خرىستىئانلىقتىقا زىت ھالدا كونا ئادەت- لەرگە ئىگىدۇر.

سودىگەرلەر، مۇسۇلمانلار ۋە تىجارەتخانىلارنىڭ زور كۆپچى- لىكى ئېدىلنىڭ شەرقىي قىسمىدىدۇر.»

ماقدىسى بولسا مۇنداق دەيدۇ: «ئېدىل شەھىرىدە مۇسۇلمان- لار كۆپ، ھۆكۈمدارى يەھۇدىيدۇر. خاقانىنىڭ مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە بۇتپەرەسلەردىن ھەر خىل ھاكىملى- رى بار. مەئمۇنىنىڭ جۇرجانىيەدىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى- نى، خاقانىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقىنى،

كىيىن رۇسلارنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ يۇرتلىرىنى قولغا كىر-
گۈزۈۋالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھازارلار ئەمدى يۇرتلىرىغا قايتتى
ۋە يەھۇدىيلىكنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولۇشتى.»

ئىبنى ھاۋقال مۇنداق يازىدۇ: «ئىدىل شەھىرى ئىككى
قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. بىر قىسمى دەريانىڭ غەربىدە، بىر
قىسمى شەرقىدە. غەربىي قىسمى ھازاران دېيىلىدۇ. ھۆكۈمدار
بۇ يەردە تۇرىدۇ. شەرقىي قىسمى ئىدىل دېيىلىدۇ، شەھەرنىڭ
ھەر ئىككى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر فەرساخ كېلىدۇ. ئەتراپىدا
كەڭ سوقۇلغان بىر سېپىل بار. ئۆيلىرى چېدىر شەكلىدە ياغاچ-
تىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستى كىگىز بىلەن قاپلانغان. بەزى ئۆي-
لەر بولسا كېسەكتىن ياسالغان. شەھەرنىڭ بازارلىرى ۋە مۇنچى-
لىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، شەھەردە 10 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇل-
مان ياشايدۇ. 30 چە مەسچىتى بار. خاقاننىڭ ئوردىسى دەريادىن
يىراقتا بولۇپ، خىشتىن ياسالغان. شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت دەر-
ۋازىسى بار. ئۇلاردىن، بىرى دەريا تەرەپتە، يەنە بىرى چۆل
تەرەپتىدۇر. بۇ شەھەرگە قارايدىغان يېزىلار ئانچە كۆپ ئەمەس.
شەھەر خەلقى يازدا شەھەر ئەتراپىدىكى تۇزلەڭلىكلەردە دېھقانچى-
لىق قىلىدۇ.

ھازارلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە دەربەندكە يېقىن جايدا
سەمەندەر ئىسىملىك بىر شەھىرى بار. بۇ يەر ئىنتايىن ئاۋات
بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل دىنلارغا
مەنسۇپ كىشىلەر ياشايدۇ.

## نىكاھلىنىش ئادەتلىرى:

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە نىكاھلىنىش ئادەتلىرى ھەر
خىل رايونلار ۋە قەبىلىلەرگە قاراپ ئوخشىمايتتى. ماتېرىياللاردا
مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئومۇمەن ئۆز ئاند-
لىرى، قىزلىرى، قىز قېرىنداشلىرى، ئاتىلىرىنىڭ قىزلىرد-

دىن باشقا ھەرقانداق ئايال بىلەن ۋە ئاتىلىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆز ئانىسى بولماسلىق شەرتى بىلەن ئۇنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بىلەن نىكاھلىنالايتتى. ئەبۇ دۇلەف: «چىنگىللار قىزى، قىز قېرىندىشى ياكى نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان باشقا بىرى بىلەنمۇ نىكاھلىنالايدۇ. ئۇلار مەجۇسى (ئوتقا چوقۇنغۇچى) بولمىسىمۇ، لېكىن نىكاھلىنىش جەھەتتىكى ئادەتلىرى مانا شۇنداق» دەيدۇ. پىلان كارپىن: «ئۇلار ئومۇمەن ئۆز ئانىلىرى، قىزلىرى، قىز قېرىنداشلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئايال بىلەن، ھەتتا ئاتىلىرى ئۆلسە، ئۇنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بىلەن نىكاھلىشالايدۇ. ئىنىسى ياكى ئاكىسى ئۆلسە، ھايات قالغان قېرىندىشى ئۇنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنى نىكاھىغا ئالالايدۇ. ئاياللار ئەرلىرى ئۆلۈپ كەتسە ئاسانلىقچە قايتا ئەرگە تېگەلمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى ياكى يەڭگىسىنى ئېلىشى بۇنىڭدىن سىرت» دەيدۇ.

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدىكى نىكاھلىنىش ئادەتلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدىغىنى، ئۆلگەن كىشىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنى ئائىلىدە ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان ئوغلىنىڭ ئەمرىگە ئېلىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئەڭ قەدىمىي مەلۇماتلار چىن مەنبەلىرىدە بېرىلگەن. ھىيۇڭنۇ (ھون) لار دەۋرىدە ئاتا ئۆلسە ئوغلى ئۆز ئانىسى بولماسلىق شەرتى بىلەن ئاتىسىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنىمۇ رەسمىي نىكاھىغا ئالالايتتى. دەرۋەقە، ھۆكۈمدار خوۋ خەنيا ئۆلگىنىدە ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان بىرىنچى خوتۇنىنىڭ ئوغلى ئاتىسىدىن تۇل قالغان چىنلىق خانىش چاۋ كىيۇننى ئۆز ئەمرىگە ئالغان. بۇ ئەھۋال تۈركيۇلاردا ۋە ئىبنى فەزلاننىڭ ئېيتقىنىدەك ئوغۇزلاردىمۇ ئۇچرايدۇ.

ھېرودوت بۇ ئادەتنىڭ ئىسكىتلاردا مەۋجۇتلۇقىنى يازىدۇ. بۇ ئادەت جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلار بۇ خىل ئەر - خوتۇنچىلىقنى «زەۋاجۇل مافت» دەيتتى. بەنۇ كايىس بىن سەئلەبەمۇ بەزى قېرىنداشلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ تۇل قالغان

خوتۇننى نۆۋەتلىشىپ نىكاھىغا ئالىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە بەزى قەبىلىلەر ئائىلە سىرتىدىكى تۇل ئاياللارغا يېقىنلاشمايتتى. ئۇلار پەقەت ئۆگەي ئانىلىرى بىلەنلا ئەمەس، قېرىنداشلىرىنىڭ ياكى باشقا تۇغقانلىرىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنلىرى بىلەنمۇ نىكاھلىنىشۋېرەتتى. يېقىن زامانلارغىچە ئاناتولىيە تۈركلىرى ئارىسىدىمۇ يېقىنلىرى نىكاھلانغان تۇل ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش ئادەت ئىدى. چۈنكى، ئەرسىز تۇل ئايالنىڭ ھالى خاراب بولاتتى. ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىش ھەممىدىن ئاۋۋال ئائىلە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق مەجبۇرىيىتى ئىدى. تۇل ئاياللارنىڭ ئەرگە تەگمەسلىكى تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە پەقەت قۇتلۇقلاردا ئۇچرايدۇ. ئەبۇ دۇلەف قۇتلۇقلار ئارىسىدا ئاياللار ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئەرگە تېگەلمەيدىغانلىقىنى، مەڭگۈ ئۆلگەن ئېرىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ. دې گۈلگىنىس بۇ ئادەتنىڭ بىر سىبىرىيە قەبىلىسىدىمۇ بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇلار ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلار بىلەن نىكاھلانغان تۇللارنىڭ ئۇ دۇنيادا بىرىنچى ئېرىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلار تۇل ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرغۇچىنىڭ ئۇ دۇنيادا ھەمراھسىز قالىدىغانلىقىنى ئويلىشاتتى. تۇل ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرغۇچى چوقۇم ئەرگە تەگمىگەن باشقا بىر قىز بىلەن نىكاھلىنىشىشىغا توغرا كېلەتتى. زادى نىكاھلانماي ئۆلگەن كىشى مەڭگۈلۈك بويتاقلىققا مەھكۇم ئىدى. بۇ قايغۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىر چارە تاپقان يەنى «ئۆلۈك تويى» نى ئىجاد قىلغان. «ئۆلۈك تويى» تۈرك قەبىلىلىرى ۋە موڭغۇللاردىن باشقا ئىسقىتلار، رۇسلار ۋە گېرمانلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. «ئۆلۈك تويى» نىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىنى ئىبنى فەزلان رۇسلارنىڭ بىر ئۆلۈم مەرىكىسى مۇناسىۋىتى بىلەن بەرگەن. مەسئۇدىمۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە توختىلىپ:

«هازارلار يۇرتىدىكى رۇسلار ئىچىدە بىر كىشى بويناق هالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلگەندىن كېيىن تويى قىلىنىدۇ» دەيدۇ. بالا-غەتكە يەتمەي ئۆلۈپ كەتكەن باللارغىمۇ شۇنداق قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمەي ئۆلگەن ئوغۇللار ۋە قىزلار بالا-غەتكە يەتكەن هامان تويى قىلىناتتى. بۇ هەقتە ئەڭ تەپسىلىي مەلۇمات ماركوپولو تەرىپىدىن بېرىلگەن. چىن مەنبەلىرىگە قارى-غاندا، ئەفتالىتلاردا بىر قانچە قېرىنداشلارنىڭ بىرلا ئورتاق خو-تۇنى بولاتتى. سېپېكىت بۇنىڭ سەۋەبى ئەفتالىتلاردا ئاياللارنىڭ ناهايىتى ئاز ئىكەنلىكىدە دەپ ئېيتىدۇ.

نىكاهلىنىش شەكىللىرى هەققىدىمۇ بەزى مەلۇماتلارغا ئې-گىمىز. ئىبنى فەزلان ئوغۇزلاردا ئۆيلىنىدىغان كىشىنىڭ قىز-نىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كېلىشىپ هەققى مەهرىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، قىز بار ئۆيگە كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى يازىدۇ. تەبىئىي هالدا بۇنىڭدا قىزنىڭ رازىلىقىمۇ ئېلىناتتى. ئابدۇلقادىر ئىناننىڭ دېگىنىدەك، بۇنىڭدا بىر خىل مەدەنىيلەش-كەن قىز قاچۇرۇش ئادىتى بار. ياقۇت تۈرك قەبىلىلىرىدە قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئەرلىرىنى ئۆزلىرى تاللايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. باشقا بىر يەردە بولسا، «تۈرك قەبىلىلىرىدە قىزلارنىڭ بېشى ئوچۇق بولىدۇ. ئۇلاردا بىرەيلەن بىر قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ بېشىغا ياغلىق سالىدۇ. شۇنىڭدىن كې-يىن ئۇ قىز ئۇنىڭ بولىدۇ.» دەيدۇ. كازۋىنى بۇ ئادەتنىڭ ۋولگا بۇلغارلىرىدىمۇ بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

يەنە بىر مۇهىم نۇقتا، قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا بىر خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ ئادەت ئىكەنلىكىگە دائىر كۆزقاراشلار-نىڭ توغرا دەپ قارىلىشىدۇر، ئىشىنىمىزكى، بۇ كۆزقاراش خاتا. چۈنكى، قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە ئومۇمەن ئاياللار ئەرلەردىن كۆپ ئىدى. ياتلىق بولمىغان قىزلارنى ۋە تۇللارنى قوغداش ۋە هاياتتا ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش

ئۇچۇن ئايالنىڭ يېقىنلىرى ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشىغا توغرا كېلەتتى. ئەگەر پەقەت بىر ئايال بىلەنلا نىكاھلىنىش شەرت بولسا ئىدى، بۇنداق ئاياللارنىڭ تۇرمۇشتا يولەنچۈكسىز قېلىش خەۋپى ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

دەپنە شەكىللىرى:

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىش شەكىللىرى كۆپ خىل ئىدى. مەشھۇر چوڭ دىنلارغا كىرگەنلەر مېيىتنى ئۇ دىنلاردىكى ئادەتلەر بويىچە دەپنە قىلاتتى، شامانىست تۈركلەردە بولسا، ئاساسەن كۆمۈش، ئوچۇقچىلىقتا قويۇش ۋە كۆيدۈرۈش شەكىللىرى ئۇچرايدۇ. بۇ شەكىللەرنىڭ ھەربىرىدە ھەر خىل پەرقلەرنى كۆرۈش مۇمكىن. بۇلاردىن ئەڭ قەدىمىيلىرى كۆمۈش ۋە ئوچۇقچىلىقتا قويۇش بولسا كېرەك. كۆيدۈرۈش شەكلى بۇلارغا قارىغاندا كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قەبىلىدە ياكى قەبىلىلەر توپلىرىدا زامان ۋە ماكانغا باغلىق ھالدا بۇ دەپنە شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ماتېرىياللار قىرغىزلار ھەققىدە: «ئۇلار مېيىتلىرىنى كۆمىدۇ» «ئۇلار جەسەتلەرنى ئوچۇقچىلىقتا قويىدۇ» «ئۇلار مېيىتلارنى كۆيدۈرىدۇ» دېگەندەك ھەر خىل خەۋەرلەرنى بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرىدە جەسەتلەرنى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يېگۈزۈش شەكلىمۇ بار. بۇ ئادەتنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان - قوللىنىلمىغانلىقى گۇمانلىق. ھەر خىل يازما ماتېرىياللاردىن ۋە ئارخېئولوگ قېزىلمىلاردىن ئېرىشىلگەن بىلىملەرگە ئاساسەن تۈركلەردىكى دەپنە قىلىش شەكىللىرىنى مۇنداق ئۈچ قىسىمغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

ئا. جەسەتنىڭ توپىغا كۆمۈلۈشى: بۇ ئادەت قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان دەپنە شەكلى ئىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىللاردىن قالغان قەبرىلەردە كۆمۈش ئادەتلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئادەت كېيىنچە كۆك تۈركلەر، ئوغۇزلار، هونلار، ئۇيغۇرلار، بۇلغارلار، هازارلار، قىرغىزلار، قارلۇقلار ۋە باشقا بىرمۇنچە تۈرك قەبىلىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان دەپنە شەكلى بولۇپ قالدى. كۆمۈش شەكلى مېيىت قەبرىگە ياتقۇزۇلغان هالدا، ئوغۇزلارنىڭكىدەك يەرگە ياكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلغان هالدا، ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك ئۆرە تۇرغۇزۇلغان هالەتتە بولاتتى. ئوغۇزلار ۋە ئۇيغۇرلاردا جەسەت قەبرىگە كىيىملىرى كىيدۈرۈلۈپ، قوراللىرى تۇتقۇزۇلغان هالدا قويۇلاتتى. ئىسقىتلاردا ۋە بەزى ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرىدە جەسەتنىڭ شەكلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇمىيالانغانلىقى كۆرۈلدى. پازىرىقتىكى قەبرىلەردە مۇمىيالانغان جەسەتلەر ئۇچرىغان.

قەبرىلەر هەققىدە توختالغاندا، بەزى تۈرك هۆكۈمدارلىرىنىڭ دەريا تېگىگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئېيتقاندۇق. ئەل بىرۇنىنىڭ يازغىنىغا قارىغاندا، قەدىمىي ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈكلىرىنى جەيهۇن دەرياسى تېگىگە دەپنە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناهلاردىن پاكلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بەزىلەر جەسەتنى يىراقتا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلسە، پىچاق بىلەن سۆڭەكلىرىنى گۆشلىرىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ بېرىپ كۆمگەنلىكى مەلۇم. بۇ هەقتە «قان ۋە سۆڭەكلەر» دېگەن قىسىمدا تەكرار توختىلىدۇ.

ب. جەسەتنى ئۇچۇقچىلىققا قويۇش: قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان دەپنە شەكىللىرىنىڭ بىرى جەسەتلەرنىڭ ئۇچۇقچىلىققا قويۇلۇشىدۇر. بۇ ئادەت ئاۋستىرالىيە يەرلىكلىرىدە ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا جەسەت تاۋۇتنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ دەرەخكە ئېسىلىدۇ. جەسەت هاۋادا چىرىپ، تاۋۇت يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۆلۈكنىڭ

ئۇستىخانلىرى يا كۆمۇلىدۇ، يا كۆيدۈرۈلىدۇ ياكى بىر يەردە ساقلىنىدۇ. بۇ ئادەت سىپەنجىر ۋە گىلىلىنلار ئاۋستراليە يەر- لىكلىرىدە كۆرگەن ئىككى دەۋرلىك دەپنە قىلىش قائىدىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئادەت تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە تونگۇز- لار، قىتانلار، ياقۇتلار، تاتارلار، قىرغىزلار، بۇلغارلار ۋە باشقا بەزى قەبىلىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مىنۇسىنىسكى تاتارلىرى «مەن ئۆلگەندە مېنى تۇپراققا كۆممە، توققۇز قارا قارىغاينى بېشىدىن باغلاپ، تاۋۇتنى ئۇلارنىڭ بېشىغا قوي» دەيدۇ.

س. جەسەتنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى: كۆيدۈرۈش ئادىتى، مىلادى- يىدىن ئىلگىرى 1200 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن ھەر خىل ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرىدە داۋاملىشىپ كەلدى. جەسەتنىڭ كۆيدۈرۈلۈ- شىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى، ئوتنىڭ ھەممە نەرسىنى پاكلاشتۇرۇ- دىغانلىقىغا ۋە يامان روھلارنى قوغلايدىغانلىقىغا دائىر قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئېتىقادتىن بولسا كېرەك. بۇ ئادەت كۆك تۈركلەر، ھازارلار، قىرغىزلار، قوماند- لار، تۇنا بۇلغارلىرى، تونگۇزلار، قىتانلار، موڭغۇللار ۋە بۇر- داسلاردا ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ياشانغانلارنىڭ ۋە شامانلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۈرەتتى.

جەسەتلەر كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇستىخانلار يا كۆمۇلەت- تى ياكى دەرياغا تاشلىناتتى ياكى بوراندا ئۇچۇرۇلاتتى. قىرغىز- لار ئۆلۈكلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۈرگەندىن كېيىن ئۇستىخان كۇللىرىنى كۆمەتتى. ئىدرىسى مۇمكىن بولغان تەقدىردە جەسەت كۇللىرىنىڭ مەنكخوز دەرياسىغا تاشلىنىدىغانلىقى ۋە يىراق رايون- لاردىكىلەرنىڭ كۇللىرى بولسا شامالدا ئۇچۇرۇۋېتىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

جەسەتلەرنى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يېگۈزۈش ئادىتى لاما دىنى- نىڭ تەسىرى بىلەن كىرگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. ئاز كۆرۈل-

www.uyghurkitap.com

دىغان بۇ ئادەت موڭغۇللار ۋە ۋۇقىيەلەردە ئۇچرايدۇ. بەلچە ۋۇقىيەلەر ھەققىدە: «ئۇلار كۆز ياكى قىشتا ئۆلگەنلەرنىڭ جە-سىتىنى قارا بۇلغۇنلار يېسۇن دەپ تاشلىۋېتىدۇ» دەيدۇ. گې-بېرت بۇ ئادەتنىڭ 6 — 7 ـ ئەسىرلەردە موخولاردا بارلىقىنى، بۇنداق قىلىش ئۇستىخانلارنى پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولىدىغانلى-قىنى ئېيتىدۇ. ئىسكىلىت بولسا باھارغا چىققاندا كۆمۈلىدۇ.

دەپنە ھەققىدە ئېيتىلغان بۇ شەكىللەرنى مۇنداق خۇلاسىلەش مۇمكىن:

ئا) جەسەتنىڭ تۇپراققا كۆمۈلۈشى: مۇمىياسىز ياكى مۇمى-يالىنىپ ۋە ياكى ئىسكىلىت گۆشلەردىن ئاجرىتىپ كۆمۈلىدۇ.

ب) جەسەتنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئوچۇقچىلىققا قويۇلۇشى: ئىسكىلىت يا ساقلىنىدۇ، يا كۆمۈلىدۇ ياكى كۆيدۈرۈپ كۈلى كۆمۈلىدۇ.

س) جەسەتنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى: كۈللەر ۋە قالدۇقلار يا ساقلىنىدۇ، يا ئۇچۇرۇلىدۇ ياكى كۆمۈلىدۇ.

د) جەسەتلەرنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يېگۈزۈلۈشى: ئۇستى-خانلار يا ئۆز پېتىچە تاشلىنىدۇ ياكى يىغىپ كۆمۈلىدۇ...

بۇلاردىن باشقا، سوت ئېمىۋاتقان بوۋاقلار ئانىلىرىنىڭ جە-سىتى يېنىغا تىرىك تاشلاپ قويۇلغانلىقىمۇ كۆرۈلگەن. بۇنداق قىلىش بېقىش قىيىنچىلىقىدىن بولغانلىقى مەلۇم. پروبېنىنىڭ ئېيتىشىچە، قەدىمي ئورمان قەبىلىلىرى بالا ئېمىتىۋېتىپ ئۆل-گەن ئايالنى تاۋۇتقا سېلىپ، تۆت ياغاچنى تىرەپ، ئۇنىڭ ئۈستى-گە ئورۇنلاشتۇراتتى، بالىسىنىمۇ يېنىغا تاشلاپ قوياتتى. بۇ ئادەت بەلتىرلەردە ۋە شىمالىي ئامېرىكا يەرلىكلىرىدىمۇ ئۇچراي-دۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئانگورا دەرياسى بويلىرىدا ئېلىپ بېرىل-غان قېزىلمىلاردا تاش دەۋرى بۆرەتلىرىنىڭ قەبرىلىرىدە بۇ ئادەت-نىڭ ئىزلىرى ئۇچرىغان.

## خاقان ۋە ھۆكۈمدار:

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە خاقان كۆك* مەنبەلىك بولۇپ، جاھانشۇمۇل ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. خاقان كۆك تەرىپىدىن قويۇلىدۇ دەپ قارىلاتتى. چىڭگىزخاننىڭ نەسلىمۇ كۆكتىن كەلگەن كۆك بۆرتەچىنەگە ئۇلۇشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرىدە خاقانلار بىر نەسىلدىن بولۇشى كېرەك ئىدى. نەسەبلىرى بۇ نەسىلگە ئۇلاشمىغان كىشىلەر خاقان بولالمايتتى. خاقانىڭ پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرىدە مۇتلەق ئابرۇيى بار ئىدى. ئۇنىڭ بەخت - سائادىتى پۈتۈن مىللەتكە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلەتتى، بەختسىزلىكى پۈتۈن مىللەتكە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلەتتى، زور پالاكەتلەر كۆك بىلەن خاقان ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىكتىن كېلىپ چىقاتتى. ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ھازار خاقانىمۇ شۇ شەكىلدە ئېتىراپ قىلىناتتى. ئۇ پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە مۇتلەق ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ئۇ بولغان ھەربىي قوشۇنغا قارشى باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئۇرۇش قىلالمايتتى. ھازارلار بېشىغا بىرەر پالاكەت كەلسە، بۇنىڭ خاقان بىلەن كۆك ئارىسىدىكى توقۇنۇشتىن بولغانلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە خاقاننى ئۆلتۈرەتتى. ھازارلار مۇساۋىي** بولغاچقا، كېيىنچە شۇ ئادەتنى قوللانغان. بۇ ئادەتنى تۆكىيۇلاردىمۇ كۆردىمىز. لېكىن، خاقان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى مۇقەددەس نەسىلدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسە قانلىرىنى ئېقىتماسلىققا دىققەت قىلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك قەبىلىلىرىدە ئىرانلىقلارغا ئوخشاش، ھۆكۈمدارلارغا كۆپىنچە ئاللا مەنىسىنى بېرىدىغان ئىبارە بىلەن خىتاب قىلىناتتى. ئىبنى فەزلان ئوغۇزلارنىڭ چوڭلىرىنى «رەب» دەيدىغانلىقىنى

---

* كۆك — ئاسمان، تەڭرى مەنىسىدە — ت.

** موساۋىي — موسا پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار — ت.

ئېيتىدۇ. تابارىنىڭ قارىشىچە، مۇتاسىمنىڭ ئافشىننى ئەيىبلەشلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۇسرۇشىنە تىلىدا «ئالالارنىڭ ئاللاھى» دەپ خىتاب قىلدۇرۇشىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىتاي قەبىلىلىرىدە ھۆكۈمدارنىڭ ئەلچىلىرىمۇ ھۆكۈمدارلىقنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقدارىغا كىرەتتى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلسە جەزمەن ئىنتىقام ئېلىناتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن مەھمۇد قەشقىرى «ياش چۆپ كېسىلمەس، ئەلچى ئۆلتۈرۈلمەس» (ئەلچىگە ئۆلۈم يوق) دەيدۇ.

### خاقان بەگ:

بۇ يەردە ھازار خاقانىنىڭ ۋەكىلى تىلغا ئېلىنىدۇ. خاقان بەگ ھەققىدە قەدىمىي ئىسلام ۋە گرېك مەنبەلىرى تەپسىلىي توختىلىدۇ. ئۇ خاقان نامىدا ھۆكۈمدارلىق سالاھىيىتىنى ئىشلەتكۈچى ۋە ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغۇچىدۇر. خاقان تولۇق ئابرۇيغا ئىگە بولسىمۇ، پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدۇ. خاقان بەگ دۆلەت ئىشلىرىدا خاقان ئالدىدىلا جاۋابكار بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىدىن ئۇنىڭغا ھېساب بېرىشكە مەجبۇر ھەمدە ئۇنى خاقان تاللايدۇ. خاقان بەگنى تاللاش ۋە ئۇنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە ئىستەھرى، ئىبنى ھاۋقال ۋە مەسئۇدىلار تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. مەسئۇدى «مۇرۇج ئەل زەھەب»دە بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

ھازار ئېلىدە خاقان بولىدۇ. بۇ خاقان پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئوردىنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. ئاتقا مىنمەيدۇ، تاشقىرىغا چىقمايدۇ، ئەمر ۋە بۇيرۇق بەرمەيدۇ. خاقان قەسرىدە ۋە ئوردىسىدا بولمىغۇچە ھازار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ھازار ئېلىدە قۇرغاقچىلىق ۋە باشقا ئاپەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ. دۈشمەنلەر ئۇلارنى مەغلۇپ قىلسا ياكى بېشىغا بىرەر پاجىئە كەلسە، ئاقسا-

قاللار ۋە خەلق هازار هۆكۈمدارىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: بۇ خاقاننى ۋە ئۇنىڭ بىزگە كۆرسىتىۋاتقان كۈنلىرىنى بەختسىز دەپ قارايمىز شۇڭا يا ئۇنى ئۆلتۈرسىلە، يا بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسىلە، بىز ئۆلتۈرەيلى دەيدۇ. هۆكۈمدار بەزىدە خاقاننى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، بەزىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە بەزىدە خاقانغا ئىچ ئاغرىتىپ، گۇناهسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قوغداپ قالىدۇ. بۇنىڭ بۇرۇنقى زاماندا ياكى هازىر شۇنداق ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق. بۇ خاقان ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇق ئائىلىلىرىنىڭ بىرىدىندۇر. بۇ ئائىلىنىڭ بۇرۇندىن بېرى هۆكۈمدار جەمەتى ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەيمەن.»

ئىبنى هاۋقال بولسا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «هازارلار كۆپىنچە گۇرۇچ ۋە بېلىق يەيدۇ. هازارلار ئېلىگە كەلتۈرۈلىدىغان بال، شام ۋە جۇۋىلىق تېرىلەر بۇلغار ۋە رۇس ئەللىرىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. هەر تەرەپكە ئەۋەتىلىدىغان سوۋغات تېرىلىرى بۇلغار، رۇس ۋە كۇيابا (كىيېۋ) تەرەپلىرىدىكى شىمالدىكى دەريالاردىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن كېلىدۇ. ئاندىلۇستىكى تېرىلەر بولسا بالتىق دېڭىزى تەرەپتىن كەلتۈرۈلىدۇ. رۇس ئەللىرىگە بۇ تېرىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇ يەرگە يەجۇج - مەجۇج يۇرتىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. بەزىدە بۇ تېرىلەر بۇلغار ئەللىرىدىمۇ سېتىلىدۇ. رۇسلار 358 - يىلى بۇلغار ۋە هازارلارنى تارمار قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئەهۋال شۇنداق ئىدى. خارەزىملىكلەر بۇلغار ۋە ساقالىبە ئەللىرىگە كۆپ كىرىپ - چىقىدىغان، ئۇ يەرلەردە ئۇرۇش قىلىدىغان ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە قىممەت باهالىق تېرىلەر خارەزىمدىنمۇ ئىمپورت قىلىنىدۇ. هازارلارنىڭ تىلى تۈرك قەبىلىلىرى، پارسلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا ئوخشىمايدۇ.

هازارلار تۈرك قەبىلىلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار قارا چاچ كېلىدۇ ۋە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قارا هازارلار هىندىلاردەك

بۇغداي ئۆڭلۈك كىيىدۇ، باشقىلىرى ئاق كىيىدۇ. هازارلارنىڭ بۇتپەرەسلىرى بالىلىرىنى قۇل قىلىپ ساتىدۇ. كىيگەن كىيىم-لىرىنىڭ رەختلىرىنى جۇرجان، تاباربستان، ئەزەربەيجان، بىزا-نتىس ۋە تەرەققىي تاپقان قوشنىلىرىدىن ئالىدۇ.

هازارلارنىڭ ئەڭ چوڭ هۆكۈمدارى خاقاندۇر. خاقان هازار پادىشاهىدىنمۇ ئۈستۈندۇر. . . پادىشاهنىمۇ ئۇ تاللايدۇ. پادىشا-هى ئالەمدىن ئۆتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر هۆكۈمدار (خاقان بەگ) سايلىماقچى بولسا، خاقان كېلىپ، نامزات بولغان كىشىگە ئاللانىڭ دەرگاهىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئەسلىتىدۇ، نەسىهەت قىلىدۇ، زېمىنىدىكى دۆلەت هوقۇقىنى ۋە ئىشلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ. ۋەزىپىسىدە قۇسۇر چىقسا ياكى زېمىنىگە چۈشمىگەن بىر ئىشنى قىلسا ۋە قىلغان هۆكۈملىرىدە توغرىلىقتىن چەتنىسە، ئۇنىڭغا يېزىلىدىغان گۇناهنى ئۇقتۇرىدۇ. بەزىدە هۆكۈمدار قىلىنماقچى بولغان كىشى خاقاندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، دىنىدارلىق، تەقۋادارلىق ۋەجىدىن ۋە بېشىغا كېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئاڭلىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ هۆكۈمدارلىقتىن ۋاز كېچىدۇ ۋە بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى تاللىنىدۇ. ئۇ هۆكۈمدارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالسا، ئۇنى خىزمەت ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇش ۋە ئىدارە قىلىش هوقۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن چاغدا، خاقان بىر يىپەك بوغقۇچ بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى بوغىدۇ، بوغۇلۇپ ئۆلەي دەپ قالغاندا، «هۆكۈمدارلىقنىڭ قانچىلىك ۋاقىت داۋاملىشىشىنى خالايسەن؟» دەيدۇ. ئۇمۇ «مانچە يىل» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ مۇددەت توشماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلىدۇ. ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن مۇددەتتىن ئۆزۈن ياشىسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ. لېكىن، بەلگى-لىك جەمەتتىن چىققان كىشى خاقان بولالايدۇ. خاقاننىڭ ئەمر قىلىش ۋە مەنئى قىلىش سالاهىيىتى يوق. لېكىن، هۆكۈمدارنى

ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممەيلەن ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەندە يەرگە باش قويىدۇ. ئىشى بولمىغان كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرەلمەيدۇ. كىرسە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ يۈزىنى يەرگە سۈرگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرگۈچە ئۆرە تۇرىدۇ. بېشىغا چوڭ بالا ـ قازا كەلسە ياكى ئۇرۇش بولسا، خاقان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تۈرك قەبىلىلىرى ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن ھازارلارغا قوشنا بولغانلار خاقاننى كۆرسە ھۆرمەت ۋەجىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماي، دەرھال كەينىگە چېكىنىدۇ. خاقان ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئۇلاغدىن چۈشۈپ يەرگە باش قويىدۇ ۋە قەبرە كۆرۈنمىگۈدەك يەرگە بارغۇچە ئۇلاغقا مىنمەي پىيادە ماڭىدۇ. ھازارلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا بولغان ھۆرمىتى شۇ دەرىجىدىكى، بەزىدە بىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ كىشى ھۆكۈمدار ئالدىدا ئېتىۋارلىق كىشى بولۇپ، ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشىنى خالىمىسا، ئۇ كىشىگە ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلىدۇ، ئۇمۇ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

يۇقىرىدا خاقانلىقنىڭ بەلگىلىك جەمەتتىن بولىدىغانلىقى، ئۇلاردىن باشقىلارغا ئۆتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بۇ جەمەت ئىچىدە بايلارمۇ، يوقسۇللارمۇ بار. خاقانلىق نۆۋىتى كىمگە كەلسە، باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن ئۇ خاقان بولىدۇ. مەن ئىشەنچ قىلغان بىرى ماڭا مۇنداق دېدى: ئېدىل بازىرىدا نان سېتىۋاتقان بىر ياشنى كۆردۇم، ئۇلار خاقان ئۆلسە ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىش ئۈچۈن بۇ ياشتىن مۇۋاپىقى يوقلۇقىنى ئېيتىشتى. بۇ ياش يەھۇدىي ئەمەس، مۇسۇلمان ئىكەن. . خاقان ئۈچۈن قۇرۇلغان چېدىردا بىر ئالتۇن تەخت بولىدۇ. ئۇرۇش ياكى بىرەر ۋەقە چىقىپ، ھەربىي قوشۇن جەڭگە ئاتلانسا خاقاننىڭ چېدىرى ھۆكۈمدارنىڭ چېدىرىدىن ئېگىز جايدا تۇرىدۇ. ئېدىل شەھىرىدىكى

خاقاننىڭ ئوردىسىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئوردىسىدىن ئېگىز جايغا سېلىنغان. خاقانغا ھەممە كىشى تاپشۇرىدىغان مەخسۇس باجلار بار.

## كېسەللىك ۋە ئۇنى داۋالاش

شامانىست تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كېسەللىككە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئۇلار بىر كىشى كېسەل بولسا، روھ ئۇنىڭ تېنىنى تەرك ئەتكەنلىكىگە، تەننىڭ ئىچىگە يامان روھ ياكى نەرسىنىڭ كىرگەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇ كۆزقاراش ئارقىلىق بىر شامانىست جەمئىيەتتە كېسەللىك بىلەن ئۆلۈمگە نىسبەتەن ئوخشاش ئىنكاس كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شامانىست قەبىلىلىرىدە قېرىلىقمۇ كېسەللىك ھەتتا داۋاسى يوق بىر كېسەللىك ھېسابلىناتتى. بۇ سەۋەبتىن بەزى سىبىرىيە قەبىلىلىرىدە قېرىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى مەلۇم. ھازارلارنىڭ خاقانلىرى قېرىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. بەزى قەبىلىلەردە بولسا، قېرىلار ئۇلۇغ زاتلار قاتارىغا كىرەتتى. كۆك تۈركلەردە قېرى ۋەزىر تونيۇقۇق ئۇلۇغ زات دەپ قارىلاتتى. ئەبۇ دۇلەفنىڭ ئېيتىشىچە، قىماقلار سەكسەن ياشقا كىرگەنلەرگە چوقۇنىدۇ.

ئۇلار كېسەللىك جەريانىدا بەدەنگە كىرگەن يامان روھ ياكى نەرسىنى ئۇنىڭغا زىت روھ ياكى پېرىخونىنىڭ ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن، پېرىخون ۋە زىت روھ بىلەن شاماننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. شامان ئەكسىچە كېسەللىكنى داۋالىيالايدىغان بىردىنبىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي ۋەزىپىسى كېسەللەرنى داۋالاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمىي ئەرەب جۇغراپىيىچىلىرى ئوغۇزلار ۋە رۇسلارنىڭ دىندارلىرىنى «ئۇلارنىڭ تېۋىپلىرى» دېيىشەتتى. شۇ سەۋەبتىن تۈرك تىلىدا دورا مەنىسىنى بېرىدىغان «كىم»* ئىبارىسى

* تۈرك تىلىدا دوختۇرنى «ھەكىم» دەيدۇ — ت.



www.uyghurkitap.com

بىلەن شامان مەنىسىنى بېرىدىغان «كەم» ئىبارىسى ئارىسىدا تۇغقانلىق بار. قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە تېبابەتنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنى ئىلاھىي دەپ قارالغان ھەر خىل كۈچلەردىن پاناھ تىلەش تەشكىل قىلاتتى. شامان دۇمباقتا تاياق بىلەن ئۇرۇپ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، مۇناجاتلارنى ئوقۇپ، تەندىن قاچقان روھنى چاقىرىپ تەكرار تەنگە كىرگۈزۈشكە ۋە تەندىكى يامان روھنى قوغلاپ چىقىرىشقا تىرىشاتتى.

ئىبنى فەزلان ئوغۇزلارنىڭ كېسەلنى قانداق داۋالايدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرمەيدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ كېسەللەرنى قىرـدالىلارغا تەركىدۇنيا قىلىپ چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن قۇللارنىڭلا خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ: «ئەگەر بىمار ئىگە ـ چاقىسىز ياكى قۇل بولسا ئۇنى ئۆيلەردىن يىراق ئايرىۋېتىدىكەن. ئۇ يەردە يا ئۆلىدىكەن، يا ئۆزلۈكىدىن ياخشى بولۇپ قايتىپ كېلىدىكەن.» دەيدۇ. رۇسلار ھەققىدىمۇ شۇنداق بايان قىلىدۇ. ئەل بىرۇنىينىڭ ئېيتىشىچە، قەدىمىي ھىندىلارمۇ كېسەللەرنى تاغلار ياكى دالىلارغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىكەن.

كېسەل ياتقان چېدىرغىمۇ باشقىلار يېقىن كەلمەيدىكەن. چېدىر ئىچىدە كېسەل بارلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا نەيزە ياكى بايراق قاداپ قويىدىكەن. پلان كارپىن: «بىرى كېسەل بولسا، ئۆيىنىڭ (چېدىرىنىڭ) ئالدىغا نەيزە قاداپ قويۇلىدۇ» دەيدۇ. رۇبرۇئۇك: «بىر كىشى كېسەل بولسا ئورۇن تۇتۇپ ياتىدۇ. چېدىرنىڭ ئىچىدە كېسەل بارلىقىنى ۋە كىرىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن بىر بەلگە قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېسەلگە قارايدىغان كىشىدىن باشقىلار چېدىرغا كىرمەيدۇ. ھەربىي گازارمىدا (تۇرالغۇ) بىرى كېسەل بولۇپ قالسا، گازارمىغا باشقىلارنىڭ كىرمەسلىكى ئۈچۈن ئەتراپقا نۆۋەتچىلەرنى قويىدۇ» دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنى كېسەل قىلىدىغان روھلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئادەم قۇربان قىلىش ئادىتى ھونلار دەۋرىدىن بېرى مەۋجۇت بىر ئىشتۇر. كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئۆلۈم ئىلاھىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش دىن سوتسىئولوگىيىسى ئۇقتۇرغىنىدەك، قەدىمىي بۇتپەرەس قەبىلىلەردە ئۇچرايدۇ. قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە مەۋجۇت بولغان ئۆلۈم ئىلاھى ئەركلىك ۋە باشقىرتلاردا مەۋجۇت بولغان ئۆلۈم ئىلاھلىرىغا بولسا، كېسەللەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئاتاپ ئادەم قۇربان قىلىنىدىغانلىقى مەلۇم.

## ھازارلار:

تۈرك تىلىدا سابىر (سىبىر)، پارس تىلىدا ھازاران، ئەرەب تىلىدا ئەل ھازار دېيىلىدىغان ھازارلار تۈرك قەبىلىلىرىدىن بولۇپ، ئىلگىرى كۆك تۈرك ئىمپېراتورلۇقىغا قارايتتى. ئۇلار مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كافكازىيىگە كېلىپ ئۇ يەردە ئۆز دۆلىتىنى قۇرغان. ھازارلارنىڭ دۆلىتى تارىختا بىرىنچى بولۇپ، 627 ـ يىلى ئىرانلىقلارغا قارشى بىزانىسلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى دەپ تىلغا ئېلىنغان. ھازارلارنىڭ دۆلىتى كېيىنكى چاغلاردا قوشنىلىرىغا قارشى چىقتى. ھېراكلىئۇس دەۋرىدە بىزانىسلار بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاق نەتىجىسىدە ئەزەربەيجاندىن ئىرانغا قاراپ كېڭەيدى. لېكىن ئۇلارنىڭ جەنۇبتىكى بۇ ھاكىمىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىشى بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ھەتتا ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە پايتەخت بولغان سەمەندەر مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە ئۇلار شىمالغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ۋولگىنىڭ ھازار دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان جايىدا ئىدىل شەھرىنى قۇرۇپ، بۇ يەرنى مەركەز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازارلار شىمال، غەرب ۋە شەرقتە ھاكىمىيىتىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىنى تاپتى. 8 — 9 ـ ئەسىرلەردە ۋە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇلار شەرقتە قازاقىستان رايونىدىكى ئوغۇزلارنى،

شىمالدا بۇلغارلارنى، غەربتە قىرىمغىچە بولغان دائىرىنى ھاكى-مىيىتى ئاستىغا ئالدى. بىر مەزگىل كىيىۋ شاھزادىلىقى ئۇلارغا باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ھازارلارنىڭ بۇ ھاكىمىيىتى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ۋە نورمان نەسلىدىكى رۇسلارنىڭ ھۇجۇم-لىرى نەتىجىسىدە 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبا-رەن ھازار دۆلىتى ئاستا ـ ئاستا يىمىرىلىشكە باشلىدى.

ھازارلار يېرىم كۆچمەن، يېرىم ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قىشتا ئاساسلىق ئولتۇراق يەرلىرىدە، يازدا قىر ـ داللاردا چېدىرلاردا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار قارا ھازارلار ۋە ئاق ھازارلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. بەزى ئىسلام جۇغراپىيىد-چىلىرى ھازارلارنىڭ تىلى ۋە چىرايىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، مەسئۇدى ۋە ئىستەھرى ئۇلار-نىڭ تۈرك قەبىلىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ۋە تىللىرىنىڭ بۇلغارلار-نىڭ تىلىغا ئوخشايدىغانلىقىنى يازىدۇ. ھازارلارنىڭ تۈرك قەبى-لىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش شەكلىدۇر. ھازار ھۆكۈمدارىنى خاقان، خاقان نامىدا دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىنى خاقان بەگ دەيتتى. خاقان مەلۇم بىر جەمەتتىن تاللانسىمۇ، خاقان بەگ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئالاھى-دە بولغان كىشىلەر ئارىسىدىن تاللىناتتى.

ھازارلار ئىلگىرى شامانىست ئىدى. مەرۋان II دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇزى بىلەن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدى. لې-كىن، ھارۇن ئەل رەشىد دەۋرىدە بىزانىسلاردىن قاچقان مۇسا-ۋىيلار* نىڭ تەسىرى بىلەن ئىدارە قىلغۇچى تەبىقە مۇساۋىيلاش-تى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىبرانىي ئېلىپبەسى قوللىنىلىشقا باش-لىدى. ئەسلىي ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى قەدىمىي شامان دىنىدا

* مۇساۋىيلار ــ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ــ ت.

قىلىنغۇەردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىدىل، سەمەندەر، خانبالىغ، تۇخـ-
شاش ھازار شەھەرلىرىدە نۇرغۇن ساندا مۇسۇلمانلار ۋە خرىستىـ-
ئانلارمۇ ياشايتتى. مانا بۇ دىنلارغا مەنسۇپ بولغانلار دىنىي
ئىشلاردا ئەركىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى توقۇنۇشلارنى
بىر تەرەپ قىلىدىغان قازىخانىلىرى بار ئىدى. ھازارلارنىڭ بۇ
دىنىي ئەھۋالى 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە داۋاملىـ-
شىپ، بۇ جەرياندا رۇسلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى مۇسۇلمانلارنىڭ
ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىسى بىراقلا ئىسلامىيەتـ-
نى قوبۇل قىلغانىدى.

ھازار خاقانىنىڭ تەمىناتلىق دائىمىي ھەربىي قوشۇنى بو-
لۇپ، بۇ قوشۇننىڭ زور كۆپچىلىكىنى مۇسۇلمانلار تەشكىل
قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ھازارلارنىڭ پايتەختى ئىدىلدە پۈتۈن
تىجارەت مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئىدى. خارەزىملىكلەر بۇ يەردە
بىر سودا جەمئىيىتى قۇرغانىدى. ھازارلار تۇرمۇشىنى تىجارەت
ۋە چارۋىچىلىق بىلەن قامدايتتى. ئۇلارنىڭ شىمال قەبىلىلىرى
بىلەن جەنۇب قەبىلىلىرى مەدەنىيەت دۇنياسىدا ۋاسىتىچى ئىدى.

### ھەيكەللەر:

بەزى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ ھەيكىلى
ئورنىتىلاتتى. بۇ ھەيكەللەر ئىنتايىن مۇكەممەل بولۇپ، ئۇلارنى
بالباللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ ھەيكەللەر ئۆلۈككە
ۋەكىللىك قىلسا، بالباللار ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن
كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئومۇمەن بۇ ھەيكەللەرنىڭ بىرى
ئەرگە، بىرى خوتۇنغا سىمۋول قىلىنغان ھالدا ئىككىدىن ئورنىـ-
تىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ خىل ھەيكەللەر 8 ـ
ئەسىر قەبرىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. قىتانلاردا دۆلىتىنى قۇرغان
خاننىڭ ئالتۇن ھەيكىلى بىلەن سەككىز ئوغلىنىڭ ھەيكىلى ياسىـ-
لىپ، مۇيا تېغىدىكى ئۆلۈكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىبادەتـ-
خانىغا قويۇلغان. تارىخنامىلەردە ياقۇت، قارلۇقلارنىڭ تاشتىن

ياسالغان بىر ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇنىڭ تاملىرىدا بۇرۇنقى پادىشاھ-
نىڭ رەسمى بارلىقى يېزىلغان.

## ئادەم قۇربانلىرى:

بۇرۇنقى قەبىلىلەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىغا ئۆلۈم-
دىن كېيىنكى ھاياتىدا خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئادەم
قۇربان قىلىش كەڭ تارقالغان بىر ئادەت ئىدى. بۇ ئادەت تۈرك
قەبىلىلىرى ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ. چۈنكى، شامانىست تۈرك
قەبىلىلىرىنىڭ ئېتىقادى بويىچە، بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا خىز-
مەتچى ئېلىپ كەتمىگەن شەخس ئۇ يەردە خىزمەتچىسىز قالىدى-
كەن. ماقدىسى: «تۈركلەردىن بەزى قەبىلىلەر ئۆلۈك بىلەن
بىللە ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە قۇللىرىنى قەبرىگە تىرىك
كۆمىدۇ» دەيدۇ. بىر رۇس شاھزادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن بىر
قىزنىڭ قۇربان قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىبنى فەزلان
تەرىپىدىن بېرىلگەن مەلۇمات بۇ ھەقتە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ
كەلگەن ئەڭ تەپسىلىي مەلۇماتتۇر. ئۆلۈككە قۇربان قىلىنىدىغان-
لار كۆپىنچە ئۇنىڭ ئەر ۋە ئايال خىزمەتكارلىرى ئىدى. ھېرو-
دوتنىڭ نەقىلىگە قارىغاندا، ئىسكىتلاردا پادىشاھنىڭ ئەڭ ياخشى
خىزمەتكارلىرىدىن 50 نەپىرى قۇربان قىلىنغاندىن كېيىن، ئى-
چىگە سامان تولدۇرۇلغان 50 ئاتقا مىندۈرۈلۈپ، پادىشاھ بىلەن
بىللە كۆمۈلگەنىكەن. قەدىمىي تۇنا بۇلغارلىرىدا بەزى شەخسلەر
ئۆلۈكلەر بىلەن بىللە كۆيدۈرۈلگىنىدەك، ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنلى-
رى ۋە خىزمەتچىلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قەبرىگە تىرىك كۆمۈ-
لەتتى. پروكاپىئۇسنىڭ نەقىلىگە قارىغاندا، ئەفتالىتلاردا خوجا-
يىن ئۆلسە، پۈتۈن قۇللىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەبرىگە كىرەت-
تى. ھونلاردا دەپنە مۇراسىمىدا بىر مۇنچە مەھكۇمنىڭ كاللىسى
ئېلىناتتى. تۇكيۇلاردىن تورغاۋۇتنىڭ ئاتىسىنىڭ روھى ئۈچۈن
قولىغا بىر مەكتۇپ بېرىپ تۆت ئەسىرنى قۇربان قىلغانلىقىنى

كۆرۈشكە بولىدۇ. 710 ـ يىلى بىر هازار تۇدۇننىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن 300 رۇم ئەسىرى قۇربان قىلىنغانىكەن. پەچەنەكلەر بولسا، ئۆلۈك بىلەن كۆيدۈرۈش ئۈچۈن باشقا قەبىلە ئادەملىرىنى تۇتۇشقا تىرىشاتتى.

موڭغۇللاردا بىر خاننىڭ ئۆلۈمى بىر ئادەمنى ناهەق ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولاتتى. ئۇلارمۇ هۆكۈمدار ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى هاياتتا ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. رەشىد رەسىدۇدىد دىنىنىڭ يازغىنىغا قارىغاندا، چىنگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئولتۇرغان ئوغلى چوڭ قەبىلىلەردىن 40 قىز تاللىتىپ، بۇلارنى ياساندۇرغاندىن كېيىن ئاتىسىغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇ دۇنياغا يوللىغانىكەن. جىنازىنى كۆتۈرگەنلەر يول ئۈستىدە ئۇچرىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆلۈككە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرەتتى. ماركوپولو بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇلۇغ خانلارنىڭ جىنازىسى بۇ تاغلارغا ئېلىپ چىقىلغاندا جىنازىنى كۆتۈرگەنلەر يول ئۈستىدە ئۇچرىغان كىشىلەرنى قىلىچلاپ، خوجايىنىمىزغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ دۇنياغا كېتىڭلار دەيتتى. . .» بەشىنچى خاقان مەڭگۇ ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا جىنازا كۆتۈرگەنلەر يول ئۈستىدە ئۇچرىغان 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەنىكەن. ۋاسساف هولاگۇ دەپنە قىلىنغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنتايىن گۈزەل ۋە ياساندۇرۇلغان ياش قىزلارنىڭ تىرىك كۆمۈۋېتىلگەنلىكىنى يازىدۇ. ئىبنى باتتۇتانىڭ بۇ هەقتە بەرگەن مەلۇماتى تېخىمۇ تەپسىلىيدۇر. ئۇ: «ئالەمدىن ئۆتكەن خاقان بىلەن بىللە جىيەنلىرىدىن، يېقىن تۇغقانلىرىدىن ۋە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئاياللاردىن ئۆلتۈرۈلگەن 100 چە ئادەم بىلەن ئىنتايىن ئېسىل تۆت ياش قىز، ئالتە قۇل قەبرىگە قويۇلىدۇ. ئاندىن قەبرىنىڭ ئىشىكى تام بىلەن تاقىلىدۇ.» دەيدۇ. پېيلون فوڭ سون: «ئۆلۈم كۈنى ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ قۇللىرىنى، چىرايلىق ئايال خىزمەتكارلىرىنى

ۋە ئەڭ ياخشى ئېتىنى ئۆلتۈردى.» دەيدۇ. پ. مارتىنى 17 ـ ئەسىردە چۈشانلار ئارىسىدا ئۆلۈك بىلەن بىللە قۇللىرىنىڭ ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. رۇسلار سىبىرىيىگە كىرگەندە، يەرلىكلىرى ئۆلۈغلىرىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە سادىق خىزمەتكارلىرىدىن بەزىلىرىنى قەبرىگە تىرىك كۆمۈشنى مەنئى قىلغانىكەن. گمېلىن بۇ مەسىلە ھەققىدە، رۇسلار كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىنىڭ جەسىتى بىلەن خىزمەتكارلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ سادىق بولغىنىنى بىللە كۆيدۈرۈش ئادىتىنى مەنئى قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى يازىدۇ.

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئەرلىرى ئۆلگەن تۇللارنىڭ ئەرلىرى بىلەن بىللە كۆمۈلىدىغانلىقى ۋە كۆيدۈرۈلىدىغانلىقى كۆپ ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئالتاي قەبىلىلىرىدە ئادەم ئۆلسە ئەڭ چوڭ يوقىتىش خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىش قايغۇسى ئىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى بىللە ئېلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە يۇقىرىدا خېلى توختالدۇق. ئىلاۋە سۈپىتىدە بۇلارنىمۇ ئەسلەپ ئۆتسەك يامان كەلمەيدۇ: تۇنا بۇلغارلىرى خرىستىئانلىقنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئايال ئۆلگەن ئېرى بىلەن بىللە قەبرىگە تىرىك كىرىشكە مەھكۇم ئىدى. پازىرىقدىكى قەبرىلەردىن ئېلىنغان مەلۇماتلارمۇ ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردا تۇل ئايالنىڭ ئېرى بىلەن بىللە كۆمۈلۈشىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئادەت ھونلار دەۋرىدە ئىسقىتلاردىن ئېلىنغان بولۇشى كېرەك. ئەينىنىڭ نەقىلىگە ئاساسلانغاندا، خۇدابەندا ئالەمدىن ئۆتكەندە، رەپىقىسى ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغانىكەن.

يەنە ھۆكۈمدارنىڭ قەبرىسىنى ياسىغانلار ۋە ئۇنى دەپنە قىلغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمۇ مەلۇم. بۇنىڭدا قەبرىنىڭ مەخپىيەتلىكى ئۇچۇن شۇنداق قىلىنغان دېگەن چۈشەنچە بىلەن بىلـ

لە، ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۇ دۇنيادا ئۆلۈككە خىزمەت قىلىدۇ دېگەن چۈشەنچىمۇ بار. بۇ ئادەت هازار ۋە موڭغۇل خاقانلىرىنىڭ ئاتىلانىڭ ۋە ۋىزىگوت پادىشاھى ئالارىقنىڭ دەپنە قىلىنىشىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەقىللىق ۋە دانىشمەن كىشىلەرنىڭ تەڭرىگە قۇربانلىق سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئىبنى فەزلان ۋولگا بۇلغارلىرىنىڭ ئەقىللىق ۋە دانىشمەن بىر ئادەمنى كۆرسە، «بۇ ئادەم رەببىمىزگە خىزمەت قىلىشى كېرەك» دەپ ئۇنى تۇتۇپ بىر دەرەخكە ئاسىدىغانلىقى ۋە پارچە - پارچە بولۇپ يەرگە چۈشكۈچە شۇ هالدا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تۇلۇئى: «سەن قۇلۇڭنى گۈزەللىكى ۋە لىياقىتى ۋەجىدىن ئۆزۈڭگە چاقىرماقچى بولساڭ، مەن ئۇنىڭغا تازا باب كېلىمەن» دەيدۇ. بۇ سۆز ئىلاھلارنىڭ ياخشى ئادەملەرنى ئۆزىگە تارتىدىغانلىقىغا دائىر كەڭ تارقالغان ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىبنى رۇستەھ: «رۇسلارنىڭ تېۋىپلىرىنىڭ بۇ ئىشتا مۇتلەق نوپۇزى بار. ئۇلار خالىغان كىشىنى خۇدا يولىدا قۇربان قىلالايدۇ.» دەيدۇ. بۇ يەردە تېۋىپ دەپ تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ شامانلار ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق.

### قان ۋە سۆڭەكلەر:

قەدىمىي ئالتاي قەبىلىلىرى قان ۋە سۆڭەكلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، روھنىڭ قان ۋە سۆڭەكلەردە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. قاندا هاياتلىق ئىقتىدارى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولغان ئۇلۇغلارنىڭ جازاسىنى قان تۆكمەي ئىجرا قىلاتتى. پەقەت گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ۋە دۈشمەنلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە بولاتتى. ماركوپولو: «ئۇلار ئۆز ئادەملىرىنى شۇ شەكىلدە جازالايدۇ، چۈنكى ئۇلار قان تۆكۈشنى خالىمايدۇ. شامانلار ئادەم قېنىنى تۆكۈشنىڭ يامانلىقىنى ئېيتىدۇ» دەيدۇ. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دىۋانىدىكى



www.uyghurkitap.com

بىر مىسرا نەزمىگە قارىغاندا، باج تۆلەشنى رەت قىلغان كىشىگە
كېلىدىغان جازا قېنىنى تۆكۈش ئىدى. قۇربانلىقلارنىڭ ۋە هاي-
ۋانلارنىڭ قېنىنى ئېقىتىشمۇ هارام ئىدى. ئوغۇزلار هايۋانلارنى
ۋە قۇربانلىقلارنى بېشىغا ئۇرۇش، موڭغۇللار بولسا، هايۋاننىڭ
يۈرىكىنى يۇلۇۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆلتۈرەتتى. هىرودوت ئىس-
قىتلاردا قۇربانلىقنىڭ قېنى تۆكۈلمەي، بوغۇش ئۇسۇلى بىلەن
ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ ئادەت بەزى ئوتتۇرا ئاسىيا
قەبىلىلىرى ئارىسىدا هازىرغىچە مەۋجۇت.
روهنىڭ قاندىن باشقا ئىككىنچى ماكانى سۆڭەكتۇر. قەدى-
مىي ئالتاي قەبىلىلىرى ئىنساننىڭ ئۇ دۇنيادىكى هاياتىنى داۋام-
لاشتۇرۇشى ئۈچۈن تەنىنىڭ مۇمكىنقەدەر ساقلاپ قېلىنىشىغا ئىن-
تايىن ئەهمىيەت بېرەتتى. بۇنىڭغا مۇمكىن بولمىسا، ئۆلۈكنىڭ
سۆڭەكلىرى ياكى باش سۆڭىكىنى مۇمكىنقەدەر ساقلاپ قېلىشقا
تىرىشاتتى. ئىنساننىڭ ئىسكىلىت ۋاستىسى بىلەن هاياتلىققا
قايتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچە دىنلار تارىخى ناهايىتى
يېقىندىن بۇيان تونۇپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلىدۇر. مىركىئا
ئېلىئادە: «روه سۆڭەكلەردىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ
سۆڭەكلەردىن تىرىلىدىغانلىقى ئويلىشىلماقتا» دەيدۇ. بۈگۈن
ئاناتولىيىدە كەڭ تارقالغان بىر ئېتىقاد بويىچە، ئىنساننىڭ قۇي-
رۇق سۆڭىكى زادى چىرىمەيدىكەن. ئىنسان بۇ سۆڭەكتىن تىرى-
لىدىكەن. ئۆلۈكنىڭ سۆڭەكلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا قەدىمىي
قەبىلىلەر ناهايىتى ئەهمىيەت بېرەتتى. تەبارى ۋە نەرشاهىنىڭ
ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بۇخاراخۇدانىڭ سۆڭەكلىرى پىچاق بى-
لەن گۆشلىرىدىن تازىلىنىپ ساقلانغانىكەن. بۇ ئادەت ئوتتۇرا
ئەسىر خىرىستىئانلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئىمادىددىن ئەل كاتىب
ئەل ئىسفاهانىنىڭ يېزىشىچە، فرېدرىخ بارباروسسانىڭ سۆڭەكلى-
رى پىچاق بىلەن گۆشلىرىدىن ئايرىلىپ، قۇددۇسقا قويۇلۇشى
تەلەپ قىلىنغانىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، سىبىرىيىدە بەزى قەبىلى-

www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ئىسكىلىتلىرىنى ساقلاپ قالىدىغانلى-
قى ۋە قايتا تىرىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆللەرگە، ئېقىن سۇلارغا
تاشلايدىغانلىقى مەلۇم.

روھنىڭ ماكانى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان يەرلەردىن بىرى
باش سۆڭىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمىي قەبىلىلەرنىڭ كۆپچى-
لىكىدە باش سۆڭىكىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ساقلىنىدىغانلىقىنى كۆ-
رۈشكە بولىدۇ. ئىبنى رۇستەھ ئوتتۇرا ئاسىيادا باش سۆڭىكىگە
چوقۇنۇش مەۋجۇتلۇقىنى ئېيتىدۇ. ئەبۇ ئۇبەيد ئەل بەكرى بىر
دەريا ۋادىسىدىكى خەلقنىڭ باش سۆڭىكىگە چوقۇنىدىغانلىقىنى
ئېيتىدۇ. ھېرودوت ئىسسېدونلارنىڭ ھېيت - ئايەملەردە ئاتىلىرى-
نىڭ باش سۆڭىكىگە چوقۇنىدىغانلىقىنى يازىدۇ. لاما ئىبادەتخانى-
لىرىدا مىس ياكى كۈمۈش بىلەن قاپلانغان باش سۆڭەكلىرى بار.

دۈشمەنلەرنىڭ روھىي كۈچلىرىنىڭ تارقىلىپ كەتمەسلىكى
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ باش سۆڭىكىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن شاراب
جاملىرىنى ياساش قەدىمىي قەبىلىلەردە كەڭ تارقالغان بىر ئادەت
ئىدى. ھېرودوت ئىسكىتلار ھەققىدە توختالغىنىدا: «ئۇلار كۆ-
زىنىڭ يۇقىرىسىدىن كېسىلگەن باش سۆڭىكىنى تېرە بىلەن
قاپلاپ جام ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئەگەر ئىشلەتكۈچى باي بولسا،
تېرە ئۈستىگە ئالتۇن قاپلايدۇ.» دەيدۇ. بۇ ئىش قەدىمىي چىنى-
لىقلار، مورداۋلار، بۇلغارلار، ئاناتولىيە قەبىلىلىرى ۋە ئىرانى-
لىقلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلغار قىرالى (پادىشاھى) كرۇمنىڭ
بىزانس ئىمپېراتورى نىكېفوروس I نىڭ باش سۆڭىكىنى جام
قىلىپ ئۇنىڭدا شاراب ئىچىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. قەدىمىي
ئىران ئەدەبىياتى بۇنىڭ مىساللىرى بىلەن تولغان. ئىبنى فەز-
لان: «باشقىرتلار بىر ئادەم كۆرسە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى
ئېلىپ كېتىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئادەتنىڭمۇ باش سۆڭىكى قاپلىمىسى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

## كېپەن:

قەدىمقي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمىدا ئۆلۈكلەر يۇيۇ-لۇپ كېپەنلىنەتتى. كېپەن ئورخۇن ئابىدىلىرى ۋە مەھمۇد قەش-قىرىنىڭ دىۋانىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەھمۇد قەشقىرى كېپەننى «ئە-سۈك» دەيدۇ.

## قۇربانلار ۋە ھەدىيىلەر:

قەدىمقي تۈرك دىنلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرىدىن بىرىنى ئۆلۈكلەرگە سۇنۇلىدىغان قۇربانلار تەشكىل قىلىدۇ. قۇربانلىق ئادەم، ھايۋان، يېمەك - ئىچمەكلەردىن قىلىنىشى لازىم ئىدى. ھايۋان قۇربانلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغىنى ئات، قوي، ئۆكۈز، تۆگە ۋە بۇغا قۇربانلىرى بولۇپ، قۇربان قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ سانى ئۆلگۈچىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ بايلى-قىغا قاراپ ئوخشىمايتتى. بەزىلەر يۈزلەپ ھەتتا مىڭلاپ مالنى قۇربان قىلاتتى. قۇربانلارنى شامانلار ۋە قەبىلىنىڭ چوڭلىرى باشقۇراتتى. بىر كىشى ئۆلسە، شۇئان چېدىرىنىڭ يېنىدا مال قۇربانلىق قىلىناتتى. دەپنە مۇراسىملىرىدا ۋە ئۆلۈمنىڭ نەزىر - چىراغلىرىدا، يىل نەزىرىسىدە قۇربانلىق قىلىش ناھايە-تى كەڭ تارقالغان ئادەت ئىدى. ھازىر بۇ قۇربانلىقلار ئومۇمەن ئۆلۈمدىن ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە ياكى قىرىق كۈن كېيىن ۋە ئۆلۈكنىڭ يىلى توشقاندا قىلىنىدىغان بولدى. قۇربانلار ئومۇمەن ئۆلۈكتىن كېلىدىغان زىيان - زەخمەتتىن قۇتۇلۇش ۋە ئۆلۈككە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتىدا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەۋەتىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئىبنى فەزلان ئوغۇزلارنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتىدا پىيادە ماڭماسلىقى ئۈچۈن ئۆلۈككە ئات قۇربان قىلىد-غانلىقىنى ئېيتىدۇ.

قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچراي-دىغىنى ئۆلۈك ھاياتىدا مىنگەن ئاتتۇر. بەزى قەبىلىلەردە ئات

قۇربان قىلىنىدىغان بولسىمۇ، بەزىلىرىدە ئېگەر - توقۇملىرى بىلەن قەبرىگە تىرىك كۆمۈلىدۇ. پلان كارپىن: «مېيىت بىلەن بىللە ئېگەر - توقۇملۇق ئېتى ۋە قۇلۇنلۇق بىر بايتالمۇ كۆمۈلىدۇ» دەيدۇ. مېيىت كۆيدۈرۈلگەندە ئېتىمۇ كۆيدۈرۈلەتتى. ئىبىنى فەزلان ۋە رۇبرۇئۇك قۇربان قىلىنغان ئاتنىڭ بېشى ۋە پاقالچەكلىرىدىن باشقا، گۆشى يېيىلگەندىن كېيىن تېرىسىنى ئۆلۈكنىڭ قەبرىسى بېشىدىكى قوزۇقلارغا ئېسىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىبن باتتۇتا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قەبرىنىڭ يېنىغا يوغان تۇۋرۇك تىكىلىپ، ئۇنىڭغا تۆت ئات ئېسىلدى. بۇلار ئاۋۋال قەبرىنىڭ ئەتراپىدا چاپتۇرۇلغانىدى. ھەربىرى سوڭىدىن تىقىلىپ ئاغزىدىن چىقىرىلىدىغان بىر قوزۇققا ئۆتكۈزۈلەتتى. خاننىڭ ئەڭ يېقىن ئون تۇغقىنىنىڭ قەبرىسى يېنىدا ھەربىرى ئۈچۈن ئۈچتىن ئات، باشقا تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسى يېنىدا بولسا بىردىن ئات دارغا ئېسىلدى ياكى قوزۇققا ئۆتكۈزۈلدى.» رىكو دې مونتې گروكې بولسا: «ئۇلار ياخشى ئاتتىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈكنىڭ ئەر چاكىرىنى مىندۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى چاپتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىغا ئېسىل شاراب قۇيىدۇ ۋە ئاتنى ئۆلتۈرىدۇ، كېيىن ئىچ - قارنىنى ئېلىۋېتىپ ئىچىگە سامان تولدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قوزۇق ئېلىپ ئاتنى بۇ قوزۇققا ئۆتكۈزىدۇ.» دەيدۇ. قۇربان قىلىنغان ئاتلارنىڭ تېرىسىنى قەبرە بېشىدا ئىنچىكە ۋە تۈز تاياقلارغا ئۆتكۈزۈش ياكى ئىچىگە سامان تولدۇرۇش بۈگۈنكى ئالتايلىقلار ۋە ياقۇتلاردا رەسىم - قائىدىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ياقۇتلار بۇ تېرىلەرنى تابىق دەيدۇ. ئالتايلىقلار بولسا بايدارا دەيدۇ. پازىرىق قېزىلمىلىرىدا قۇربانلىق قىلىنغان ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرى كېسىك ئىكەنلىكى كۆرۈلگەن. جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرىمۇ قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ قۇلىقىنى كېسەتتى.



www.uyghurkitap.com

شۇبھىسىزكى، بۇ قۇربانلارنىڭ ھەر خىل سەۋەبلىرى بار ئىدى. ئۆلۈمدىن كېيىن بىر جەڭ ئېتىنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشى ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشى ئۈچۈن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن يۇغ* مۇراسىمىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قۇربانلىق قىلىنىغان ئاتلار ۋە ھايۋانلار ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتىدا ئاتلىرى ۋە مال پادىسى بولۇشىنى مەقسەت قىلاتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇربانلىقلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنلەر بۇ ئىشلارنى بىلەتتى. پلان كارپىن: «بۇ قۇربانلار ئۆلۈكنىڭ مال پادىسى ۋە ئاتلىرىنى كۆپەيتىشى ۋە مىنىدىغان ئاتلارغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىدۇ» دەيدۇ. گۇئىراس بولسا، ئاتلارنى كۆمۈشنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنيادا جەڭدە مىنىدىغان ئاتلارغا ئىگە بولۇشىنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. يۇغ مۇراسىمىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلار ئۇ دۇنيادا ئۆلۈك بىلەن بىللە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ غەم - قايغۇلىرىغا شېرىك بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

قۇربان قىلىنغان ۋە گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار ئوغۇزلار ۋە قۇتلۇقلاردىكىدەك بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلەتتى. سۇلايمان ئەل تاجىرنىڭ نەقلىگە قارىغاندا، ھايۋانلارنى بۇنداق ئۆلتۈرۈش ئادىتى قەدىمىي چىن ۋە ھىندىلاردىمۇ بار ئىكەن. موڭغۇللار ۋە بەلتىرلەر ھايۋانلارنى يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆلتۈرەتتى. ھايۋاننى بۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش قاندىكى سېھرىي كۈچلەرنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇلار سۇغا ئوخشاش قاندىمۇ ھاياتلىق كۈچى بار دەپ قارايتتى. ئەبۇ دۇلەف بولسا، قىماقلار ئارىسىدا ھايۋانلارنى بوغۇزلاشنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

---

* يۇغ — تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماستا ئۆلۈكلەر ئۈچۈن ئۆتكۈزىدىغان مۇراسىمى — ت.

تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا قىلىنىدىغان قۇربانلاردىن بىرى ئىدۇقلار بولۇپ، بۇ روھلارغا ئاتاپ بوش قويۇۋېتىلگەن ھايۋانلاردۇر. ئىدۇق تەڭرى ئۈچۈن ئەركىن قويۇۋېتىلگەن ھايۋان دېگەنلىكتۇر. مەھمۇد قەشقىرى: «ئىدۇق قۇتلۇق ۋە مۇبارەك مەۋجۇدات. تەڭرى ئۈچۈن ئەركىن قويۇۋېتىلگەن ھەرقانداق ھايۋاننى بۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. بۇ ھايۋانغا يۈك ئارتىلمايدۇ، سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ، ئىگىسى قىلماقچى بولغان ھەدىيە ئۈچۈن ساقلىنىدۇ» دەيدۇ. پېكارسكى بۇ سۆزنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «قۇربانلىق ھايۋان ئىدۇق ھېچقاچان ئۇرۇلمايدۇ، قۇيرۇق ۋە يايلىرى كېسىلمەيدۇ.» موڭغۇللار دەۋرىدە ئىدۇق قۇربانى كەڭ تارقالغانىدى. جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرى بۇ خىل قۇرباننى «سائىبە» دەيتتى.

شامانىزمدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان دىنىي مۇراسىملاردىن بىرى ئۆلۈكلەرگە يېمەك ـ ئىچمەك تەقدىم قىلىشتۇر. لېكىن، ئالتاي دۇنياسىنى تەتقىق قىلغۇچىلار يېمەكلىك تەقدىملىرى ھەققىدە ئادەم ۋە ھايۋان قۇربانلىرىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئاز تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ جەھەتتىكى ئادەتلەرنىڭ ئانچە داغدۇغىلىق بولمىغانلىقىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۆلۈكنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن بىللە كۆمۈلىدىغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن مەلۇماتقا ئىگىمىز. ھونلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا تاۋۇتتىكى مېيىتقا شاراب ۋە گۈرۈچ تەقدىم قىلاتتى. پلان كارپىن موڭغۇل قەبرىلىرىدە ئۆلۈكنىڭ ئالدىغا بىر شىرە ئۈستىگە گۆش سېلىنغان تاۋاق ۋە قىمىز قويۇلغان بىر كۈپ قويۇلىدىغانلىقىنى يازىدۇ. رۇبرۇئۇك: «تاتارلار ئۆلۈكنىڭ قەبرىسىگە ئىچىشى ئۈچۈن قىمىز، يېيىشى ئۈچۈن يېمەكلىك قويىدۇ» دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىبنى باتتۇتا: «قوللىرىدا ئىچىملىك قويۇلغان جاملارنى تۇتقان تۆت گۈزەل قىز ۋە ئالتە قول ئۆلۈك بىلەن بىللە كۆمۈلدى» دېگەنىدى.

يېقىنقى زامانلاردىكى بەلگىلەردە مېيىت دەپنە قىلىنىپ يەتتىنچى كۈنى ئاۋۇل خەلقى ئەر - ئايال جەم بولۇپ قەبرىستان-لىققا باراتتى. قەبرىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇلۇغ ئوت يېقىپ، ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردىن ئوتقا تاشلايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قەبرىنىڭ ئۈستىگە يېمەكلىك ۋە جاملاردا ئى-چىملىك قويۇپ، ئۆلۈككە: «بۇ تائامنى يە، بۇ شارابنى ئىچ! بۇلار ساڭا ئەرشتىن بېرىلگەن تائام ۋە ئىچىملىكلەر» دېيىشەت-تى، ئاندىن ئۆزلىرى يەپ - ئىچىشەتتى. ئۇلاردا ئەڭ كاتتا زىياپەت ئۆلۈمنىڭ يىل نەزىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلەر جەم بولۇپ قەبرىستانلىققا بېرىپ، قەبرىگە تائام ۋە شاراب قويىدۇ، ئاندىن ئۆزلىرى يەپ - ئىچىشىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ تول قالغان خوتۇنى قۇياشنىڭ يۆنىلىشىدە قەبرىنى ئۈچ ئايلىنىپ، «مەن سەندىن ۋاز كەچتىم» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقا ئەرگە نىكاھلىنالايدۇ.

يېمەكلىك تەقدىملىرى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىمۇ ئىسپاتلانغان. پازىرىقتىكى 2 - نومۇرلۇق قەبرىدە تۆت پۇتلۇق تاش ئۈستەللەر تېپىلغان. ژېتتمارنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، بۇ ئۈستەللەر كۆيدۈرۈلگەن قۇربانلارنى تەقدىم قىلىشتا ئىشلىتىل-دىكەن. ئوغلاقتىدا باش سۆڭەك جامىغا ئوخشايدىغان، ياغاچتىن ياسالغان تۆت جام تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسقىتلارنىڭ قەبرىلەرگە ياغ ۋە شاراب قويۇلغان كۆپلەر ۋە گۆش قازانلىرى ئورنىتىدىغانلىقىنى بىلىمىز. پازىرىقتا ياغاچ چەمبىرەكلەرگە ئورنىتىلغان چوڭ كۆپلەر تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلۈكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھەيكەللىرى قوللىرىدا شاراب جاملىرىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، چەت ئەللىكلەر تەرىپى-دىن ئەۋەتىلگەن ھەدىيىلەردىن ئۆلۈكلەر ئۇچۇنمۇ نېسىۋە ئايرى-

لىدىغانلىقى كۆرۈلگەن. ئىبنى فەزلاننىڭ يېزىشىچە، خەلىپە تەرىپىدىن ئوغۇز سۇ باشى (مىراب، كۆكبېشى) ئەتراقلا ئەۋەتىلگەن ھەدىيىلەردىن بىر قىسمى خوتۇنى تەرىپىدىن ئاتىسى ئەل قاتاغاننىڭ قەبرىسىگە تەقدىم قىلىنىغان. بۇ ئايال مەزكۇر ھەدىيەلەرنى قەبرە ئۈستىگە قويغاندا: «بۇلار ئەرەب ھۆكۈمدارىنىڭ ئەتراقىنىڭ ئاتىسى ئەل قاتاغانغا ھەدىيىسىدۇر» دېگەنىكەن. بۇ يېمەكلىك تەقدىملىرىنىڭ قۇربانلىقلارغا ئوخشاشلىقى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلاردىن پەرقىمۇ بولغانلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يېمەكلىك تەقدىمى بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا قۇربانلىق مەسىلىسىلا ئەمەس. بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ تەقدىم قىلىنىشى ئۆلۈكنى ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتىدا يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلىدىكەن.

## قەبرىلەر (مازارلار):

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى مازارنى قەبرە ياكى گۆر دەيتتى. قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچە مۇقەددەس دەپ قارالغان يەرلەرگە، قەبىلىنى شەكىللەندۈرگەن توتېملارغا* چوقۇنىدىغان يۇرتقا، تاغ چوققىسىغا، ئورمانلىقتا، دەريا تېگىگە ياكى دەريا بويىغا ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. قەبرىلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى ئاساسەن بىلگىلى بولىدۇ. ئورنى يوقالمىسۇن ئۈچۈن، ئۈستىگە «تومۇلۇس» دېيىلىدىغان بىر گۈمبەز ياسىلاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزى ھۆكۈمدارلارنىڭ قەبرىلىرى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن مەخپىي بولاتتى. قەبرىلەرنى ياساشتا ئۆلگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىمۇ

* توتېم — ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بولۇپ، بۇنىڭدا مەلۇم بىر ھايۋانغا چوقۇنىدۇ ياكى ئۇنى ئۆز ئەجدادى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ — ت.

نەزەرگە ئېلىناتتى. ئاقساقاللارنىڭ قەبرىلىرى ئۆيدەك چوڭ ياسىلىدىغانلىقىنىڭ ئەكسىچە، پۇقرالارنىڭ قەبرىلىرى ناھايىتى ئاددىي بولاتتى. ئىبنى فەزلان ئوغۇزلارنىڭ قەبرىلىرىنى ئۆيگە ئوخشىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى ھەققىدە توختالغىنىدا، «ئۆي» ئىبارىسىنى ئىشلىتىدۇ. ئىبنى باتتۇتا قەبرىنى يەر تېگىدە پەۋقۇلئاددە گىلەملەر سېلىنغان بىر ئۆيگە ئوخشىتىدۇ. قەبرىنىڭ ياسىلىشى ھەققىدە بىزگە ئەڭ ياخشى مەلۇماتنى پلان كارپىن بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئالدى بىلەن يەرگە ئورا قېزىلىدۇ، ئاندىن بۇ ئورىنىڭ تېگىدىن قەبرىگە كىرىدىغان يەر ئاستى يولى ياسىلىدۇ. ئەسلىي قەبرە بۇ يەر ئاستى يولىنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆلۈكنىڭ داۋاملىق توپا قاتلىمى ئاستىدا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئورىغا چۈشۈرۈلگەن مېيىت مۇرەككەپ بولغان يەر ئاستى يولىدىن ئەسلىي قەبرىسىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن يەر ئاستى يولى تاقىلىپ، ئورا كۆمۈلىدۇ. ئارخېئولوگلار ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى ماتېرىيالنى ئىسپاتلىغانىدى. ئۇلارمۇ قەبرىنىڭ كىرىش قىسمىدا بىر ئورەك بولىدىغانلىقى، بۇ يەردىن ئەسلىي قەبرىگە بارىدىغان بىر كارىدور بارلىقى، ئەسلىي قەبرىنىڭ بىر ئۆيدەك كەڭ بولىدىغانلىقى ۋە تام - تورۇسىنىڭ قورام تاش بىلەن قوپۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن. ئەفتالىتلار ئۆلگەن ئادەم يوقسۇل بولسا، ئۇنى بىر ئورەككىلا كۆمۈشەتتى، ئۆلگۈچى باي بولسا، قەبرە تاش بىلەن قوپۇرۇلاتتى. تۇكيۇلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى.

بەزى قەبرىلەرنىڭ كىشىلەردىن مەخپىي بولىدىغانلىقى ۋە ئىزلىرى يوقىتىۋېتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. كىشىلەردىن يوشۇرۇلمىغان قەبرىلەر ئۈستىگە تومۇلۇس (گۈمبەز) ياسالسا، مەخپىي قەبرىلەرنىڭ ئىزلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ. بۇلار يا خەلقتىن يىراق دالىلارغا ۋە تاغلارغا ياكى دەريانىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاستىغا ياسىلىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ يوشۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبى،
ئۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ۋە باشقىلارنىڭ بۇلاپ كېتى-
شىدىن ساقلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئىبنى فەزلاننىڭ ئېيتى-
شىچە، هازارلار خاقانلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئېدىل دەرياسىنىڭ
ئاستىغا ياساپ، ئۈستىدىن دەريا ئېقىمىنى ئۆتكۈزەتتى، شۇنىڭ-
دەك، بۇ دەريا تېگىدىكى قەبرە كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن
نۇرغۇن هۇجرىلارغا ئايرىلىپ، خاقان بۇلاردىن بىرىگە قويۇلاتتى
ۋە دەپنە قىلغۇچىلار بىلەن قەبرىنى ياسىغۇچىلار ئۆلتۈرۈلەتتى.
بۇ ئۇسۇل ئاتتىلا بىلەن ۋىزىگوت قىرالى ئالارىقنىڭ قەبرىسى
ۋە دەپنە قىلىنىشىدىمۇ قوللىنىلغانىدى.

موڭغۇل هۆكۈمدارلىرىنىڭ قەبرىسى بولسا كىشىلەرنىڭ
كۆزىدىن ناهايىتى يىراق تاغلاردا بولاتتى. ئۇلارنىڭ قەبرىسىنىڭ
ئورنى ۋە ئىزى كىشىلەردىن پۈتۈنلەي مەخپىي بولاتتى. پلان
كارپىن موڭغۇل هۆكۈمدارلىرىنىڭ قەبرىسىنىڭ ياسىلىشى هەق-
قىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مەخپىي هالدا دالىغا بېرىپ، ئۆلۈك-
نى كۆمىدىغان يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى يىلتىزى بىلەن قومۇ-
رۇپ، ئۇ يەرگە گۆر كولايدۇ. ئۆلۈكنى كۆمگەندىن كېيىن
قەبرىنى كۆمۈۋېتىپ، ئۇ يەردىن قومۇرغان چۆپلەرنى بۇرۇنقى-
دەك ئۆز ئورنىغا قويىدۇ ۋە قەبرىنىڭ ئورنىنى كېيىن هېچكىم
تاپالمايدىغان قىلىۋېتىدۇ.» بۇ مەتىن يۇئانلار دەۋرىگە دائىر
بىر ئاز پەرقلىق تەسۋىرلەش بىلەن قوللاشقا سازاۋەر بولدى.
«دەرۋەقە ئۇلاردا قەبرە ئورنىنى مەلۇم قىلماسلىق ئۈچۈن دەپنە
مۇراسىمى قاتتىق مەخپىيەتلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. قەبرە يېپى-
لىپ بولغاندا ئورنى بىلىنمىسۇن ئۈچۈن ئۈستىدىن يىلقا پادىسى
ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئالەمدىن ئۆتكەن خاننىڭ قەبرىسى ئۈستىدە
بىر تۆگە بوتىسى ئانىسىنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلىنىدۇ. قۇرباذ-
لىق سۇنۇلىدىغان چاغدا، بوتىسى قۇربانلىق قىلىنغان تۆگە ئەر-
كىن قويۇۋېتىلىدۇ. كېيىن ئۇ بالىسى قۇربانلىق قىلىنغان يەرگە

ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. قەبرىنىڭ ئورنى مۇشۇنداق تېپىلىدۇ.» كۆپ ھۆجرىلىق مەخپىي قەبرىلەر سىيەنپىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەتتا 13 - ئەسىردە سارى سالتۇقنىڭ قەبرىسىنى مەخپىي قىلىش مەقسىتىدە يەتتە قەبرە ياسالغان.

ئەڭ كۆپ دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان قەبرە تۇرلىرىدىن بىرى قەبىلە ياكى ئۇرۇق - جەمەت قەبرىلىرىدۇر. بۇلار ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كۆپىنچە مانجۇرىيە ۋە موڭغۇلىستاندا، قومانلاردا ئۇچرايدۇ.

.

قەبرە تاشلىرى:

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە بەزى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە شەكىل بېرىلمىگەن بىر تاش ياكى ياغاچ ئورنىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇلار بالباللار ياكى ھەيكەللەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق قەبرە تاشلىرى بولۇپ، بەزىدە ئۇلارغا ئۆلۈكنىڭ يادنامىسى ئويۇلىدۇ. بۇ تاشلارنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئورنىتىلىدىغانلىقى مەلۇم. بىلگە خان 734 - يىلى ئۆلگەن بولسىمۇ، يادنامىسى 735 - يىلى پۈتۈلگەن. بەزىدە بۇ تاشنىڭ تونيۇقۇقنىڭ يادنامىسىدىكىدەك، ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا شەخسەن ئۆزى تەرىپىدىن تەييارلىنىدىغانلىقى مەلۇم. يەنسەي قىرغىزلىرىدا، تۇكىيۇلاردا بۇنداق قەبرە تاشلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدا ئۆلگۈچىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرسىتىدىغان رەسىملەرمۇ سىزىلغان. نىزامى قىپچاق دالىسىدىكى ياغاچ قەبرە تاشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە توختالغان. بۇنىڭدىن باشقا، چىن مەنبەلىرىدە تۈرك قەبىلىلىرىدە قەبرىلەرنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈن تاياقلار تىكىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئاسىيا داللىرىدا قەبرىلەر ئۈستىگە دەرەخلەر تىكىلەتتى ياكى مېيىت خاسىيەتلىك دەپ قارالغان بىر دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈلەتتى. ھازىر ئاناتولىيىدە قەبرىلەر ئالدىغا

گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈش ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى تىكىش ئۇنۇملاشقان بىر ئادەتتۇر.

## ئوغۇزلار:

ئىبنى فەزلان ئوغۇزلارنى ئۈست يۇرت بىلەن ئۇرال دەرياسى ئارىسىدا، بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ غەربىدە ئۇچراتقانىدى. بۇ چاغدا ئۇلار بۇلغارلار بىللە ھازارلارغا دۈشمەن ئىدى. ئىبنى فەزلان زامانىدا ئوغۇزلار ياشىغان جايلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ناھايىتى تەس. ئەبۇ دۇلەف ئوغۇزلاردىن بىر قىسمىنى ماۋەرائۇننەھردىن چىنغا كېتىۋېتىپ كۆرگەن. ئەمەلىيەتتە ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان توققۇز ئوغۇزلار تېخىمۇ شەرقتە ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر كەڭ دائىرىگە تارقىلىشىنىڭ سەۋەبى، ھەر خىل كۆچۈشلەر تۇپەيلىدىن قەبىلىلەر توپلىرىنىڭ بىر قىسمى ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، بىر قىسمى يۇرتلىرىدا قالغانلىقىدۇر. ئوغۇزلار ھەققىدە ئېيتىلغان بۇ تارقاقلىق باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئۇچۇنمۇ ئورتاقتۇر. شۇ سەۋەبتىن مەسئۇدى ئوغۇزلارنى ئەل ئەۋالى، ئەل ئەۋاسىت ۋە ئەل ئەسافىل دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ. ئىبنى ھاۋقال ۋە ئىستەھرى ئوغۇزلارنىڭ خوراسان، ماۋەرائۇننەھر، خارەزىم، ھازارلار، بۇلغارلار، قارلۇقلار ۋە قىماقلار ئارىسىدىكى رايوندا ياشايدىغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ دائىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك چېگرىسىنى مۇنداق سىزىش مۇمكىن: تابارىستان ۋە جۇرجاننىڭ شىمالى، ھازار دېڭىزىنىڭ شەرقى، يابىيىق ۋە كاما دەريالىرىنىڭ جەنۇبى، ھازىرقى قازاقىستاننىڭ غەربى ۋە جەنۇبى يېرىمى، تاراز، فاراب، شاش، سۈتكەنت، سەمەرقەند، بۇخارا ھەمدە خارەزىمنىڭ شىمالى ۋە غەربى. ئوغۇزلار شەرقتە قارلۇقلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئىسفىجابدىن تابارىستانغىچە بولغان ئىسلام ئەللىرى «ئوغۇز ئالدىنقى سېپى» ھېسابلىناتتى. ئوغۇزلار بۇ چاغدا مۇستەقىل يابغۇلۇقلار (قارلۇقلار) غا بۆلۈنۈپ

كۆچمەن تۇرمۇش كەچۇرەتتى. پەقەت شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ ياشاشقا ئادەتلىنىشكە باشلاپ، يېڭى كەنت، جەند، هۇۋارە، ئىستىيا كەنت، شالاش، ئۆزكەنت ئوخشاش ئوغۇز شەهەرلىرى مەيدانغا كەلدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوغۇز يابغۇسى قىشتا يېڭى كەنتتە ئولتۇرۇپ، يازدا دالىلاردا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۇرەتتى. ئەبۇ دۇلەف كۆرگەن ئوغۇزلارنىڭ تاش، ياغاچ ۋە قومۇشتىن ياسالغان ئۆيلىرى بولغان بىر شەهىرى بار ئىدى.

ئىبنى فەزلان زامانىدا ئوغۇزلار چارۋىچىلىق ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. جۇرجانىيە، ئۆزكەنت ۋە تارازغا ئوخشاش ئىسلام شەهەرلىرىگە چارۋا مال ۋە چارۋا مەهسۇلاتلىرىنى ئەكېلىپ سېتىپ، ئۇ يەردىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى. ئوغۇزلار كۆپىنچە قوي، ئات ۋە تۆگە باقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئوغۇز ئەللىرىگىمۇ ئىسلام سودىگەرلىرى كېلىپ ئېلىم ـ سېتىم قىلىشاتتى.

بۇ مەزگىلدە ئوغۇزلار كىگىزدىن ۋە ئىسلام ئەللىرىدىن ئىمپورت قىلىنغان رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى. ئىسلام ئەللىرىدىن كەلتۈرۈلگەن كىيىم ـ كېچەك، ياڭاق، تېرىق، نان قاتارلىق نەرسىلەر ئۇلار ئارىسىدا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سوۋغاتلاردىن ئىدى. ئەبۇ دۇلەف كۆرگەن ئوغۇزلار بولسا، تېرە ۋە كەندىر رەختتىن قىلىنغان كىيىملەرنى كىيەتتى.

ئىبنى فەزلان بارغان چاغدا ئوغۇزلار شامانىي ئىدى. ئاساسلىق ئىبادەتخانىلىرى يوق ئىدى. هەر خىل تەبىئەت كۈچلىرىگە ۋە ئاتىلىرىنىڭ روهىغا چوقۇنۇش بىلەن بىللە، هەممىدىن ئۈستۈن تەڭرىگە ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاندا ـ ساندا مۇسۇلمانلار ئۇچرايتتى. مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىسلامىي تەبىرلەرگە ئادەتلەنگەن بولۇپ، «كەلىمە شاهادەت» ئېيتاتتى. شۇنىڭدىن سەل كېيىن، بەلكىم ئىبنى فەزلان ئەلچىلىكتىن قايتقاندا،

ئوغوز يابغۇسى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانىدى. ئوغۇزلار بىراقلا موسۇلمان بولغان. ئۇلارنىڭ ئىسلامىيەتكە كىرىشى سۇلتان سەنجەر زامانىغا قەدەر داۋاملاشقان.

## ئونگونلار:

شامانىست تۈرك قەبىلىلىرىدىن بەزىلىرى ئۆيلىرىدە ئاتلىرىنىڭ قوي تېرىسىدىن، ئاق تۆمۈردىن، كىگىزدىن ۋە ياغاچتىن ياسالغان ھەيكەللىرىنى ساقلايدۇ. بۇ ھەيكەللەر ئونگون دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئونگونلارنى سۈت بىلەن يۇيىدۇ ۋە ئاسرايدۇ. تاماقتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئالدىغا يەيدىغان تاماقتىن بىر كاپام قويىدۇ. ئەرمان سىبىرىيە ساياھەتنامىسىدە: «بىر ئادەم ئۆلسە، بالا - چاقىلىرى ياغاچتىن ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ چوڭ بىر سۈرەت ياساپ، مۇئەييەن چاغدا ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ ۋە ھەر ۋاقىت تاماقتىن بۇ سۈرەتنىڭ ئالدىغا يېگەن تاماقتىن قويىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى رۇبرۇئۇك ۋە ماركوپولومۇ بايان قىلىدۇ. ئونگونلارغا تاماق بېرىلگەندىن كېيىن بىر قىسىم نېسىۋە يەرگە چېچىلىدۇ. پلان كارپىن ۋە ئابدۇلقادىر ئىنان بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ.

## مېيىت بىلەن بىللە قەبرىگە قويۇلىدىغان نەرسىلەر:

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئۆلۈمدىن كېيىن ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىغا ئوخشاش بىر ھايات كەچۈرىدىغانلىقىغا، ئۇ يەردە يەپ - ئىچىدىغانلىقىغا، جەڭلەرنى قىلىدىغانلىقىغا ۋە كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتىدا كېرەكلىك نەرسىلەرنى بىللە ئېلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردىن ئۇ يەرگە ئېلىپ كېتىلمىگەن نەرسىلەر ئۇ يەردە بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېيىت بىلەن بىللە ئۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى كۆمۈش ياكى كېيىن قۇربانلىق



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۇپىتىدە سۇنۇشقا توغرا كېلەتتى. پلان كارپىن: «مېيىت چې-
دىرى بىلەن بىللە كۆمۈلدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئۈستەل
قويۇپ، ئۈستىگە گۆش سېلىنغان بىر تاۋاق ۋە بايتال سۈتى
(قىمىز) قويۇلغان بىر كۈپ قويدى... بۇ ئۆلگۈچىنى ئۆلۈم-
دىن كېيىنكى ھاياتىدا ئۆيگە، ئۆزىگە سۈت بېرىدىغان بايتالغا
ئىگە بولسۇن، يىلقا پادىسىنى كۆپەيتسۇن ۋە مىنىدىغان ئاتلىرى
بولسۇن دېگەنلىك ئىدى» دەيدۇ. مىلادىيە 552 — 556 - يىللار
ئارىسىدا يېزىلغان پيەن يىتيەن ۋەقەلەر خاتىرىسىدە: «ئۆلگۈچى-
نىڭ ئېتى، كىيىم - كېچەكى، ئىشلەتكەن نەرسىلىرى مېيىت
بىلەن بىللە كۆيدۈرۈلدى» دېگەنىدى. تونگۇزلار مېيىت بىلەن
بىللە ئوقيا، ئوق ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتىدا
خىزمىتىنى قىلىدىغان بىرقانچە خادىملارنى بىللە كۆمەتتى. گىمې-
لىن شاماننىڭ قەبرىگە پۈتۈن سېھىر قوراللىرى بىلەن ياساندۇر-
غان ھالدا دەپنە قىلىنىدىغانلىقىنى يازىدۇ. سەيفى قالمۇقلار
ئۆلگۈچىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى مېيىت بىلەن بىللە كۆممەي،
قەبرە ئۈستىگە قويىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئىبنى باتتۇتا
مېيىت بىلــەن بىللــە گىلــەم، قــورال - يــاراغ، ئوردىنىڭ
ئالتۇن - كۈمۈش قاپلىمىلىرىنىڭ قوشۇپ كۆمۈلىدىغانلىقىنى
ئۇقتۇرىدۇ. چىن مەنبەلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مېيىتنى ئۆرە تۇرغۇ-
زۇپ، قىلىچىنى ئاسقان، بىر قولىغا نەيزە، بىر قولىغا ئوقيا
تۇتقۇزغان ھالدا دەپنە قىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئىبنى فەزلان
ئوغۇزلارنىڭ مېيىتنى قورال - ياراغلىرى بىلەن، قولىدا شاراب
جامى تۇتقان ھالدا دەپنە قىلىدىغانلىقىنى، يېنىغا تەمبۇر قويىدى-
غانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئىسكىتلاردا مېيىت بىلەن بىللە قەبرى-
گە خىزمەتكارلارنى ۋە مىنىشكە تەييار قىلىپ توقۇلغان ئاتلارنى
قوياتتى.

مېيىت بىلەن بىللە خىزمەتكارلار، ئاياللار ۋە ياش قىزلار-
نىڭ كۆمۈلۈشى ياكى كۆيدۈرۈلۈشى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلۈمدىن كې-
يىنكى ھاياتىدا بۇلارغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. ئۆلۈك ئۇ-

www.uyghurkitap.com

چۈن قۇربان قىلىنغان ئاتلارمۇ ئۇنىڭ مىنىدىغان ۋە جەڭ قىلىدىغان ئات ـ ئۇلاغقا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى.

## ئۆلۈم:

قەدىمىي قەبىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە بولغىنىدەك، قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئىككى خىل ئۆلۈم بار دەپ قارايتتى. ئۇ بولسىمۇ، ئەجىلى بىلەن ئۆلۈش ۋە جەڭلەردە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈش. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر كىشىنىڭ كېسەل بولۇپ، ياكى قېرىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلۈشى نومۇسلۇق ئۆلۈم ئىدى. جەڭلەردە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈش بولسا ئەڭ شەرەپلىك ئىش ئىدى. تۈركچە قەدىمىي خاتىرىلەردە، جەڭدە ئۆلگەنلەر ۋە يارىلانغانلار ماختاشقا سازاۋەر بولغان. چىن مەنبە-لىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، ۋۇخۇانلار جەڭدە ئۆلۈشنى ئەڭ چوڭ شەرەپ دەپ ھېسابلايتتى. تۇكيۇلار بولسا «جەڭدە ئۆلۈش بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ، ئاغرىپ ئۆلۈشتىن نومۇس قىلىدۇ.» بۇ كۆز-قاراش جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

قەدىمىي تۈركلەر ۋە باشقا ئالتاي قەبىلىلىرى ئومۇمەن ئۆ-لۈمدىن ۋە ئۆلۈكلەردىن قورقاتتى. كېسەل بار چېدىرغا يېقىن كەلمىگىنىدەك، مېيىت بار چېدىرغىمۇ يېقىن يولىمايتتى. لې-كىن، شامانلار مېيىتلارغا يېقىنلىشىۋېرەتتى. چېدىردا مېيىت بارلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن چېدىرغا بايراق تىكلەپ قويۇلاتتى. ئۆلگۈچىنىڭ چېدىرى، ئۇ ئۆلگەندە يېنىدا بولغانلار ۋە ئىشلەتكەن نەرسىلىرى ناپاك دەپ قارىلاتتى. بۇلار پەقەت ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈش ئارقىلىق پاكلىناتتى. بىر كىشى ئالەم-دىن ئۆتسە يېنىدا پەقەت شامانلار* بولۇشى كېرەك ئىدى. موڭ-غۇللاردا بىر ئادەم ئۆلسە يېنىدا بولغانلار مۇئەييەن بىر مۇددەت

* شامان —— داپ چېلىپ، نەزىم ئوقۇپ ۋە دەم سېلىپ كېسەللەرنى ساقايتىدۇ دەپ قارىلىدىغان كىشى —ت.

جامائەتتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە پلان كارپىن: «ئۇ سەكراتقا چۈشكەندە يېنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى. چۈنكى، بىر كىشى ئۆلسە، يېنىدىكىلەر ئاي يېگىلانمىغۇچە ھەربىي قوشۇنغا، قوماندانىنىڭ ياكى ھۆكۈمدارىنىڭ چېدىرىغا كىرەلمەيتتى» دەيدۇ. رۇبرۇئۇكمۇ: «مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتنىششىنى ئويلايتتىم، لېكىن شامان كىرىشمىنى چەكلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلۈمىدە بولسام يىل ئاخىرىغىچە مەڭگۇ خاقانىنىڭ يېنىغا كىرەلمەيتتىم» دېگەنىدى. تۈرك قەبىلىلىرىدە بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە تۇتۇلىدىغان ماتەملەر ھەققىدە ئالدىمىزدا «يۇغلار» دېگەن ماۋزۇدا توختىلىمىز.

تۈرك قەبىلىلىرىدە ياكى موڭغۇللاردا ئۆلۈمگە ئىنكاس كۆرسەتمەيدىغان قەبىلىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئۆلۈمنىڭ ۋە ھاياتنىڭ تەڭرىنىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مەرۋەزى قىماقلاردىن بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئۆلۈككە يىغلىمايدىغانلىقىنى ۋە: «بىز ئاللانىڭ ئىرادىسىنى قوبۇل قىلىمىز» دەيدىغانلىقىنى يازىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ قارىشىچە، شەخسلەر ئەمەس، مىللەتلەرمۇ ئۆلىدۇ. «تەڭرى ئۆل دەمىش ئەرىنچ تۈرۈك بۇدۇن ئۆلدى» دېگەن جۈملىدە بۇ مەسىلە ئىپادىلەنگەن.

## ئۆلۈمدىن كېيىن:

قەدىمىي شامانىست تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئېتىقادى بويىچە، ئۆلۈمدىن كېيىن ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادىكىدەك بىر ھايات كۈتەتتى. ئۇلار ئۇ ئالەمدىمۇ بۇ دۇنيادىكىدەك يەپ - ئىچەتتى، كۆڭۈل ئاچاتتى، ھەمراھلىرى، خىزمەتكارلىرى، پادىلىرى بولاتتى، دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلاتتى. مانا بۇلار ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ دۇنيادىن ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىلمىغان نەرسىگە ئۆلۈم-

دىن كېيىنكى ھاياتتا ئىگە بولالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېيىت ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەر بىللە كۆمۈلەتتى ياكى كۆيدۈرۈلەتتى. ئۆلۈكلەر ئۈچۈن قىلىنغان قۇربانلاردىن مەقسەت-مۇ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتتا ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن ئىدى. ئۆلگەن كىشى ھاياتىنى قەبرىدىن باشقا بالبالدا ياكى بىر مۇقەددەس تاغدىمۇ داۋاملاشتۇرا-لايتتى. پلان كارپىن ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا دائىر كۆزقاراشلىرى ھەققىدە: «ئەبەدىي ھايات توغرىسىدا ئۇلار بىر پىكىرگە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن باشقا بىر دۇنيادا ياشايدىغانلىقىغا، ئۇ يەردە پادىلىرىنى كۆپەيتىدىغانلىقىغا، بۇ دۇنيادىكىدەك يەپ - ئىچىدى-غانلىقىغا ئىشىنىدۇ» دەيدۇ.

ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمىدا بولسا، ياخشى كىشى-لەرنىڭ روھلىرى كۆككە ئۇچىدىغانلىقىغا، يامان كىشىلەرنىڭ روھلىرى ئۆلۈم تەڭرىسى ئەركلىكنىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغانلىقى-غا ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كىشىلەر ئالەمدىن ئۆتكەندە «ئۆلدى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئۇچتى» دېگەن سۆز ئىشلىتى-لەتتى. بۇگۈنكى بەزى ئالتاي قەبىلىلىرى «جەننەتنى كۆكتە» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار سېمىترىك ھالدا يەرنىڭ تېگىدە ئۈچ، يەتتە ياكى توققۇز قەۋەت جەھەننەم بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. تۈرك تىلىدا جەننەت مەنىسىنى بېرىدىغان «ئۇچماق» (بېھىش) دېگەن سۆز ۋە جەھەننەم مەنىسىنى بېرىدىغان «تامۇ» (دوزاخ) دېگەن سۆز شامانىزمدىن كېلىپ چىققان بولماي، ئەجنەبىي دىنى-لار ۋاستىسى بىلەن سانسكرىتچىدىن تۈركچىگە ئۆتكەن. بۇريات-لار ئادەمنىڭ جەھەننەمگە كىرىدىغان، يەر يۈزىدە يۈرىدىغان ۋە باشقا بىر تەندە قايتا دۇنياغا كېلىدىغان ئۈچ روھقا ئىگە ئىكەنلى-كىگە ئىشىنىدۇ. بۇ يەردە بىر خىل روھنىڭ بىر نەرسىدىن يەنە بىر نەرسىگە ئۆتۈش ئەقىدىسىنىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

رۇسلار:

ئىبنى فەزلان بۇ يەردە رۇسلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلار رۇس تارىخىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىبنى فەزلاننىڭ ئەسىرىنى تەتقىق قىلغانلار كۆپىنچە رۇس ئالىملىرىدۇر. 9 ـ ۋە 10 ـ ئەسىر ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى رۇسلار ھەققىدە توختالغان. ئىبنى ھۇردادبىخ: «رۇسلار تىجارەتچى قەبىلە بولۇپ، ساقالىبەنىڭ بىر نەسلىدۇر» دەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان دەريا ۋە قۇرۇقلۇق يولىنى تەسۋىرلەيدۇ. لېكىن، باشقا جۇغراپىيىچىلەر ئۇلارنى ھەر دائىم ساقالىبە (سىلاۋىيانلار) دىن ئايرىپ قارايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئىبنى رۇستەھ: «ئۇلار بىر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىمۇ پىيادە ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە كېلىدىغان بىر ئارالغا ماكانلاشقان. رۇس خاقانى دېيىلىدىغان بىر قىرالى ۋە ناھايىتى كۆپ شەھەرلىرى بار» دەيدۇ. مىنورىسكىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ بىر قىسىم نوۋگوراد سىلوۋىنلىرى رايونىدىكى ئىسكاندىناۋ ئاقساقاللىرىنىڭ ماكانلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ كېڭىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىستەھرى ۋە مەسئۇدىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رۇسلار ئۈچ قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، كىيېۋ رايونى بولۇپ، ئېھتىمالى بۇ يەردە نوۋگورادتىن ئايرىلىپ پولىئانىسلەر يېنىدا كىيېۋ دۆلىتىنى قۇرۇشقا بارغان ئىسكاندىناۋىيىلىكلەر ھەققىدە توختىلىدۇ. ئىككىنچىسى، نوۋگوراد رايونىدىكى سىلېۋىيە يەنى سىلوۋېنلەر، ئۈچىنچىسى، بولسا نامەلۇم بىر رايوندىكى يەنى قازاننىڭ غەربىدىكى ئېرسانىيىدۇر. بۇلار ئىسكاندىناۋىيىلىكلەردۇر. زەكى ۋەلىدىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، تامان يېرىم ئارىلىدىكى تمۇتاراقان رۇسلىرىمۇ ھازارلارنىڭ يېنىدا ماكانلاشقاندىن كېيىن، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پەچەنەكلەر تەرىپىدىن چېكىندۇرۇلگەن ئىسكاندىناۋىيىلىكلەر بولسا كېرەك. ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى ئەنەبلۇس تەرىپىدىن تالان ـ تاراجقا ئۇچرىغان ۋىكىڭلەر (ئىسكاندى-

نوۋىيلىكلەر) نىمۇ رۇس دەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسكاندىنوۋ
نەسىللىك رۇسلارنىڭ تابارىستان ۋە جورجان رايونلىرىغا قىلغان
تاجاۋۇزلىرى مەلۇم. بۇ تاجاۋۇزلاردىن ئىككىسى ئىبنى فەزلان-
نىڭ ئەلچىلىكىدىن ئىلگىرى بولغان. ئىستەھىرى بولسا،
رۇسلارنى ۋولگا بۇلغارلىرى بىلەن ئىسلاۋلار ئارىسىغا قويىدۇ.

ئىبنى فەزلان ئېيتقان رۇسلارنىڭ ۋولگا يولى بىلەن كەل-
گەنلىكى مەلۇم. لېكىن ئۇلارنىڭ قەيەردە ياشايدىغانلىقىنى مۇ-
ئەييەنلەشتۈرۈش تەس. بۇ يەردە ئىسكاندىنوۋىيلىكلەر ياكى ئىس-
لاۋلىشىپ كېتىۋاتقان ئىسكاندىنوۋىيلىكلەر ھەققىدە ئېيتىلغان-
لىقىنى ئۇقۇقىلى بولمايدۇ. بەلكىم بۇلار ۋولگا بىلەن ئۇنىڭ
تارمىقى بولغان ئوكا ئارىسىدىكى بىر رۇس خاقانلىقى بولسا
كېرەك. زەكى ۋەلىدىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىبنى فەزلان ئېيتقان
رۇسلار ئىسكاندىنوۋىيلىكلەر ۋە ھەقىقىي ۋىكىڭلەردۇر. بۇنىڭ-
دىن باشقا، «رۇس» دېگەن سۆزنىڭ ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن
ئېتىمولوگىيىسىنىڭ ئىسكاندىنوۋچە ئىكەنلىكى مەلۇم. رۇسلار
ۋە ئۇلارنىڭ مەنبەسى مەسىلىسى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ھەر
خىل يازما ماتېرىياللاردا ئوخشىمىغان ئىزاھلار بېرىلگەن. نور-
مانچىلار، سىلاۋلار، رۇسلارنىڭ ھەقىقىي تارىخىي يۇرتىنى تىلغا
ئالغاندا، كىيېۋ ئۆلكىسى دېيىشىدۇ. لېكىن بۇ تارىخ ۋە بىزانىس
مەنبەلىرى ئادەملەر ھەققىدە توختالغاندا، ئىسكاندىنوۋىيد-
لىكلەرنى تىلغا ئالىدۇ. كونستانتىن پورپىروگېنېتوسنىڭ ئە-
سىرىدىكى رۇسلارنىڭ تىلى سىلاۋ تىلى ئەمەس، ئىسكاندىنوۋ
تىلىدۇر. 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا ئائىت رۇس ھۆججەتلىرىدە
ۋە 9 ـ ئەسىرگە ئائىت چەت ئەل ھۆججەتلىرىدە «رۇس» دېگەن
سۆز پۈتۈن رۇس زېمىنلىرى ئىچىدىكى خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ.
تىكومىرووۋ: «رۇس ۋە رۇسىيە زېمىنى ئىبارىسى پولېنوزىيە
زېمىنى ئىبارىسىدەك ئېتنىك ۋە زېمىنغا مەخسۇس تەبىردۇر.
كىيېۋ دۆلەت مەركىزى بولغاندا بۇ تەبىر تارقالدى. ۋارىگلەر ۋە
سىلاۋېنلەرمۇ كىيېۋدە ماكانلاشقانلىقى ئۈچۈن رۇس نامىنى ئال-

دى» دەيدۇ. چۈنكى، ئىسكاندىنوۋىيىلىكلەر 9 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن ئېتىبارەن رۇسىيىدە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ۋە 882 ـ يىلى كىيېۋدە ماكانلاشقان، بىر ئەسىر سىلاۋلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىنغان. لېكىن، ئۇلار ئىبنى فەزلان زامانىدا تېخى سىلاۋلاشمىغانىدى.

## شامانىزم:

شامانىزم ئۆز ئالدىغا بىر دىن ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەر يېزىلغان بولۇپ، 19 ـ ئەسىر مۇئەللىپلىرى شامانىزمنى بىر روھىي كېسەللىك دەپ ئېتىراپ قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ بىر خىل دىن ئىكەنلىكىدە بىقارار ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا دۇنيانىڭ ھەر خىل جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار بىلەن شامانىزم دۇنيا مىقياسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان ۋە ھەر خىل رايونلاردا بەزى پەرقلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تايىنىدىغان ئورتاق ئاساسلىق نۇقتىلار مەۋجۇت بىر خىل دىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شامانىزمنىڭ ئەڭ خاراكتېرلىك تەرىپى سېھىر ياكى ئەپسۇن بىلەن كېسەل داۋالاش، خۇدنى يوقىتىش ۋە ھاياجانلىنىش ھالىتىدۇر. شامانىنىڭ تېۋىپ ۋە روھنى باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى پۈتۈن ئاسىيا، ھىندى ـ ياۋروپا قەبىلىلىرى، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيىلەردە كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ جەھەتلەر قەدىمىي يۇنان ۋە كافكاز دىنلىرىدىمۇ مەۋجۇت.

پۈتۈن ئاسىيادا، شىمالىي ئامېرىكىدا ھەتتا ھىندونېزىيىلەردە شامانلار تېۋىپ ۋە شىپا بەرگۈچى (داخان) ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ،كېسەلگە دىئاگنوز قويىدۇ، بىمارنىڭ قاچقان روھىنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى تۇتۇپ، بىمارنىڭ تېنىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۆلۈكنىڭ روھىنىمۇ ئۇ دۇنياغا ئۇ ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، شامانىنىڭ روھى ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىماي تېنىدىن چىقىپ

ناهايىتى يىراقلارغا كېتەلەيدۇ، جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئاسمانغا چىقىدۇ. ئۇ خۇدىنى يوقىتىش ئۇسۇلى بىلەن يىراق جايلارنىڭ يوللىرىنى تاپالايدۇ. چەكلەنگەن رايونلارغا بارىدىغان يوللار شاماندىن باشقىلارغا خەتەرلىكتۇر. قىلىنغان قۇربانلىقلارنىڭ روھلىرىنى ئۇ دۇنيادىكى ئەرۋاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدىغانمۇ شاماندۇر.

ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا شامانىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى سېھىر ۋە داخانلىق بىلەن كېسەلنى ساقايتىشتۇر. بۇ جايلارنىڭ خەلقلىرى كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بىرمۇنچە كۆزقاراشلارغا ئىگە بولۇپ، بۇلار ئىچىدە «روھ قاچۇرۇش» كۆزقارىشى ئەڭ كەڭ تارقالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى روھنىڭ يولىدىن ئېزىشى ياكى ئوغرىلىنىشىدۇر. داۋاسى بولسا، روھنى ئىزدەپ تېپىش ۋە بىمارنىڭ تېنىگە قايتۇرۇپ كېلىشتۇر. ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىدا كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بەلكىم سېھىرىي بىر نەرسىنىڭ تەنگە كىرىشى ياكى تەننىڭ يامان روھ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىدۇر. بۇنداق بولغان تەقدىردە داۋاسى زىيانلىق نەرسىنى بەدەندىن سىرتقا چىقىرىۋېتىش ياكى شەيتانلارنى بەدەندىن قوغلاش شەكلىدە بولۇشى مۇمكىن. بەزى كېسەللىكنىڭ قوش سەۋەبى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، روھنىڭ ئوغرىلىنىشى ۋە بەدەننىڭ يامان روھلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىشىدۇر. بۇنداق ئەھۋالدا شامانىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى روھنى ئىزدەپ تېپىش ۋە شەيتانلارنى قوغلاپ چىقىرىش بولىدۇ.

كۆپ قېتىم داۋالاش قۇربانلىق قىلىشنىمۇ لازىم تاپىدۇ. بۇ قۇربانلارنى ۋە يۇغ مۇراسىمىدىكى قۇربانلىقلارنى شەخسەن شامان ئادا قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قۇربانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى بېجىرىدىغان بىر دىنىي زات بولغانلىقىدىن ئەمەس، ھايۋاننىڭ روھىنى ئەرشتىكى تەڭرى (باي ئۈلگەن) نىڭ يېنىغىچە ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىندۇر. ئالتاي تاتارلىرىدا بولسا، شامانىنىڭ قۇربان-



www.uyghurkitap.com

لىق سۇنۇش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بىر دىنىي زات ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئېرتىش ياقىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ شامانلىرى قۇربانلىقنى شەخسەن ئۆزلىرى قىلىدۇ.

تۈرك ـ موڭغۇل شامانىزمىدا قېيىن ياغىچىنىڭ ئەھمىيىتى مەلۇم. قېيىن ياغىچى دۇنيانىڭ مەركىزىدە يەتتە ياكى توققۇز يەردىن ئويۇلغان تۇۋرۇك (يۇپا) بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان كوزمىك ياغىچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شامان ئۇنىڭدىن شوتا ئورنىدا پايدىلىنىپ ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى باي ئۈلگەننىڭ ھوزۇرىغا چىقىدۇ. بۇ سىمۋولىزم براخمانىزمدىمۇ ئۇچرايدۇ. يۇپا (تۇۋرۇك) نى ئوتۇنچى بىلەن بىللە ئورمانغا بارىدىغان شامان تاللايدۇ. ئۇ كېسىلگەندە دىنىي مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان دىنىي زات: «بېشىڭ بىلەن ئاسماننى تەشمە، مەركىزىڭ بىلەن ئاتموسفېرانى يارىلىما!» دەيدۇ. بۇ تۇۋرۇك ۋاسىتىسى بىلەن سۇنۇلغان قۇربانلىقلار تۇماننىڭ تۈشۈكىدىن ئاسمانغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا: «ئەي ياغاچ، قۇربانلىق ئىلاھلارغا قاراپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنى تاشلا» دېيىلىدۇ.

شامانىزمدا ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن ئومۇمەن بۇ دۇنيادىكى ھاياتقا ئوخشاش ھايات كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدۇ. شىمالىي ئاسىيادىكى شامانىستلار ئۇ دۇنيانى بۇ دۇنيانىڭ تەتۈر ئۆرنىكى دەپ قارايدۇ. ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە بۇ يەردىكىنىڭ تەتۈرسىچە بولىدۇ. يەر يۈزىدە كۈندۈز بولغاندا، ئۇ يەردە كېچە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈكلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىشلىرى ۋە شامانىست دىنىي مۇراسىملىرى كۈن پاتقاندىن كېيىن بولىدۇ. كۈن پاتقاندا ئۆلۈكلەر ئويغىنىدۇ ۋە كۈندۈزىنى باشلايدۇ. جانلىقلار دىيارىنىڭ ياز كۈنلىرى ئۆلۈكلەر دىيارىنىڭ قىشىغا توغرا كېلىدۇ. يەر يۈزىدە ئوۋ ۋە بېلىقنىڭ ئاز بولۇشى ئۇ دۇنيادا كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. بەلتىرلەر شاراب بوتۇلكىسىنى ئۆلۈكنىڭ سول قولىغا تۇتقۇزىدۇ، چۈنكى ئۆلۈكنىڭ سول قولى بۇ

دۇنيادىكى ئوڭ قولىغا توغرا كېلىدۇ. جەھەننەمدە (ئۇ دۇنيادا) دەريالار مەنبەلىرىگە قاراپ ئاقىدۇ. دۇنيادا تەتۈر بولغان ھەممە نەرسە ئۇ يەردە نورمال ئەھۋالدا بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قەبرىلەرنىڭ ئىچىگە ۋە ئۈستىگە نەرسىلەر تەتۈر ۋە سۇنۇق ھالدا قويۇلىدۇ. بۇ يەردە تەتۈر بولغان نەرسە ئۇ يەردە ئوڭ، سۇنۇق نەرسە ساق بولىدۇ.

بەزى شامانىستلار ياخشىلارنىڭ روھلىرى ئاسمانغا، يامانلارنىڭ روھلىرى يەرنىڭ تېگىدىكى جەھەننەمگە بارىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىر قىسىم شامانىستلار جەسەتلىرى كۆيدۈرۈلگەن ئىمتىيازلىقلارنىڭ روھلىرى تۈتۈن بىلەن بىللە ئاسمانغا ئۇچىدىغانلىقى ۋە ئۇ يەردە بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزغا ئوخشاش ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئوتتىنىڭ ئىنسانغا ساماۋى (ئاللاغا ئائىت) ھايات بېغىشلايدىغانلىقى چۈشەنچىسى بەزى جايلاردا چاقماق سوقۇپ ئۆلگەن كىشىنىڭ روھىنىڭ ئاسمانغا ئۇچىدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدىغانلىقى بىلەنمۇ قوللاشقا ئىگە. شۇنىڭدەك، قەھرىمانلار ۋە بىرەر زورلۇق نەتىجىسىدە ئۆلگەنلەرمۇ ئاسمانغا چىقىدۇ. ئۆلارنىڭ ئۆلۈم شەكلى ئاسمانغا چىقىشى ئۈچۈن بىر كۆرۈنۈش مۇراسىمىدەك چۈشەنچە بېرىدۇ. چۈنكى، كېسەللىك يامان روھلار ۋە ئۆلۈكلەر تەرىپىدىن پەيدا بولىدۇ. ئالتاي قەبىلىلىرى بىر كىشى كېسەل بولسا، ئۇنىڭ كەرمەس تەرىپىدىن يېگىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۆلگەن كىشىنى بولسا، «ئۇ كەرمەس تەرىپىدىن يېگىلدى» دەيدۇ.

شامانىستلارنىڭ قارىشىچە، ئۆلگەن كىشى ياشاشتىن ۋاز كەچكۈسى كەلمەيدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېتىشنى خالايدۇ. يېڭى ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئۆلۈكلەر ئالىمى بىلەن تېخى جەم بولمىغان كىشى ئۆزى بىلەن بىللە ئائىلىسىنى، دوستلىرىنى ھەتتا پادىلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا

رىنىڭ ئارىسىدا ياشاشنى خالايدۇ. ئۇلار ئارىسىدا ئۆلۈكنىڭ تەكرار يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن باشقىچە يول تۇتۇلىدۇ يەنى قەبرىنى ناھايىتى تېز تەرك ئېتىپ ئۆيگە قايتىپ تازىلىنىدۇ. مۇردىنى ئۇزاتقاندا ئىشلەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تاشلىنىدۇ. ئاخىرى قەبرىستانلىقتىن قايتقاندىن كېيىن بىر قانچە كېچە يۇرتقا كېلىدىغان پۈتۈن يوللار قوغدىلىدۇ. يوللار ئۈستىدە ئوتلار يېقىلىدۇ. گولدەسلەر (گولدلار) يېڭى دەپنە قىلىنغان ئۆلۈكتىن تۇل قالغان خوتۇننى ۋە بالىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈنىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆلۈككە: «بالىلىرىڭنى بىللە ئېلىپ كەتمە، مال - ۋاران ۋە ئۆي بىساتلىرىڭنى قويۇپ كەت!» دەيدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ساق قالغان ھەمراھى، بالىلىرى ۋە دوستلىرى كېيىنچە ئۆلۈپ كەتسە، تەلەئۇتلار ئۆلگۈچىنىڭ ئۇلارنى بىللە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ئۆلۈكلەر ھەققىدىكى تونۇشلار بىر - بىرىگە زىتتۇر. بىر تەرەپتىن ئۇلارغا چوقۇنىدۇ، ئۇلار زىياپەتلەرگە چاقىرىلىدۇ، ئۇلارغا ئائىلىنىڭ مۇھاپىزەتچى روھلىرى دېگەن نەزەر بىلەن قارىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلاردىن قورقىدۇ. جانلىقلارنىڭ ئارىسىغا قايتماسلىقى ئۈچۈن پۈتۈن تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق نەتىجە چىقىرىش مۇمكىن: يېڭى ئۆلۈكلەرنىڭ يېڭى ھاياتلىرى قاتارغا ئېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن قورقىدۇ. كونا ئۆلۈكلەرگە بولسا چوقۇنىدۇ. ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى قوغدىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پۈتۈن ئېھتىياتلار ۋە تەدبىرلەر ئۆلۈكنىڭ روھى ئۈچ ياكى يەتتە كۈن ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە توسالغۇ بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن يوغ بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. بۇ مۇراسىمۇ ئۆلۈمدىن ئۈچ، يەتتە

ياكى قىرىق كۈن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇچاقتا تاشلاش شەكلى بىلەن روھلارغا يېمەكلىك ۋە بىللە سۇنۇلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسى زىيارەت قىلىنىپ، ياخشى كۆرىدىغان ئېتى قۇربانلىق قىلىنىدۇ. بۇ ئاتنىڭ گۆشى قەبرىنىڭ يېنىدا يېيىلىدۇ. بېشى قەبرىنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن ئۇزۇن تاياققا ئېسىلىدۇ. مۇراسىمدا يەنە ئۆلگۈچىنىڭ روھى يوقلىنىدۇ ۋە قەتئىي هالدا شامان تەرىپىدىن قوغلىنىدۇ. بەزى ئالتاي شامانلىرى ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا جەھەننەمگىچە هەمراھ بولىدۇ.

گولدەسلەر ئۆلۈك روھىنىڭ زىيانلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىككى خىل مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. نىغمان نامى بېرىلگەن بىرىنچى مۇراسىم ئۆلۈمدىن يەتتە كۈن ياكى تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىت كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچىسى قازا تورى بولۇپ، بىرىنچىدىن بىر ئاز كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋە ئۆلۈكنىڭ روھى جەھەننەمگە قوغلىنىشى بىلەن ئاياغلىشىدىغان چوڭ مۇراسىمدۇر. نىغمان مۇراسىمىدا شامان تەمبۇرى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، روھىنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى تۇتۇپ، فانجا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ياستۇقنىڭ ئىچىگە سولاپ قويىدۇ. شامان روھىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن يۇغ بېرىلىدۇ. بۇ مۇراسىمغا ئۆلگۈچىنىڭ پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلىرى قاتنىشىدۇ. قازاتورىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە باشلىنىدۇ. شامان كوجۇق دەپ ئاتىلىدىغان جۇۋىسىنى كىيىپ تەمبۇرىنى چېلىپ، ئەرۋاھنىڭ روھىنى ئىزدەپ، يۇرتنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ، بۇ چاغدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئاخىرى روھىنى تۇتۇپ ئۆينىڭ ئىچىدىكى ياستۇققا سولايدۇ. شامان ئۆلۈكنىڭ روھىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆلۈك ئاتىسى بىلەن ئۇچراشقاندا ئاتىسى: «قاراڭلار ئوغلۇمغا» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىلگەن زىياپەت يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ.

بەزى ئاسىيا شامانىستلىرىنىڭ قارىشىچە، ئەرۋاھلار ئۆلۈم-

دىن كېيىنكى ھاياتىدا بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنى يەنى باي بايلىقىنى، كەمبەغەل كەمبەغەللىكىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىراق، ئۇلار يېڭى-ۋاشتىن ياشىرىپ قايتا يەر يۈزىدە پەيدا بولۇش ئۈچۈن ھازىرلىنىدۇ.

بەزى شىمالىي ئاسىيا قەبىلىلىرىمۇ باشقا ئىپتىدائىي قەبىلىلەردەك، بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ھەتتا يەتتىگىچە روھقا ئىگە بولدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆلۈمى ۋەجىدىن بۇ روھلاردىن بىرى قەبرىدە قالىدۇ، بىرى قاراڭغۇ ماكانغا چۈشىدۇ، ئۈچىنچىسى بولسا ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ. بەزى قەبىلىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۈچ روھتىن بىرى ئۆلۈم ۋەجىدىن يوقىلىدۇ ياكى شەيتانلار تەرىپىدىن پارچىلىنىدۇ. بەزىدە ئۆلۈكلەر دىيارىغا چۈشكەن روھ دۇنياغا قېچىپ چىقىش شەكلى بىلەن كېسەللىكلەرنى ئۆزگە تارتىدۇ. بۇنداق كېسەللىكنى پەقەت شامانلا داۋالىيالايدۇ. چۈنكى، روھلارنى پەقەت شۇلا كۆرەلەيدۇ ۋە روھنى پەقەت شامانلا تونۇيدۇ ۋە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ جەسەتكە سالالايدۇ.

كورياكلار باشقا ئىلاھىي كۈچلەر بىلەن بىللە بىر ساماۋى ئالىي مەۋجۇداتقا ئىشىنىدۇ. بۇ مەۋجۇدات ئەرشتىدۇر. ئۇلار بۇ ساماۋى مەۋجۇداتقا ئىتلارنى قۇربانلىق قىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئىلاھ پاسسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى كالاننىڭ تاجاۋۇزىدىن ئاز - تولا قۇتقۇزىدۇ. كالان ئالىي مەۋجۇداتقا سۇنۇلغان قۇربانلارنىڭ يولىنى توسۇشتىن خالىي بولمايدۇ. كۆپىنچە بۇ تىرىشچانلىقىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. داۋالاش جەريانىدا شامان ئالىي مەۋجۇداتقا بىر ئىت قۇربان قىلىدۇ. بۇ چاغدا كالان قۇربانلىقنىڭ يولىنى توسسا كېسەل ئۆلىدۇ. ئەگەر قۇربانلىق ئاسمانغا چىقىپ كەتسە كېسەل ساقىيىدۇ. كالان بولمىغۇر ئەپسۇنچى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ گۆشلىرىنى پارچىلاش ۋە جىگەرلىرىنى يېيىش شەكلى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

كورياكلارنىڭ قارىشىچە، جەھەننەمنىڭ كىرىش ئېغىزى

ئىتلار تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. جەھەننەم بۇ دۇنيادا ئوخشاش يېزىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر ئائىلىنىڭ ئايرىم ئۆيى بار. جەھەننەمنىڭ يولى كۆلخان (ئوت يېقىلىدىغان جاي) نىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. بىراق ئۇ يول ئۆلۈكنىڭ ئۆتۈشى زۆرۈر تېپىلغاندا ئېچىلىدۇ.

شامانىزم ھەققىدە بېرىلگەن بۇ قىسقا ۋە ئومۇمىي مەلۇمات-تىن كېيىن، كىتابتىكى بەزى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇ-رۇش مەقسىتى بىلەن قەدىمىي تۈرك شامانىزمىغا ئائىت بىر قانچە نۇقتىنى كۆرۈپ ئۆتۈشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز.

قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ دىنلىرى ئۈستىدە توختالغان مۇئەللىپلەر ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ مۇسۇلمان، بەزىلىرىنىڭ خى-رىستىئان، بەزىلىرىنىڭ موساۋىي، بەزىلىرىنىڭ بۇددا، بەزىلى-رىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، زور بىر قىسمىنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنى يوقلۇقى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرى-گە ئىشىنىدىغانلىقى ۋە سېھرىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان-لىقىنى يازىدۇ. بۇ مۇئەللىپلەر «تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنۇش ۋە سېھرىگەرلىك دىنى» دېگەن دىن شامانىزمدۇر. شامانىزم ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى بولۇش بىلەن بىللە، ھەر خىل رايونلار-غا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئوخشىماسلىقلار كونا مۇئەللىپ-لەرنىڭ كۆپچىلىكنى يېڭىلدۇرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بۇ دىنغا بەلگىلىك بىر ئىسىم قويالمىغانىدى. ئىپتىدائىي قەبىلىلەر مەن-سۇپ بولغان بۇ دىن تۈرى ئورتاق ئاساسلىق نۇقتىلارغا ئىگە بولغاچقا، ھازىرقى زامان دىن تارىخچىلىرى ئۇنىڭغا شامانىزم نامىنى بەرگەن.

قەدىمىي شامانىست تۈركلەر ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرىگە، روھلارغا چوقۇناتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن ھەرقان-داق نەرسىنى تەڭرى دەيتتى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قارىشىچە، شامانىست تۈرك قەبىلىلىرى ئۇلۇغ دەپ قارىغان تاغ، ھايۋان،



www.uyghurkitap.com

دەرەخ ۋە ھەرقانداق نەرسىنى تەڭرى دەپ ئۇلارغا چوقۇناتتى. ئىبنى فەزلان ئوغۇزلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئېتىقادقا ئىگە ئەمەس-لىكىنى، چوڭلىرىنى رەب (تەڭرى) دەيدىغانلىقىنى يازىدۇ. بەزى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ قارىشىچە، ھەر خىل تەبىئەت كۈچلى-رىنى باشقۇرىدىغان باشقا ـ باشقا تەڭرىلەر بار. ئىبنى فەزلاننىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، باشقىرتلار قىش، ياز، يامغۇر، شامال، دەل ـ دەرەخ، مال - ۋاران، ئادەم، سۇ، كېچە، كۈندۈز، ئۆلۈم، ھاياتلىق، يەر ۋە ئاسمان تەڭرىلىرىگە چوقۇناتتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان باشقىرتلارغا ئائىت تەڭرىلەر ئۇلارنىڭ ئون ئىك-كى قەبىلىسىنىڭ توتېمى بولسا كېرەك.

شامانىست تۈرك قەبىلىلىرى چوڭ ئېقىن سۇلارنىمۇ تەڭرى دەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك شامانىزمىدىكى تەڭرىلەرنىڭ بىرى يايىق (ئورال دەرياسى) تەڭرىسىدۇر. بەزى شامانىستلار چاقماق تەڭرىسىگىمۇ چوقۇنىدۇ. دەرۋەقە ئۈرىنخالار چاقماق تەڭرىسىگە سۈت ۋە ئايران سۇنىدۇ.

شامانىست تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئاتىلارغا چوقۇنۇشمۇ كەڭ تارقالغانىدى. ئۇلار بەزى روھلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدايدى-غانلىقىغا، بەزىلىرىنىڭ بولسا بېشىغا پالاكەت كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇلارغا چوقۇناتتى. ئونگونلارغا چوقۇنۇش ئاتىلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئۇچۇق كۆرۈنۈشىدۇر. ئەبۇ دۇلەف قارلۇقلارنىڭ كۆيمەيدىغان ياغاچتىن ياسالغان بىر ئىبادەتخانىسى بارلىقىنى، بۇ يەردە بۇرۇنقى خاقانلىرىنىڭ رەسىملىرىنىڭ بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ يەردە چوڭلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. شامانىست تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ئىلاھلاردىن بىرى ئۆلۈكلەر دىيارىنىڭ تەڭرىسى ئەركلىكتۇر. بۇ تەڭرى يەنسەي يادنامىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇ نۇقتىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، پۈتۈن كۆپ خۇدالىق دىنلاردىكىدەك، قەدىمىي شاما-نىست تۈرك قەبىلىلىرىمۇ پۈتۈن تەڭرىلەردىن ئۈستۈن ئەرشتىكى

تەگرى (باي ئۆلگەن) گە ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ تەگرى پاسسىپ بولۇپ، ئىنسان ھاياتىدا ئەسلى تەسىرلىك بولغىنى باشقا تەگرىلەردۇر.

ئىبنى فەزلان باشقىرتلارنىڭ ئەرلىك جىنسىي ئورگانلىرىغىمۇ چوقۇنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى رەب (تەگرى) دەيدىغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ ئەھۋال باشقا تۈرك قەبىلىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئىران، ئاناتولىيە ۋە دۇنيانىڭ ھەر خىل جايلىرىدا ئۇچرايدىغان بۇ ئېتىقادنىڭ تۈرك مەنبەلىك ياكى ئىران مەنبەلىك ئىكەنلىكى شۈبھىلىكتۇر. بۇنىڭدىن باشقا، زېلەنىن سىبىرىيىلىكلەر ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئورگانلىرىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. سوم (ئۇماي) غا چوقۇنۇشمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. زېلەنىن ياقۇتلاردا بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاتا بىلەن ئانىنىڭ روھ ماكانلاشقان دەپ قارايدىغان سوم بېلىقىنى يەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

## تاۋۇت:

ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن بېرى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى دەپنە قىلىشتا تاۋۇت ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. تۇپراققا كۆمۈش، ئوتتا كۆيدۈرۈش ياكى جەسەتنى ئوچۇقچىلىققا قويۇش ئۇسۇلى بولسۇن، ھەممىسىدە تاۋۇت ئىشلىتەتتى. ئۇلۇغلارنىڭ تاۋۇتلىرى قىممەتلىك مېتاللاردىن ياسىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈش مۇمكىن. ئاتتىلانىڭ جەسىتى ئىچىدىكىسى ئالتۇندىن، ئوتتۇرىدىكىسى كۈمۈشتىن، ئەڭ سىرتىدىكىسى تۆمۈردىن ياسالغان ئۈچ قەۋەت تاۋۇتقا سېلىپ دەپنە قىلىنغان. ھونلار ئاز دېگەندە ئىچ تاۋۇت، سىرت تاۋۇتتىن ئىبارەت ئىككى تاۋۇت ئىشلىتىدىغانلىقى ئالاھىدە مەلۇم. ئەفتالىتلەردە، تۇپولاردا پۇقرالار ياغاچ تاۋۇتقا، ھۆكۈمدارلار بولسا

قىممەتلىك مېتاللاردىن ياسالغان تاۋۇتقا سېلىپ .دەپنە قىلىنات-
تى. سەيفى قىرغىزلاردا مېيىتنى تاۋۇتقا سېلىپ، ئېگىز ياغاچ-
لارغا ئېسىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھازىرقى زامان سەيياھ-
لىرى تاۋۇت ھەققىدە دېگىنىدەك، ئېپتىدائىي ئاسىيا قەبىلىلى-
رىدە جەسەتنىڭ قېيىققا سېلىپ دەپنە قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ يازى-
دۇ.

## تۇمۇلۇسلەر:

قەبرىنىڭ ئۈستىگە توپا ياكى تاشتىن قوپۇرۇلغان دۆڭلۈك
تۇمۇلۇس دېيىلىدۇ. تۇمۇلۇس «دۆڭ» مەنىسىنى بېرىدۇ. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ماقدىسى: «تۈرك قەبىلىلىرى قەبرىنى دۆڭ دەيدۇ»
دېگەنىدى. ئېبنى فەزلان ئوغۇزلارنىڭ قەبرە ئۈستىگە لايدىن
قۇببە (گۇمبەز) شەكلىدە تۇمۇلۇس ياسايدىغانلىقىنى يازىدۇ.
رۇبرۇئۇك ۋە كودېكس كومانېكۇسلارنىڭ ئېيتىشىچە، كومانلار
ئۆلۈكنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە چوڭ تۇمۇلۇس ياسايتتى. بەزى
قەبرىلەر ئۈستىدىكى قورۇلۇشنىڭ تېخىمۇ ھەشەمەتلىك ئىكەنلى-
كىنى كۆرۈش مۇمكىن. چىن مەنبەلىرى كۆك تۈركلەر ھەققى-
دە: «ئۇلار قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆي بىنا قىلىدى. تاملىرىغا
ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قاتناشقان جەڭلىرىنى كۆرسىتىدىغان
جەڭ مەيدانلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ سۈرىتىنى
سىزدى» دەيدۇ. يەنە چىن مەنبەلىرىنىڭ يېزىشىچە، كۆلتېكىن-
نىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان، تاملىرىغا قىلغان جەڭلىرىگە ئائىت
رەسىملەر سىزىلغان بىر ئابىدە بىنا قىلىش ئەمر قىلىنىغانىكەن.
رۇبرۇئۇك بايلار ئۈچۈن ئۈچلۈق كىچىك قورۇلۇشلار بىنا قىلىن-
غانلىقى، بەزى جايلاردا كاھىش بىلەن قاپلانغان چوڭ مۇنارلار،
ئەتراپىتا تاش بولمىغانلىقىغا قارىماي، تاش ئۆيلەر بىنا قىلىنغان-
لىقىنى ئېيتىدۇ.

## يوغلار (ئۆلۈم مۇراسىملىرى):

تۈرك تىلىدا ئۆلۈم مۇراسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى «يوغ» مۇراسىمى دەيدۇ. قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە ئۆلۈم مۇراسىملىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلەتتى. ئۆلگۈچىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋە ھەر خىل رايونلارغا قاراپ يوغ مۇراسىملىرى ئاز - تولا پەرقلىق بولاتتى. ئۆلگەن كىشىنىڭ دەپنە قىلىنماسلىقى ئۇ كىشىگە قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت ھېسابلىناتتى. پەقەت ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر مۇراسىمسىز كۆمۈلەتتى. ئىجتىمائىي جەھەتتە ئارقىدا قالغان جەمئىيەتلەردىكىدەك، قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدىمۇ يوغ مۇراسىملىرى كىشىنىڭ تۈكى تەتۈر ئۆرۈلگۈدەك قەبىھ شەكىلدە بولۇپ، يۈزلەر تىلىناتتى، بۇرۇن - قۇلاقلار كېسىلەتتى، چاچلار يۇلۇناتتى، قاتتىق يىغا - زارىلار بىلەن مەرسىيىلەر ئوقۇلاتتى. بۇ ئىشلار ئۆلۈم ئۈستىدە بولغىنىدەك، دەپنە مۇراسىمىدىمۇ تەكرارلىناتتى. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە كۆل تېكىننىڭ دەپنە مۇراسىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېيتىلغان: «بۇنچا بۇدۇن ساچىن، قۇلاغىن بىچدى» (شۇنچە قوۋم چېچىنى، قۇلىقىنى كەستى) ئىبارىسى بۇ ئەھۋالنى ئوچۇق چۈشەندۈرىدۇ. يوردانېسنىڭ ئېيتىشىچە، ئەفتالىتلار دەپنە مۇراسىمىدا يۈزلىرىنى يېرىپ، قۇلاقلىرىنى كېسەتتى. بەزى ھاللاردا يات قوۋملارمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىناتتى. چىن مەنبەلىرىنىڭ بىر قىسمى تۈرك قەبىلىلىرى ھەققىدە: «ئۇلار ئۆلۈمدىن كېيىن يىغا - زارە قىلىدۇ. لېكىن، دەپنە مۇراسىمىدا نەغمە - ناۋا قىلىدۇ، ناخشا ئېيتىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينايدۇ» دەيدۇ. ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمىدە دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقانلار يۈزلىرىنى يىرتىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ماتەم تۇتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا كاتتا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئىنتايىن خۇشال - خۇرام كۆڭۈل ئېچىشقان. بۇ كۆڭۈل ئېچىشلار ماتەمنى ئاياغلاشتۇرۇپ نورمال تۇرمۇشقا قايتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى.



www.uyghurkitap.com

دەپنە مۇراسىملىرىدا، ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قى-
لىپ زىياپەتلەر بېرىلەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېرىلىدىغان
زىياپەتلەر دىنىي مەنە بېرىپ، قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى يېيىش
ساۋاب ھېسابلىناتتى. ئۆلۈم زىياپەتلىرى قەدىمىي دالا مەدەنىيى-
تىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئىدى. ھېرودوت ئىسپېدونلار ۋە ماسېگېت-
لاردىكى يۇغ مۇراسىملىرىنى ۋە ئۆلۈم زىياپەتلىرىنى باربارلىق
(مەدەنىيەتسىزلىك) ئادىتى دەپ قارايدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بۇ ھەقتىكى ماتېرىيالنى
ئىسپاتلايدۇ. گرىئاكوۋ يېرىم مۇستەقىل ۋولگا گېرمان جۇمھۇ-
رىيىتى زېمىنىدا 1925 - يىلى تېپىلغان A — 12 نومۇرلۇق
قەبرىدە زىياپەتلەرنىڭ ئۇچۇق ئىزلىرىنى بايقىغان. ئۇنىڭ تەتقى-
قاتى زىياپەتنىڭ قەبرە ئالدىدا بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
دەپنە مۇراسىملىرىدا قىلىنىدىغان قۇربانلىقلار ھەققىدە يوقىرىدا
توختالدۇق.

دەپنە مۇراسىملىرىدا ئات بەيگىلىرىمۇ بولاتتى. چىن مەنبە-
لىرى بۇ بەيگىلەرنىڭ ئۆلۈم ئۈستىدە بولغىنىدەك، دەپنە مۇرا-
سىمىدىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىبنى باتتۇتا: «مېيىت
يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن، تۆت ئات كەلتۈرۈلدى. ئۇلار
سۇلتاننىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا بولدۇرۇپ قالغۇچە چاپتۇرۇلدى»
دەيدۇ. ھازىرمۇ قىرغىز، قازاقلاردا ۋە تۇرپان تۇركلىرىدە (ئۇي-
غۇرلىرىدا — ت) ئەرۋاھلارنى ئەسلەش مۇراسىملىرىدا ئات بەي-
گىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يۇغ مۇراسىملىرىنىڭ ئۆلۈمدىن قانچىلىك ۋاقىت كېيىن
ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل مۇددەتلەر كۆرسىتىلىدۇ.
ئېھتىمال، بۇ مۇددەت مۇراسىم ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييارلىقلار-
غا، دىنىي ئەھۋاللارغا ۋە رەسىم - قائىدىلەرگە باغلىق ئىدى.
چوڭ ھۆكۈمدارلار ئالەمدىن ئۆتسە، ئەتراپتىن كېلىدىغان ئەلچى-
لەرنى ۋە قەبرىنىڭ تەييار بولۇشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.

بىلگە خاننىڭ قەبرىگە قويۇلۇشى ئۆلۈمدىن ئون ئايچە كېيىن بولغان. موڭغۇللاردا بۇ مۇددەت بۇرۇن سەككىز يىل بولسىمۇ، كېيىن سەككىز كۈنگە چۈشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مەھمۇد قەش-قەرى دەپنە مۇراسىمىنىڭ ئۆلۈمدىن ئۈچ ياكى يەتتە كۈن كېيىن بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ. بىراق، دەپنە مۇراسىمى ئۆلۈمدىن خې-لى كېيىن بولىدىغان بولسا، مېيىت ۋاقىتلىق بىر يەرگە كۆمۈ-لەتتى ياكى مۇمىيالىناتتى، كېيىن مۇراسىم بىلەن ئەسلىي قەب-رىسىگە كۆچۈرۈلەتتى.

ماتەم بەلگىلىرىدىن بولغان چاچ كېسىش ئادىتىنىڭ قەدىمي تۈرك قەبىلىلىرىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. يور-دانېس ئاتتىلاغا ئۆتكۈزۈلگەن دەپنە مۇراسىمى ھەققىدە توختالغان-دا: «ئۇلار ئۆز ئادەتلىرى بويىچە چاچلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كېسىشتى، يۈزلىرىنى سەتلەشتۈرىدىغان دەرىجىدە يارىلىدى. ئۇ-لار بۇ چوڭ يوقىتىشقا ئاياللاردەك كۆز ياشلىرى بىلەن ئەمەس، قانلىرى بىلەن يىغلاشتى» دەيدۇ. ئىبنى ئەل جەۋزى ئالپ ئارس-لان ئۈچۈن باغدادتا ئۆتكۈزۈلگەن ماتەمنى بايان قىلغىنىدا، خەلى-پىنىڭ خوتۇنى بولغان ئارسلان خېنىمىنىڭ ئاكىسىغا يەتتە كۈن ئولتۇرۇپ ماتەم تۇتقانلىقى، بۇ ماتەم ئۈستىدە جارىيە (كېنىد-زەك) لىرىنىڭ چاچلىرىنى كەستۈرگەنلىكىنى، ئۆز چېچىنىمۇ كەسمەكچى بولغاندا خەلىپىنىڭ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى يازىدۇ. ماتەم بەلگىسى سۈپىتىدە چاچ كېسىش 14 ـ ئەسىردە ئايدىن ئوغۇللىرىدىمۇ كۆرۈلگەن. ئۇمۇر بەگ ئاتىسىغا ماتەم تۇتقىنىدا چېچىنى كەسكەن. بۇ ئادەتلەر بۈگۈن بەلتىرلەر، گولدلار، ئوستياقلار ۋە قارس رايونىدىكى قارا قالپاقلاردا مەۋ-جۇت. ئەبۇ فىراس ئەل ھەمدانىنىڭ بىر بېيىتىدىن ئۇقۇلۇشىچە، ماتەم بەلگىسى سۈپىتىدە چاچ كېسىش ئادىتى قەدىمي ئەرەبلەردى-مۇ بار ئىكەن. ئېنىقىنىشىمىزچە، چاچ كېسىش ئادىتى قەدىمي دەۋرلەردىكى چاچ يۇلۇش ئادىتىنىڭ يېنىكلەشكەن شەكلى بولسا

كېرەك. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردا چاچ كېسىش ئادىتىنىڭ ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەلۇم. نوئان ئۇلادا تېپىلغان بىر ھوننىڭ قەبرىسىدە يىپەك رەخت ئىچىدە كاللەكلەنگەن 17 ئۆرۈم چاچ بار ئىكەن. پازىرىقتىكى 2 ـ ۋە 3 ـ نومۇرلۇق قەبرىلەردىمۇ بۇنداق چاچلار كۆرۈلگەن. بەزىدە چاچ كېسىش ئورنىغا چاچ ئۆرۈملىرىنى چۇۋۇش بىلەنلا كۇپايە قىلىنغان. بەزىدە ساقاللارمۇ ماتەم بەلگىسى سۈپىتىدە كېسىلەتتى. پازىرىقتىكى 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتلەردىمۇ چىرىگەن ساقاللار بايقالغان.

دەپنە مۇراسىملىرىدا تورك قەبىلىلىرى ئارىسىدا قوللىنىلغان ئادەتلەردىن بىرى، ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسى بېشىدا قىلىچ سۇندۇرۇش ئىدى. ئەينى ھىجرىيە 256 ـ (مىلادىيە 870) يىلى بايىقتىمالنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا تۇركلەر ئىچىدە ئادەت بولغانلىقى ئۈچۈن قەبرە بېشىدا 1000 قىلىچ سۇندۇرغانلىقىنى يازىدۇ.

تەزىيىلەرمۇ دەپنە مۇراسىمى ئۈستىدە بولاتتى. مانا بۇلاردىن كېيىن ماتەم بىر مەزگىل ھەتتا ۋولگا بۇلغارلىرىدا بولغىنىدەك، ئىككى يىل داۋاملاشقانىدى. بۇ مۇددەت ئاياغلاشقاندا قەبرىنىڭ بېشىدا زىياپەت بېرىلەتتى. بۇ زىياپەت ئۈستىدە ئۆلگۈچىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى ئەرگە تەگمەكچى بولسا، «مەن سەندىن ۋاز كەچتىم» دەيتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئەرگە تېگىشكە بولاتتى.

www.uyghurkitap.com

## ئىزاھاتلار

(1) ساقالىبە: ئىبنى فەزلان بۇ يەردە بۇلغارلارنى ساقالىبە (سلاۋلار) دەپ ئاتايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام مۇئەللىپلىرى بۇلغارلارنىلا ئەمەس، پۈتۈن شىمالىي ۋە شەرقىي ياۋروپا قەبىلىلىرىنى، گېرمانلارنى ۋە سلاۋلارنى ساقالىبە دەپ قوبۇل قىلغانىدى. ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدىكى «ساقالىبە» دېگەن سۆزنىڭ ئىزاھاتىدا ئېيتىلغان سلاۋلار ئومۇمەن گېرمانلار ياكى ۋىكىڭلار بولۇشى مۇمكىن.

(2) ئەلمۇش ۋە شىلكى ناملىرى ھازىر چۈۋاش تىلىدا ئۇچرايدۇ. ئىلتەبەرنىڭ يەنە بىر تەلەپپۇز شەكلى بولغان يىلتىۋار (بىلتىۋار) دېگەن نامنىڭ بەزى تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈمدار ياكى خان مەنىسىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

(3) نەزىر ئەل ھەرەمى: خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ ئوردىسىدىكى نوپۇزلۇق خادىم بولۇپ، ئەلچىلىك ھەيئىتىنى شۇ كىشى تەشكىللىگەن ۋە ئەلچى سەۋسەن ئەل راسسىنى ئۇ ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرگەن.

(4) ئىبنى ئەل فۇرئات: خەلىپە مۇقتەدىر دەۋرىدە يەنى ھىجرىيە 296 — 312 (مىلادىيە 908 — 924) - يىللار ئارىسىدا ئۈچ نۆۋەت ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلغان. 312 - يىلى مۇقتەدىرنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

(5) ئارتا خۇشمىسان: ھازىرقى ھىۋەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كىچىك بىر شەھەر.

(6) ئابدۇللا بىن باشتۇ ئەل ھازارى: بۇ كىشى ھازار مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر سىياسىي مۇساپىر بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇلغار ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن ئەلچىلىككە تاللىنىشى بۇلغارلارنىڭ مۇقتەدىرگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىك ھەيئىتىنىڭ ھازار خاقانىغا قارشى ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(7) تېگىن ئەل تۈركى: بۇ مۇقتەدىرنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن تېكىن ئەل ھەسسا بولسا كېرەك. بۇرۇن بۇلغار مەملىكىتىدە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن نەزىر ئەل ھەرەمىگە بۇلغار ھۆكۈمدارى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنمۇ شۇ كىشى. ئەلچىلىك ھەيئىتىنى تەشكىللەشتە ئۇنىڭ مۇھىم رولى بولغانلىقى مەلۇم.

(8) بارىس ئەل سەقلابى: بۇ بۇرۇن سامانىيلاردىن ئەخمەد بىن ئىسمائىلنىڭ ھاجىپى ئىكەن. بىر پىكىر ئىختىلاپى بىلەن باغدادقا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە خەلىپىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. ئۇنىڭ «سەقلابى» تەخەللۇسىنى قوللىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ

بارس (بورس، پارس) بولۇشى بۆلغار نەسلىدىن بولۇش ئېھتىمالىنى چۈشەندۈرىدۇ.
(9) سەۋسەن ئەل راسىي: بۇ شەخس سەۋسەن ئەل ھاجىپ بولۇشى مۇمكىن.
(10) دەسكەرە: باغدادنىڭ شەرقىي شىمالىدا شۇ نام بىلەن ئاتالغان قانال ئەتراپىدىكى بىر شەھەر.
(11) ھۇلۋان: جىبال چېگرىسىدا دىيالە دەرياسىنىڭ تارماقلىرىدىن بىرىنىڭ ۋادىسىدىكى بىر شەھەر.
(12) قارمىسىن: ھازىرقى قىرنىمانشاھ شەھىرى.
(13) ساۋە: ھەمەدان بىلەن رەي يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەھەر.
(14) رەي: تېھراننىڭ يېنىدىكى بىر شەھەر.
(15) سۇلۇق: مۇھەممەد بىن ئەلى دەيلەمىنىڭ لەقىمى.
(16) ئەخمەد بىن ئەلى: سۇلۇقنىڭ ئىنىسى. 311 ـ يىلى (مىلادىيە 923 — 924) يۇسۇپ بىن ئەبىل ساج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
(17) ھۇۋار ئەل رەي: تېھراننىڭ شەرقىدىكى قۇمىس ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر.
(18) سىمنان: ئېلبۇرۇس تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە ھۇۋار ئەل رەينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر شەھەر. دەمەگان سىمناننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر شەھەر.
(19) ئەل دەئئى: ئەل سەغىر ئەل ھەسەن بىن قاسىم بولۇپ، 316 (مىلادىيە 928 ـ) يىلى ئاسفەر ئەل جىلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
(20) ئىبىن قارىن: شەرۋىن بىن رۇستەم بىن قارىن.
(21) لەيلى ب. نۇمان: دەيلەمىلەردىن، ئەل ئۇتروش ۋە ئەل ھەسەن بىن قاسىمنىڭ سەركەردىسى 309 (مىلادىيە 921 ـ) يىلى سامانىي قوماندانى ھامۇياكۇسە تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. لەيلى 308 (مىلادىيە 920 ـ) يىلى ئەل ھەسەن بىن قاسىم تەرىپىدىن نىشاپۇرغا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەننىدى.
(22) قۇشماھان: مەرۋ بىلەن ئامۇل يولى ئۈستىسە ۋە ئامۇل چۆلىنىڭ بويىدىكى بىر يېزا.
(23) ئامۇل: خۇراساننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئامولى جەيھۇن بولۇپ، ھازىرقى نامى شارجۇئى.
(24) ئافىرابىر ياكى فىرەبىر: ئەينى چاغدا رىباتى تاھىر بىن ئەلى ۋە تاھىرىيە نامىلىرى بىلەن تونۇلغان. بۇ يەر خارەزىم چېگرىسىنىڭ باشلىنىش ئورنى.
(25) بەيكەند: بۇخارى بىلەن جەيھۇن ئارىسىدىكى چوڭ بىر شەھەر، ھازىر خارابىلىككە ئايلانغان.
(26) ئەل جەيھانى: مەشھۇر سامانى ۋەزىرى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد بىن ئەخمەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەل جەيھانى بولۇپ، «كىتاب ئەل مەمالىك ۋە مەسالىك» ناملىق بىر قاتالغان بىر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى.

(27) ناسىر بىن ئەخمەد بىن ئىسمائىل: ھىجرىيە 301 — 331 (مىلادىيە 914 — 943) يىللىرىدا سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان.

(28) ئەل فازىل بىن موسا ئەل نەسرانى: بۇ خارەزىملىك بىر ناستور (خرىستىئان مۇرتى) بولسا كېرەك. بار تېھولدىنىڭ قارىشىچە خارەزىم خرىستىئانلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن.

(29) ئەخمەد بىن موسا ئەل خارەزمى: خەلىپىنىڭ ئوردىسىدىكى بىر مەسئۇل كىشى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

(30) باب ئەل تۈرك: «تۈرك دەرۋازىسى» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان بۇ يەر سامانىيلارنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسى بولسا كېرەك.

(31) ئەل غىترىفىيە: ھارۇن ئەل رەشىد دەۋرىدە خوراسان ۋالىيسى بولغان غىترىف بىن ئەتتاب تەرىپىدىن ياستىلغان دىرھەملەر «مۇسەييەبىيە» دېيىلىدۇ. ماۋەرا-ئۇننەھردە ئىشلىتىلىدىغان ۋە «مۇھەممەدىيە» دەپ ئاتىلىدىغان دىرھەملەرمۇ ئىسلام دەۋرىدە ياسالغانىدى. سەمەرقەند دىرھەملىرى ھەققىدە سائۇۋائىرە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

(32) خارەزىم: بۇ يەردىكى خارەزىم ئەينى چاغدىكى خارەزىمنىڭ مەركىزى قات شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. قات شەھىرىنىڭ ھازىرقى نامى شاباز (شەيخ ئاباس ۋەلى) بولۇپ، شەھرىستان دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(33) خارەزىمشاھ مۇھەممەد بىن ئىراق ئافرىغىلەر خانلىرىدىن ئىدى.

(34) تۆمۈرچى: تېكىننىڭ بۈرۈن خارەزىمدە تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم. قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا تۆمۈرچىلىك سايمانلىرىمۇ شامانىنىڭ ساي-مانلىرىدەك مۇقەددەس ئىدى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىرغىزلار، يابغۇلار ۋە قىپچاقلار تۆمۈرنى مۇقەددەس بىلەتتى ۋە تۆمۈر بىلەن قەسەم قىلاتتى. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە، ماۋەرا ئۇننەھر ۋە خارەزىم بىلەن تۈرك ئەللىرى ئارىسىدا كەڭ تۆمۈر تىجارىتىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى مەلۇم.

(35) ئۇلۇغ ئەمىر: بۇ سامانىيلار ھۆكۈمدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى فەزلاننىڭ زامانىدا سامانىيلار ھۆكۈمدارى خەلىپىنىڭ خوراساندىكى ھۆكۈمدارى ئىدى. خارەزىم-شاھنىڭ بۇ يەردىكى سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ خەلىپىنىڭ شىمالدىكى ئۆلكىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى ئارزۇ قىلمايتتى.

(36) جۇرجانىيە: ھازىرقى كونيە - ئۈرگەنچ شەھىرىنىڭ كونا نامى. ئىبنى

فەزلان دەۋرىدە جۇرجانىيە خارەزىمنىڭ تىجارەت مەركىزى بولۇپ، قاتتىنمۇ مۇھىم ئىدى. ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن مەملىكەتنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ يەر تۈرك قەبىلىلە-رىنىڭ يۇرتلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر تىجارەت مەركىزى ئىدى.

(37) ئەردەقۇ: جۇرجانىيىگە بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا، جەنۇبقا قاراپ كەتكەن يول ئۈستىدىكى بىر يېزا بولۇپ، كەردەلىلەر ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. كەردەلىلەرنىڭ نامازدىن كېيىن ئەلى بىن ئەبۇ تالىپنى قارغاشلىرى ئۇلارنىڭ جاھىل مۇئتەزىلىي (ئەھلى سۈننەتتىن ئايرىلغان بىر كونا ئىسلام مەزھىپى) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(38) تاغ: تۈركچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى سەكسەك دەرىخى.

(39) مۇسەييەبى: يۇقىرىدا ئېيتىلغان غىترىف بىن ئەتتابىنىڭ ئىنىسى مۇسەييەبى تەرىپىدىن ياسىتىلغان پۇللارغا بېرىلگەن نام.

(40) رىباتىئى زەمجان: بۇ كارۋان ساراي ھازار دېڭىزى بىلەن ئارال كۆلى ئارىسىدا ئۈست يۇرت دېگەن دۆڭلۈكتە بولۇپ، بۇ يەر ئەينى زاماندا «تۈرك دەرۋازىسى» دەپمۇ تونۇلغان. بۇ يەرنىڭ سامانىيلارغا قارايدىغان بىر چېگرا قاراۋۇلخانىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يۇقىرىدا ئېيتىلدى.

(41) گىت: ئىبنى ھاۋقال ۋە ئىستەھرى تەرىپىدىن گىت دەپ خاتىرىلەنگەن بۇ ئورۇن ئوغۇز ئەللىرىنىڭ كىرىش ئېغىزى ئىدى.

(42) ئوغۇزلار ھەققىدە كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەرگە قاراڭ.

(43) رەب: قەدىمىي ئىرانلىقلار چوڭلىرىنى «خۇدا» دېگىنىدەك، تۈرك قەبىلىلە-رى ئارىسىدىمۇ چوڭلىرىغا ئاللا مەنىسىدىكى ئىبارە بىلەن خىتاب قىلاتتى. ئىبنى فەزلان تەرىپىدىن دىنسىز ئىكەنلىكى ئېيتىلغان بۇ ئوغۇزلار شامانىس ئىدى. كىتابنىڭ ئاخىرىدا شامانىس رۇسلار ھەققىدىمۇ شۇ تەرىپ قوللىنىلىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن تونۇش بولغان چوڭلار ئارىسىدا شامانلارمۇ بار ئىدى.

(44) ئوغۇزلار ۋە شامانىس تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇيۇنمايدىغانلىقى ھەققىدە كىتاب-نىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەردىكى «جازالار» قىسمىدا توختىلىدۇ.

(45) ئوغۇز ئاياللىرىنىڭ ناتونۇش ئەرلەردىن قاچمايدىغان ئادىتى ئاناتولىيە دېھقان-لىرى بىلەن تۈركمەنلەر ئارىسىدا زامانىمىزغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈرك قەبىلىلىرى ئاياللىرىنىڭ ناھايىتى ئىپپەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەر خىل مۇئەللىپلەر كۆپ قېتىم توختالغان.

(46) تەسبىھ ۋە تەھلىل: «سۇبھان ئاللا» ۋە «لائىلاھە ئىللەللا» ئىبارىلىرىگە بېرىلگەن قىسقىچە نام.

(47) ھەققى ـ مېھرى: سۈت ھەققى مەنىسىدە بولۇپ، بۇ پەردە قىزنى ئېلىپ قېچىشنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى كەڭ مەلۇماتنى كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەرنىڭ «نىكاھلىنىش ئادەتلىرى» قىسمىدا كۆرۈڭ.

(48) تۇل: چوڭ ئوغۇلنىڭ ئۆز ئانىسى بولماسلىق شەرتى بىلەن ئاتىسىنىڭ تۇل قالغان خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىشى ھەققىدە كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەرنىڭ «نىكاھلىنىش ئادەتلىرى» قىسمىدا كەڭ توختىلىدۇ.

(49) قەدىمي تۈرك قەبىلىلىرىدە ماللارنىڭ بوغۇزلانماي، قان ئېقىتماي ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە قۇربانلىق قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا يەنە شۇ قىسمىدا تەپسىلي توختىلىدۇ.

(50) بەچچىۋازلىق: بۇنداق گۇناھ سادىر قىلغانلار موڭغۇللاردىمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىناتتى.

(51) قۇزئەركىن: سەل تۆۋەندە شەخسەن ئىبنى فەزلان تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارىغاندا، «يابغۇ»نىڭ ۋەكىلىگە بۇ نام بېرىلەتتى. بۇ سۆز قادىرخان ياكى قۇزئەركىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(52) كىچىك يىنال: بۇ يابغۇنىڭ ۋەلىئەھدى (تەخت ۋارىسى) گە بېرىلگەن نام بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتا ئوغۇزلارنىڭ ھەرقانداق ئاقساقىلىغا بۇ نام بېرىلىشكە باشلىغان.

(53) پاي ـ باپ: ئاياغ بىلەن ئىشلەيدىغان بىر سايمان بىلەن توقۇلغان رەخت.

(54) ياغاق: ئوتتۇرا ئەسىر مۇئەللىپلىرى خارەزىم ۋە شىمال تەرەپتىكى ئەللەردە ياغاق دەرىخىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ.

(55) سەجدە: بۇلغارلار ۋە ھازارلاردىمۇ ئۇچرايدىغان تەشەككۇر سەجدىسى بۇتپەرەسلىك ئادىتىدۇر.

(56) كېسەللەرنى داۋالاش، مېيىتنى دەپنە قىلىش ۋە قەبرىلەر ھەققىدە كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەردە تەپسىلي توختىلىدۇ.

(57) كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى «دەپنە قىلىش شەكىللىرى» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ.

(58) كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى «بالباللار» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ.

(59) بۇ يەردە، ئۆلگۈچى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا كۆشكۈرتكۈچى شۈبھىسىز شاماندۇر. تۈرك قەبىلىلىرىدە ئۆلگۈچىگە ئاتاپ قىلىنىدىغان قۇربانلىق توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدا توختىلىدۇ.

(60) يابغۇ: ئوغۇز ھۆكۈمدارىغا ۋە قارلۇق ھۆكۈمدارىغا بېرىلگەن بۇ نام بەزىدە «جەبغۇيە خاقان» شەكلىدىمۇ قوللىنىدۇ. بەزى يەرلەردە خاقاننىڭ ئوغۇللىرى، ئەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېرىنداشلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنىمۇ «يابغۇ» دەيدۇ.

(61) سۇ باشى: ئوغۇزلارنىڭ ھەربىي قوماندانىغا بېرىلگەن ئۇنۋان بولۇپ، ئەسلىي تېكىستتە ئېيتىلغىنىغا قارىغاندا بۇ سۇ باشىنىڭ ئوغۇزلار ئىچىدىكى ئىناۋىتى يابغۇدىنمۇ ئۈستۈن. زەكى ۋەلىدى توغان بۇ يەردە ئېيتىلغان سۇ باشىنىڭ سەلچۇقلارنىڭ ئاتىسى بولۇش ئېھتىمالىنى ئېيتىدۇ.

(62) گۇمبەزلىك چېدىر: تۈرك چېدىرلىرى گۇمبەز شەكلىدە بولاتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە تۈرك چېدىرلىرى پەقەت تۈرك قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، باشقا قوشنىلىرى تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلغان ھەتتا پەيغەمبەر دەۋرىدە ئەرەبىستاندا تۈرك چېدىرلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەرمۇ بار. بۇ چېدىرلار ئۆيگە ئوخشاش بولۇپ، تىلمە ياغاچلاردىن ياسالغان بىر جازا ئۈستىگە كىگىز قاپلاش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلاتتى.

(63) شامانىس تۈركلەردىكى سۇنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن كىيىم - كېچەك ۋە بەدەننى يۇيۇشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى «جازالار» دېگەن ماۋزۇدا سۆزلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال غەربىي ھۇنلاردا ۋە ئىسقىتلاردىمۇ مەۋجۇت ئىدى.

(64) بۇ يەردە ئېيتىلغان «تۇغقان» دېگەن تۈركچە سۆز كۆيئوغۇل، قېيناتا، قېيىنى مەنىلىرىنى بېرىدۇ. مۇسۇلمان بولغان بۇلغار ھۆكۈمدارى بىلەن ئوغۇز سۇباشىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى بىرئاز گۇمانلىق. بەلكىم بۇ سۆز بۇ يەردە ئىتتىپاقداش مەنىسىدە قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن. ھەرھالدا ئۇ دەۋردە ئورتاق دۈشمىنى ھازارلارغا قارشى ئوغۇزلار بىلەن بۇلغارلار ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار ئىدى.

(65) تارخان: سۇباشىدىن كېيىن تۇرىدىغان ۋە ئېسىلزادىلەردىن ئۈستۈن بولغان كىشىگە بۇ نام بېرىلەتتى. ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھردىكى مۇستەقىل بەگلىكلەرنى ئىدارە قىلىدىغان كىشىلەرمۇ تارخان دېيىلەتتى.

(66) كەلەك: ئەسلىي تېكىستە «سۇفرا» دېيىلگەن بۇ قورالنىڭ ئىچىگە نەرسىلەرنى سېلىپ، ئاغزىنى بوغۇۋەتكەندىن كېيىن، دەريادىن ئۆتىدىغان ئادەم بۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇلاغقا چېتىلغان بۇ كەلەك ئۇلاغ بىلەن بىرلىكتە دەريادىن ئۆتىدۇ. بەزىدە بۇ كەلەكلەر بەش - ئالتە كىشىلىك چوڭلۇقتا بولاتتى.

(67) قېيىن دەرىخى: تۈرك قەبىلىلىرى بۇ دەرەخنى مۇقەددەس دەرەخ دەپ قارايتتى. بۇ دەرەخ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىدا خېلى كۆپ ئىدى. شامانلارنىڭ دۇمباقلىرىمۇ بۇ ياغاچتىن ياسىلاتتى. شامانىس تۈركلەر ئارىسىدا ئۆلۈكلەر قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلىش ياكى جەسەتنى بۇ ياغاچتىن قىلىنغان تاختاي ئۈستىگە

قويۇشنىڭ ياخشى ئىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىسىدا توختىلىدۇ. بىر مۇنچە تۈرلىرى بولغان قىيىن دەرىخى نىجاتكار ۋە مەرھەمەتلىك ئانا تەڭرى ئۇماي بىلەن ئۇلگەن تەرىپىدىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەنمىش. . . ئالتايلىقلارنىڭ دۇئالىرىدا ھەمىشە «باي قىيىن» دېگەن نام تىلغا ئېلىنىدۇ. تۈرك قەبىلىلىرىدە بەزى فەتىشلەر (ئىلاھلار) مۇ قىيىن ياغىچىدىن ئويۇپ ياسىلاتتى. قىيىن دەرىخىگە قۇربانلىق ۋە يېمەكلىكلەر تەقدىم قىلىناتتى.

(68) پەچەنەكلەر: پەچەنەكلەرنىڭ ئەسلىي يۇرتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئىبنى فەزلان ئۇلارنى يېيىق دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئۇچراتقان. ئەبۇ دۇلەف بولسا، تېخىمۇ شەرقتە پەچەنەكلەردىن بىر توپ كىشىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. پەچەنەكلەرنىڭ كۆپ قىسمى 9 ـ ئەسىردە ھازارلار ۋە ئوغۇزلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا ۋولگىنىڭ غەربىگە ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇلار 889 ـ يىلى ماجارلارنى تېخىمۇ غەربكە چېكىنىشكە زورلاپ، تۇناغا قەدەر سوزۇلغان جەنۇبىي رۇسىيە دالىلىرىغا تارقالدى. ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى غەربكە كەتكەن پەچەنەكلەر توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ توختىلىدۇ. بۇلار 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۇنادىن ئۆتۈپ بالقانغا تارىلىپ بىزانسلارنىڭ بېشىغا چوڭ بالا بولغان. ئاخىرى 12 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئالىكسىئوس تەرىپىدىن تار مار قىلىنغان. قالدۇقلىرى بىزانس ئىمپىراتورلۇقى خىزمىتىگە ئېلىنغان. ئىبنى فەزلان ۋە ئىدرىسى ئۇلارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەبۇ دۇلەف بولسا، شەرقتىكى پەچەنەكلەرنىڭ ئۇزۇن ساقاللىق ۋە بۇرۇتلۇق ئىكەنلىكىنى، ئاياللار بىلەن ئاشكارا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(69) يېيىق: ئۇرال دەرياسىنىڭ تۈركچە نامى. شامانىس تۈركلەردىكى قوغدىغۇچى ئىلاھلاردىن بىرىنىڭ نامى يېيىق بولۇپ، ئۇ ئۇرال دەرياسىنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن.

(70) باشقىرتلار: باشقىرت دېگەن نام قەدىمىي ئەرەب مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان باشقىرتلار ماجارلارنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىبنى ھاۋقال: «باشقىرتلار ئىككى خىل بولىدۇ. بىر قىسمى ئوغۇزلار بىلەن بۇلغارلار ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇلار ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان ۋە بۇلغار ھۆكۈمدارىغا قارايدىغان 2 مىڭ كىشىگە يېقىن بىر توپ كىشىلەر. باشقىرتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىدە پەچەنەكلەرگە قوشنا بولۇپ، جەنۇبىي رۇسىيىدە ئولتۇراقلاشقان» دەيدۇ. ئىستەخرىمۇ شۇنداق تەنقىق قىلىدۇ. باشقىرت ۋە ماجار دېگەن سۆزلەر بىر ـ بىرىدىن ھەرقانچە پەرقلەنسىمۇ، تەتقىقاتلار كونا باشقىرتلار بىلەن ماجارلارنىڭ تىلىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئىسپاتلىدى. رۇبرۇئۇكنىڭ ئېيتىشىچە، 13 ـ ئەسىردە باشقىرتلارنىڭ تىلى ماجارلارنىڭ تىلىغا

ئوخشايدىكەن. بۇگۇنكى باشقىرت جۇمھۇرىيىتى ئىبنى فەزلان كۆرگەن باشقىرتلارنىڭ يۇرتىدا بولۇپ، ئۇلار غەربكە كۆچكەن ماجارلارنىڭ قېلىپ قالغان قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئىبنى فەزلاننىڭ بۇ يەردە باشقىرتلارنى تۈرك قەبىلىسى دەپ قوبۇل قىلىشى تامامەن توغرا. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە بىر باش سۆڭەكنى قېزىلمىسى توغرىسىدىمۇ توختالغان بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە فاللۇس (ئەرلىك جىنسىي ئەزاسى) غا چوقۇنۇش ۋە ئۇن ئىككى ئىلاھ توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەردىن «شامانىزم» دېگەن قىسمىدا توختىلىدۇ.

(71) بۇلغارلار ھەققىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەردىن كۆرۈڭ.

(72) تۆت بەگ: تۈرك قەبىلىلىرى ۋە موڭغۇللاردىكى تۆت ھۆكۈمدار تۈزۈلمىسىدىكى ئىمپېراتورلۇقنىڭ تۆت قەبىلىسى ياكى تۆت قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ تۆت چوڭ ئەسكىرىي قوشۇنىدىكىگە ئوخشاش، بۇ خۇسۇس تۆت ئاساسىي نۇقتا ۋە دۇنيا ھاكىمىيىتى چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىبنى فەزلان بۇ تۆت قەبىلىدىن پەقەت ئۈچىنىڭ نامىنى بېرىدۇ. تۆتىنچىسى ئىبنى ھاۋقال تەرىپىدىن ئېيتىلغان بۇرسۇلا بولۇشى مۇمكىن.

(73) نان، گۆش ۋە تېرىق: ئەلچىلىك ھەيئىتىنى كۈتۈۋېلىشتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققۇچىلار ئېلىپ بارغان بۇ يېمەكلىكلەر سوۋغات ياكى بۇلغارلارنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرى بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە رۇس سودىگەرلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا گۆش، سۈت، پىياز ۋە نان تەقدىم قىلىدىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بەركە خاننىڭ ۋەزىرى مىسىر ئەلچىلىرى يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇلارغا گۆش، بېلىق، سۈت قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەن.

(74) چاچقۇ چېچىش ئادىتى: بولۇپمۇ توي - تۆكۈن ۋە خۇشاللىقلاردا چاچقۇ چېچىش ناھايىتى كەڭ تارقالغان ئادەت. چاچقۇ ھەر قەبىلىنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئالغان مەھسۇلاتلىرىدىن بولاتتى. ئۆلۈكلەرگە ۋە ئىلاھلارغا تەقدىم قىلىدىغان چاچقۇلار ھەققىدە كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەرنىڭ «قۇربانلار ۋە ھەدىيەلەر» قىسمىدا توختىلىدۇ.

(75) بايراق، خىلئەت، ئېگەر، سەللە: خەلىپە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ نەرسىلەر ھۆكۈمدارلىق بەلگىلىرىدۇر. خەلىپىلەر ئىسلام ئەللىرىدىكى بىر ھۆكۈمدارنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندا ئۇنىڭغا بايراق، ئېگەر، خىلئەت ۋە سەللە ئەۋەتەتتى.

(76) ھەمىد بىن ئەل ئابباس: ھىجرىيە 306 — 311 (مىلادىيە 918 — 923) - يىللىرى خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ ۋەزىرلىكىنى قىلغان.

(77) ئاياللارنىڭ ئومۇمىي مۇراسىملارغا قاتنىشىشى كونا تۈرك قەبىلىلىرىدە ئادەت

www.uyghurkitap.com

ئىدى. بۇ خۇسۇسىيەت ئەرەبلەرگە يات ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى فەزلان «بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر» دېگەن. تۈرك قەبىلىلىرىدىكى بۇ ئادەت موڭغۇللاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

(78) ئىبنى باتتۇتا ۋە ماركوپولو بەرگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، موڭغۇللاردىمۇ خاننىڭ مەجلىسىدە بولغان كىشىلەرنىڭ ئايرىم ئۈستەلى ۋە داستىخىنى بار ئىكەن.

(79) (سۇجۇۋ) سۇجۇ: بۇ يەردە مەست قىلغۇچى بىر شارابنى دېمەكچى بولسا كېرەك. بال ۋە تېرىق ئىچىملىكلىرى بىلەن قىمىزلارنى قەدىمىي مۇسۇلمان تۈرك قەبىلىلىرى شاراب دەپ قارايتتى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ سۈرىيەلىكلەرگە بالدىن ياسالغان مۇسەللەس ئىچىشكە رۇخسەت قىلغان.

(80) يەھۇدىيلاردىن قوغدايدىغان قورغان: بۇ يەردە ئېيتىلغان يەھۇدىيلار خاقانلىرى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى يەھۇدىي بولغان ھازارلار.

(81) بۇ يەردە تەكبىرنىڭ ئىبارىلىرىنىڭ تەكرارلىنىش - تەكرارلانماسلىقىغا دائىر ھۆكۈمدار بىلەن ئىبنى فەزلان ئارىسىدا بولغان مۇنازىرە ئەسلىدە بۇ رايوندا ھەنەفى ۋە شافى مەزھەپلىرىنىڭ نوپۇز مۇسابىقىسىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئىسلامىيەتنى ماۋېرائۇننەھر ۋە خارەزىم يولى بىلەن قوبۇل قىلغان بۇلغارلارنىڭ ھەنەفى مەزھىپىگە ئۇيغۇن ھالدا تەكبىرنىڭ ئىبارىلىرىنى تەكرارلىشى ئاساسسىز ئىدى. شافى مەزھىپىدە بولغان ئىبنى فەزلان بولسا، ئۆزى قوبۇل قىلغان مەزھەپكە ئۇيغۇن ھالدا تەكبىرنىڭ ئىبارىلىرىنىڭ تەكرارلانمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئالدىن چۈشەنمىگەن ھۆكۈمدار مەزنىگە تەكبىرنى ئىبنى فەزلاننىڭ دېگىنىدەك ئوقۇشنى ئەمر قىلغان. كېيىن ھەنەفى ئۆلىمالىرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تونۇپ، مەزنىگە تەكبىرنىڭ ئىبارىسىنى يەنە تەكرارلاشقا ئەمر قىلغان.

(82) شىمال شەپقى: بۇ يەردە قۇياش پېتىشتىن سەل ئىلگىرى ئاسماننىڭ قىزىرىشى ۋە قىزىل بۇلۇتلار ئىچىدە جىنلارنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇلۇشىنى ئېيتىدۇ. بۇ بىر رىۋايەت. بۇ قۇياشنىڭ ئېگىزلىكى ئەلڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەندە پەيدا بولغان بىر شىمال شەپقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېستونىيە داستانىدا ۋە شىمال رىۋايەتلىرىدە، شىمال شەپقى ئەرىشتىكى لەشكەرلەرنىڭ جەڭلىرىگە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ خۇسۇس گېرمان رىۋايەتلىرىدە ناھايىتى كەڭ بىر تېمىدۇر. بۇ يەردە جەڭنىڭ مۆمىن ۋە كاپىر جىنلار ئارىسىدا بولىدىغانلىقى ئېيتىلىش بىلەن ۋەقە ئىسلامىيلەشتۈرۈلگەن. بۇ تېمىنى بىر ئاز باشقىچە ھالدا مىڭ بىر كېچە چۆچەكلىرىدىكى بۇلۇقمىيە ۋە شاھ مەران چۆچەكلىرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇ چۆچەكلەردە چوڭ بىر چاڭ - توزان ئىچىدە بىر ۋادىدا مۆمىن ۋە كاپىر جىنلاردىن تەشكىل تاپقان ئىككى قوشۇننىڭ توقۇنۇشقانلىقى كۆرۈلىدۇ.

(83) ۋىسۇ: بۇلار لادوگا كۆلىنىڭ شەرقىدە ئاقكۆل ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغان رۇسلارنىڭ ۋىپس قەبىلىسى. بۇلغارلار ۋىسۇ ۋە يۇرا ئۆلكىسىگە چانىلار بىلەن كىيىم ـ كېچەك، تۇزغا ئوخشاش نەرسىلەرنى، تۇز ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەشيالارنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى جۇۋىغا تېگىشەتتى. بۇ تىجارەت داۋراڭسىز تېگىشىش شەكلىدە بولاتتى. داۋراڭسىز تېگىشىش زامانىمىزدىكى ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە بولغىنىدەك، مەرۋەزىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇن قارا تەنلىكلەردە، چىن، ھىندى ئاراللىرىدا، سىبىرىيە قەبىلىلىرىدە مەۋجۇت ئىدى. بۇ مۇئەللىپ قىماقلارنىڭ بىر گۇرۇھى ئىچىدىمۇ داۋراڭسىز تېگىشىش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

(84) قىندىك: مەرۋەزى: «بۇلغار دىيارىدىكى خادەنك (قېيىن) دەرەخلىرى ئارىسىدا قىندىك كۆپ» دەيدۇ. ۋولگا بويلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن قىندىكلار «بۇلغار» دېيىلەتتى. غولىدىن تاتلىق سۇيۇقلۇق ئېلىنىدىغان دەرەخ، شۈبھىسىز، شېكەرلىك قېيىن دەرىخىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

(85) سەخرەج: بۇ سۆز تۈركچىدىكى «ساغراق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى. ئىبنى رۇستەھ: «ھۆكۈمدار ھەربىر تويدىن باج ئورنىدا بىردىن ئات ئالىدۇ» دەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەينى چاغدا ئات شەكلىدە ئېلىنىدىغان باجنى دېسە كېرەك. بۇ سۆز «ساخراخ» دەپمۇ ئوقۇلىدۇ.

(86) بۇغداي ئېچىتقۇسى: بۇ يەردىكىسى بۇغداينىڭ ئۆزى ئەمەس، بۇغدايدىن ئىشلەنگەن بىر ئىچىملىكنى دېمەكچى.

(87) ھۆلچىلىك ۋە ئېغىر ھاۋا: تەرجىمان سەللامنىڭ ساياھىتى دېگەن ھېكايىدە ۋە ئەبۇل فىدانىڭ ئەسىرىدە بۇ ئىبارە «سېسىق پۇراقلىق تۇپراق» دەپ ئېلىنغان.

(88) بېلىق يېغى: بۇلغار دەۋرىگە ئائىت بېلىق تۇتىدىغان قارماق يىپلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بېلىق ئوۋچىلىقىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(89) قالپاق: تېكىستتە «كالانسوۋا» دېيىلگەن بۇ سۆز «كىگىزدىن ياسالغان ئېگىز كۇلاھ تۈرك قەبىلىلىرى كىيىدىغان باش كىيىم» دەپ ئىزاھلانغان. ئىبنى رۇستەھ: «ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئوخشايدۇ» دەيدۇ. مەرۋەزى كالانسوۋا ۋە قابا (ئۇزۇن تون) لارنى تۈرك كىيىم ـ كېچەكلىرى دەپ يازىدۇ.

(90) باش كىيىمنى ئېلىۋېتىش: تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا تارقالغان بۇ ئادەت ئىسلام ئەللىرىگە ئەسكەر بولۇپ كەلگەن تۈرك قەبىلىلىرىدە ۋە موڭغۇللاردىمۇ ئۇچرايتتى.

(91) تۈرك چېدىرى (گۈمبەزلىك چېدىر) : ئىبنى فەزلاننىڭ ئەلچىلىكى ئەسنا

www.uyghurkitap.com

سىدا بۇلغارلاردا شەھەر يوق ئىدى، ئۇلار چېدىرلاردا ئولتۇراتتى. بۇ چېدىرلار «قۇببە» ياكى «بەيت» ئىبارىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. قۇببە (گۈمبەز) ئىبارىسى ئاساسەن يۇمىلاق، كىگىز بىلەن قاپلانغان گۈمبەزلىك ئۆينى كۆرسىتىدۇ.

(92) ھازىرمۇ قىرغىزلاردا بىر كىشى ئوغۇل تاپسا ئۇنى بوۋىسى باقىدۇ.

(93) قېرىنداشلار مىراسخورلۇقى: بىر كىشى ئۆلسە ئۇنىڭغا بالىلىرى ئەمەس، قېرىنداشلىرى ۋارىس بولىدىغان ئادەت ئائىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىن كەلگەن. بۇ ئادەت تۈرك قەبىلىلىرىدە، موڭغۇللاردا، بەربەرىلەردە ۋە ھەر خىل ئىرقلاردا ئۇچرايدۇ. بۇنداق مىراسخورلۇق پرىنسىپى سىياسىي ۋارىسلىق جەھەتتىمۇ ئىشلىنىدۇ.

(94) چاقماق: تۈرك قەبىلىلىرىدىكىدەك، موڭغۇللاردىمۇ چاقماق چۈشكەن نەرسىلەر، ھايۋانلار، ئادەملەر بىر مەزگىل ئۇلۇغ خاننىڭ ھەربىي تۇرالغۇسىدىن يىراقتا تۇراتتى. بەزى شامانىستلارنىڭ چاقماق تەڭرىسىگە چوقۇنىدىغانلىقىمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تەڭرى يەردىكى يامانلىقلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلار بولسا چاقماقنى بەخت ھېسابلايتتى.

(95) سەۋەنلىك بىلەن بىرىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى رۇسلارمۇ شۇنداق جازالايتتى. بۇنداق جازا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كىشىنىڭ تاسادىپىي سەۋەبلەر بىلەن قۇتۇلۇشى ياكى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، سوغۇق، ئىسسىقنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆلۈشى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

(96) كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەرنىڭ «ئادەم قۇربانلىرى» قىسمىغا قاراڭ.

(97) ھاللەجە: ۋولگىنىڭ كاما بىلەن قوشۇلغان يېرىگە يېقىن جايدىكى بۇ ئۈچ كۆلنىڭ چۇۋاشچە نامى بولۇپ، قىشلاق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

(98) ئېدىل دەرياسى بويىدا قۇرۇلغان بۇ يەرمەنكىنىڭ ئورنىدا كېيىنچە بۇلغار شەھىرى مەيدانغا كەلگەن.

(99) يەجۇج ۋە مەجۇج: قۇرئان ۋە تەۋراتتا ئېيتىلغان بۇ قوۋمنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. ھەدىسلەر ۋە دەسلەپكى ئىسلام مەنبەلىرىگە قارىغاندا، بۇ قوۋم تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار. ھەدىسلەردە بۇ قوۋمغا دائىر بېرىلگەن فىزىئونومى (چىراي شەكلى) تۈرك ـ موڭغۇل فىزىئونومىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تۈرك قەبىلىلىرى مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، يەجۇج ۋە مەجۇج تۈركلەرنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى قوۋملار ئىكەنلىكى ئويلىشىلغان. ھازار ۋە بۇلغارلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، يەجۇج ۋە مەجۇج سىلاۋلارنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ئىسكاندىنوۋىيىلىكلەر. قەدىمىي ئەرەبلەر تەرىپىدىن يەجۇج ۋە مەجۇج بويى پاكار، بۇرنى پاناق، يۈزى دۈگىلەك قەبىلىلەرگە ئوخشىتىلغان، شىمالنىڭ رىۋايەتلىرى.

دە بولسا ئېگىز بويلۇق، كۆك كۆز، سېرىق تەنلىك ئىسكاندىناۋىيىلىكلەرگە ئوخشىتىلىدۇ. ئەرەب ۋە ئىران رىۋايەتلىرىدە بۇ قوۋمنىڭ بىر سېپىلنىڭ كەينىدە ياشايدىغانلىقى، شىمالنىڭ رىۋايەتلىرىدە بولسا، بىر ئارالدا ياشايدىغانلىقى ۋە بېلىق بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇلغارلار يۇرتىدىكى شالغۇت ئادەملەرنىڭ يەجۇج ۋە مەجۇج ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بۇ كۆزقاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەبۇ ھەمىد ئەل ئەندېلۇسىمۇ بۇلغارلار يۇرتىدا ئاد قەبىلىسىدىن بولغان بىر گىگانت ئادەم كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

يەجۇج ۋە مەجۇج سېپىلى ھەققىدىكى ئىشەنچىلەرمۇ مانا شۇ شەكىلدە ئۆزگەرگەن بولۇپ، بەزىلەر بۇ سېپىلنى دەربەند دېسە، بەزىلەر تۆمۈر دەرۋازا، بەزىلەر بولسا سەددىچىن دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەۋراتتىن ئېلىنغان بۇ چۈشەنچىنىڭ ساقالار ھۆكۈمدارى گوك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەزكۇر سېپىلنىڭ دەربەند ئىكەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن.

(100) جەۋشىز: قاما دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى. بۇلغار شەھىرىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلەتتى.

(101) سۇۋار: زەكى ۋەلىدى توغان بۇ ئىسىمنىڭ چۇۋاش قەبىلىسىنىڭ بۇرۇنقى نامى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىسىم كېيىن بۇلغار شەھىرىنىڭ يېنىدا قۇرۇلغان بىر شەھەرنىڭ نامى بولغان. شەھەرنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان بىر مەسچىتى بار ئىدى. ئىبنى ھاۋقال: «سۇۋار شەھىرىدە خاتىپ بولغان بىرى ماڭا بۇ ئىككى شەھەر (بۇلغار ۋە سۇۋار) نوپۇسىنىڭ ئون مىڭغا يېتىدىغانلىقىنى، بىنالىرىنىڭ ياغاچتىن ياسالغانلىقىنى، خەلقىنىڭ قىشتا شەھەردە ئۆيلەردە، يازدا بولسا قىرلاردا چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى» دەيدۇ.

(102) ئەسكىل: تۆت بۇلغار قەبىلىسىنىڭ بىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئىبنى رۇستەھ ۋە «ھۇدۇد ئەل ئالەم»لەر بۇ ھەقتە سۆزلىنىدۇ توختىلىدۇ.

(103) بۇ يەردە ئېيتىلغان ھايۋاننىڭ خالەچ (ئاقچا ياغاچ) ئورمانلىقىدا ياشايدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇ دەرەخ لۇغەتلەردە «قارامتۇل ئاق، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بىر خىل دەرەخ دەپ تەرىپلىنىدۇ. گۇۋەينى بۇ دەرەخنىڭ چىن، رۇس ۋە بۇلغار زېمىنلىرىدا ئېگىز ئۆسىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن گۈل قاچىسى، تاۋاق ۋە ئوقيا ياسىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلغان ھايۋاننىڭ كەركىدان ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى، شۇ چاغدا بار ـ يوقلۇقى توغرىسىدا ئىبنى فەزلان بىر نېمە دېيەلمىگەن. زەكى ۋەلىدىن توغان بولسا بۇ ھايۋاننىڭ ھەقىقەتەن كەركىدان ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەل

www.uyghurkitap.com

فاكىتنىڭ ئىپتىقىنىغا ئاساسلىنىدۇ. كوۋالېۋسكى بۇ ھايۋاننىڭ تارىختىكى دەۋرلەردە ياشىمىغانلىقىنى، ئەبۇ ھەمىد ئەل ئەندىلۇدىنىڭ ئىپتىشىغا ئاساسلىنىپ، بۇ ھايۋاننىڭ كەركىدان ئىكەنلىكى ئىپتىلغان مۇڭگۇزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ياشىغان «مەھمۇت» دېيىلگەن بىر خىل پىلنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن كەمەر، تاغاق، تاۋاق ۋە ھەر خىل نەرسىلەر ياسىلىدىغان بۇ نەرسە «خۇتۇۋ» دېيىلىدۇ. مەرۋەزى خۇتۇۋدىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ چىن، ھىندىستان ۋە تۈرك ئەللىرىدە ياسىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

(104) ئۆلۈكنى كۆمۈش: بۇلغارلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆلۈكلىرىنى شۇ شەكىلدە كۆمۈشكە باشلىغان. بۇتپەرەس بۇلغارلار بولسا ئۆلۈكلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ كۆمەتتى.

(105) بۇلغارلار يۇرتىغا كەلگەن بۇ كېمىلەر ۋولگا ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىدىن بۇلغار شەھىرى قۇرۇلغان يەردىكى يەرمەنكىگە كېلىشەتتى. ھۆكۈمدار بۇ يەرگە كەلگەن يات كېمىلەردىكى ماللاردىن شەرتسىز ئۆشرە ئالاتتى. شىمالدىن كەلگەن كېمىلەر كۆپىنچە قۇل، قاما، قارا تۈلكە، تىيىن ۋە يىلپىز تېرىلىرى، جەنۇبتىن كەلگەن كېمىلەر بولسا قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ چاغلاردا هازارلار ۋە ئۇلارنىڭ شىمالدىكى قەبىلىلەر پۇل ئورنىغا تىيىن تېرىسى ئىشلىتەتتى. ئىبنى رۇستەھ: «ئۇلار ئارىسىدا بىر تىيىن تېرىسى ئىككى يېرىم دىرھەمگە باراۋەر دۈگلەك ئاق دىرھەملەر ئىسلام ئەللىرىدىن كېلىدۇ» دەيدۇ.

(106) رۇسلار ھەققىدىكى كەڭ مەلۇماتنى كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەردىن كۆرۈڭ.

(107) رۇسلار كېمىلەر بىلەن تىجارەتكە كەلگەن بۇ بازار بۇلغار شەھىرىگە تەۋە يەردىكى يەرمەنكىدىن باشقا يەر ئەمەس. رۇسىيىدىن كەلگەن بۇ سودىگەرلەر ئومۇمەن ۋارەكلەر ئىدى. ئۇلار تىجارەت ئۈچۈن بەزىدە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن باغدادقىچە كېلەتتى. ئىبنى رۇستەھمۇ رۇسلارنىڭ ساغلام ۋە چىرايلىق كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ماركوپولو: «ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ. ھەممىسى ئاق تەنلىك ۋە سېرىق بولغاچقا، ئەرلىرىمۇ، ئاياللىرىمۇ ئوخشاش چىرايلىق كېلىدۇ» دەيدۇ. مەسئۇدى، لېئون دىئاكرې بىلەن پروكوپلۇسلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا «رۇس» ئىبارىسى بىلەن گرېك تىلىدىكى «rousios» (قىزىل) ئىبارىسى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق سەۋەبىدىن بىزانتىيلار رۇسلارنى «قىزىللار» دەيتتى. رۇسلار ئۆزلىرىمۇ ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ئوچۇق كاشتانرەڭ مەنىسىنى بېرىدىغان «rusiy» دېگەن ئىبارە ئارىسىدا بىر سۆز

ئويۇنى ئوينايدۇ. مەسئۇدى ۋە كازۋىنىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رۇسلارنىڭ بىر قىسمى ساقاللىرىنى چۇشۇرۇۋېتىدۇ، بىر قىسمى بۇدرە قىلىدۇ، بىر قىسمى ئۆرۈيدۇ.

(108) ئىبنى فەزلان تەرىپىدىن رۇسلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇمات ئىبنى رۇستەھ ۋە ئىبنى ھاۋقال بەرگەن مەلۇمات بىلەن زىت كېلىدۇ. بۇرۇن ئىبنى فەزلاننىڭ دېگىنىدەك كىيىنىدىغان رۇسلار كېيىن جۇۋا، تونغا ئوخشاش كىيىملەرنى كىيىشكە باشلىغان. ئىبنى رۇستەھ «ئۇلار ياخشى كىيىنگەن جەسۇر ئادەملەردۇر» دەيدۇ.

(109) پالتا، قىلىچ: ئىبنى مىسكەۋەيخ رۇس لەشكەرلىرىنىڭ ھەم قىلىچ، ھەم پالتا، ھەرە، بولقا ۋە بازغان ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. زەكى ۋەلىدىن توغان «رۇس ۋە ياۋرۇپالىقلارنىڭ قىلىچلىرىدىكى ZDMG,XC,29 بەلگىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان.

(110) رۇسلارغا ئوخشاش ئىسقىتلارمۇ بەدىنىنى باشتىن ـ ئايىغىغىچە ھايۋان ۋە باشقا نەرسىلەر رەسىملىرىنىڭ چەكمىلىرى بىلەن تولدۇراتتى. ئىسقىتلاردىن قالغان مۇمىيالانغان جەسەتلەردە بۇ خۇسۇسىيەت تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ چەكمىلەر بەلكىم ئۇلارنى يامانلىقتىن قوغدايدىغان فەتىشلەر (ئىلاھلار) نىڭ سۈرەتلىرى بولسا كېرەك.

(111) ھۇققا: ئەمچەك ئۇستىگە باغلىنىدىغان بۇ ھۇققىلار ئاياللارنىڭ كۆكسىنىڭ ئۆز شەكلىدە تۇرۇشى ۋە بەك يوغىناپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن قوللىنىلاتتى. زەكى ۋەلىدىن ۋىكىڭلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلگەن ھۇققىلار ۋە يۇمىلاق شەكىلدىكى تارماق ۋە پىچاقلار ھەققىدە توختىلىدۇ.

(112) دىرھەم: رۇسلار ئىشلىتىدىغان دىرھەملەر ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن پۇل ئىدى. بۇلغارلارغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ پۇل ئورنىدا تىيىن، يىلپىز تېرىسى ئىشلىتەتتى. بۇ پۇللار ياندا ئېلىپ يۈرۈلمەيتتى، لېكىن چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن مالغا ئالماشتۇرۇلاتتى. ئىبنى رۇستەھ ۋولگا بۇلغارلىرىدا تېرىلەرنىڭ پۇل ئورنىدا قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا، ئەبۇ ھەمىد ئەل ئەندىلوس سىلاۋلاردىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىدۇ. ماركوپولو رۇسلارنىڭ يىلپىز تېرىسىنىڭ باش قىسمىنى پارچە پۇل ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقىنى يازىدۇ. نىزامىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىسكەندەر رۇسلارنى يەڭگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تىيىن تېرىسىنى پۇل ئورنىدا قوللانغانلىقىغا ھەيران قالغان. ئەمىن ئەل رازىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رۇسلارنىڭ ئېغىرلىق ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرى يوق ئىكەن. مەسئۇدى رۇسلارنىڭ ئوغۇزلارغا ئوخشاش ھېچقانداق دىنىي قائىدىگە رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى يەنى شامانىس ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئىبنى

روستەھىنىڭ ئېيتىشىچە، قەدىمىي روسلار دېھقانچىلىق ۋە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇرۇش، تىجارەت بىلەن ھەمدە سىلاۋلاردىن ئېلىپ قېچىپ كەلگەن قۇللارنى سېتىش ۋە قىممەتلىك ھايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن جان باقىدىكەن. ئىبنى ھۆر دادبىخ: «روس سودىگەرلىرى كېمىلەر بىلەن ئىسلام ئەللىرىگە قىممەت باھالىق تېرە جۇۋا ۋە قىلىچلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇلاردىن بىر قىسمى ئاق دېڭىزغا ئۆتىدۇ، بىر قىسمى ۋولگا ۋە ھازار دېڭىزى يولى بىلەن جۇرجانغىچە كېلىدۇ. بەزىدە جۇرجاندىن ماللىرىنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ باغدادقا كەلگەن ۋاقىتلىرىمۇ بار» دەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن روسلارمۇ دېڭىزچى قەبىلە بولغان ۋىكىڭلەر بولسا كېرەك.

(113) نان، گۆش، سۈت، پىياز ۋە شاراب: بۇ يەردە بۇلغار شەھىرى يېنىغا جايلاشقان بازاردىكى روسلارغا ئائىت بىر شامانىس ئىبادەتخانىسى توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرىنىڭ بۇتلىرى بار يەرلەرگە ئوخشايدىغان ئورۇندىكى بۇتلارغا ئۇلارنىڭ تاۋىدا پىشۇرۇلغان ناننى بەرگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، قەبرىلەرگە ۋە بۇتلارغا قويۇلغان بۇ يېمەكلىكلەر ناھايىتى قىممەتلىك ھېسابلانغان نەرسىدىن ياكى بىر قەبىلىنىڭ ئۆز قولىدىن چىققان مەھسۇلاتلاردىن بولاتتى. ئىبنى فەزلان زامانىدا شامانىس بولغان روسلار شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا (ھىجرىيە 375 ـ يىلىدىن كېيىن) بىزانسلارنىڭ تەسىرى بىلەن خرىستىئانلىقنى قوبۇل قىلغان. شاراب بۇغدايدىن ياسالغان ۋە «مەرز» دېيىلىدىغان ئىچىملىككە قارىتىلغان.

(114) قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى بىلەن بېشىنىڭ كۆتەك ۋە قوزۇقلارغا ئېسىلىشى تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك، شامانىسلار ئادىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى بۇتلار يەيدۇ دەيدىغان قاراش ھىندىستاندا ھازىرغىچە مەۋجۇت.

(115) روسلارنىڭ كېسەل داۋالاشتا قوللانغان بۇ ئۇسۇلى ئوغۇزلاردىكى شامانىسلارچە داۋالاش شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شامانىسلارنىڭ كېسەل داۋالىشى توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدا كەڭ توختىلىدۇ. ھېرۇللار ئارىسىدا بولسا كېسەللەر ئۆلتۈرۈلەتتى.

(116) روسلاردا ئۆلۈكلەرنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. مىلادىيىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مىڭ يىل ئىچىدە روسلاردا ئۆلۈكلەرنى كۆيدۈرۈش ۋە كۆمۈش ئادەتلىرى تەڭ داۋاملاشقان. 13 ـ ئەسىرگە ئائىت بىر ماتېرىيالدا روسلاردىن بىر قىسمىنىڭ ئۆلۈكلىرى ئۆرە تۇرغۇزۇپ كۆمۈلىدىغانلىقى مەلۇم. روسلاردىكى بۇ ئادەت تۈرك قەبىلىلىرىدىكىدەك شامانىس ئادىتىدىن كەلگەن.

(117) مېيىتنى قېيىق ياكى كېمىگە سېلىش ئادىتى فىن، ئىسكاندىناۋىيە ۋە



www.uyghurkitap.com

ئۇرال ـ ئالتاي قەبىلىلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە مىسىر ئەپسانىلىرىدىمۇ سۆزلىنىدۇ.

(118) رۇسلارنىڭ ئىچىملىككە بېرىلىشى ھازىرمۇ مەشھۇر. قەدىمىي رۇسلاردا ياسالغان ئۇرتاق ئىچىملىك توغرىسىدا ماركوپولومۇ توختىلىدۇ. ئىبنى رۇستەھ، مېيىت كۆيدۈرۈلگەندە رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۇچۇن قەدىمىي سىلوۋلارنىڭ نەغمە ـ ناۋا قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىدۇ. ئاتىللانىڭ دەپنە مۇراسىمى ئاخىرىدا ھونلارمۇ شۇنداق قىلغان.

(119) ئاقساقاللىرىنىڭ ياكى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە مەجبۇرىي ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياش قىزلارنى قۇربان قىلىشنىڭ بىرمۇنچە مىساللىرى بار. بۇ توغرىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ياش قىز بىر چۆرە (قۇل) ياكى ھۆر قىز بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەرەب تىلىدا جارىيە (چۆرە) دېگەن سۆز ياش ھۆر قىزلارغىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئىبنى رۇستەھ بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنى ۋە خوتۇنىنى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ. ئارىلىرىدىن بىرى ئۆلسە قول ۋە يۈزىنى پىچاق بىلەن تىلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ، كۆيدۈرۈلگەن يەردىن كۈلىنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى بىر ساپال قاچىغا سېلىپ، قەبرىنىڭ ئۈستىدە ساقلايدۇ. ئۆلۈمدىن بىر يىل كېيىن 20 كۆپ ئەتراپىدا بال ئېلىپ ھېلىقى قەبرىنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قەبرىنىڭ بېشىغا توپلىشىپ بال ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەپ ـ ئىچىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولسا ۋە ئۇلاردىن بىرى ئۇنى ھەممىدىن ياخشى كۆرسە، قەبرىنىڭ يېنىغا ئىككى خادا ياغاچ ئېلىپ كېلىپ تۈپراققا تىكىدۇ، ئۈچىنچى ياغاچنى ئىككى خادا ياغاچنىڭ ئۇچىغا توغرىسىغا باغلاپ، بۇ ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر يىپ باغلاپ، يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى خوتۇنىنىڭ بويىنىغا باغلايدۇ. ئاندىن ئورۇندۇق ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان ئايالنىڭ ئايىغىدىكى ئورۇندۇق ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۇ ئايال بوغۇلۇپ ئۆلگۈچە شۇ پېتى ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۆلگەندە ئېلىپ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈلىدۇ. ئىبنى رۇستەھ رۇسلاردىمۇ تۇل قالغان ئايالنىڭ ئېرى بىللە قەبرىگە تىرىك كۆمۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئادەت ئىسقىتلاردا، موڭغۇللاردىمۇ كەڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

(120) كۆيدۈرۈلىدىغان قىزغا خىزمەت قىلىدىغان ئىككى ياش قىز چۆرە قىزلار ئەمەس. باشتا ئېيتىلغاندەك، «ئۆلۈم پەرىشتىسى» دېيىلىدىغان ياشانغان ئايالنىڭ قىزلىرى.

(121) «ئۆلۈم پەرىشتىسى» دېيىلگەن ياشانغان ئايال شۈبھىسىز گىرمان ئۆلۈم ئىلاھى ھېلىنىڭ ئادەمگە ئايلاندۇرۇلغان شەكلى.

www.uyghurkitap.com

(122) بۇ يەردە ئۆلۈككە نان، گۆش ۋە پىياز سېلىنغان تاۋاقنى پىشۇرۇلىدىغان-لىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايۋانلارنى قۇربان قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. رۇسلاردا ئۆلۈككە ھەر خىل ھايۋانلار ۋە ئادەملەر قۇربان قىلىناتتى. بۇلارنىڭ ئېچىدە قەمچە كەتكەن ئايرىلمىغان باللارنىڭ، خورازنىڭ ۋە ئىتنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشىمۇ دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. لېئون دىئاكرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رۇسلار دورىستولون ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈنادا بۇۋاق باللارنى ۋە خورازلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلغان. كونستانتىن پورپىرو گېنىتۇسنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رۇسلار قارا دېڭىزغا ساياھەتكە چىققاندا خوراز قۇربانلىق قىلاتتى. بۇلغار قىرالى (پادىشاھى) كۇرۇم ئىمپېراتور ۋ. لېئون بىلەن مۇزاكىرىلەشكەندە ئالتۇن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئىت، ئادەم، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە چوشقىلارنى قۇربانلىق قىلغان.

(123) بۇ چېدىرلاردىكى ئادەملەر ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى. قۇربان بولىدىغان چۆرە قىز بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى بۇ يەردە بىر «ئۆلۈك تويى» ھەققىدە بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسئۇدى رۇسلاردىكى بۇ «ئۆلۈك تويى» ئادىتىنى بىلىدىكەن. موڭغۇللاردىمۇ بۇنىڭ بىرمۇنچە مىساللىرى ئۇچرايدۇ. كوۋالېۋسكىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ يەردە گۇرۇپپا ھالىتىدە نىكاھلىنىش ئادىتىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە جىيەنلەر ۋە يېقىن تۇغقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن نىكاھلىنىش ئادىتىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(124) ئىشىك كېشىكىگە ئوخشايدىغان نەرسە قۇربان قىلىنىدىغان چۆرە قىز بارىدىغان ئۇ دۇنيانىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىمۋولى بولسا كېرەك. قىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بارىدىغان ئالەمنى ھەقىقەتەن كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ياشىغان مۇھىتى، مەستلىك ۋە ئىلگىرى ئاڭلىغان ھېكايىلەر ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن. بۇ كېشەك تەساۋۋۇرى ئۇ دۇنياغا قارالغان سېھىرلىك روجەك تەساۋۋۇرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(125) «ئالەمدىن ئۆتكەن پۈتۈن ئۇرۇق - جەمەتىم» ئىبارىسى بۇ يەردە مەخسۇس بىر مەنىنى بېرىدۇ. كوۋالېۋسكىنىڭ ئېيتىشىچە، ياش قىز خوجايىنىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا خوجايىنىنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر ھۆر ئايال ھەمراھ بولغان بولىدۇ.

(126) «جەننەت يېشىللىق بىلەن قاپلانغان گۈزەل بىر يەر» : جەننەتنىڭ باغ - بوستانلىق يەر دەپ تەسۋىرلىنىشى ئومۇمىي كۆزقاراشتۇر.

(127) قىزنىڭ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىشى نىكاھلىنىشقىمۇ، ئۆلۈمگىمۇ باب

كېلىدۇ. يېڭى ئېرى بىلەن نىكاھلانغانلىقى ئۈچۈن دوستلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر مۇھىتقا كېتىدۇ. ئەمىن ئەل رازى بۇ يەردە «ئېرى قونغان چېدىرنىڭ. . .» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەن. بۇ ئىبارە «ئۆلۈك تويى» توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

(128) قالقانلارغا ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى جانلىقلار ئۆلۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆلۈك-نىڭ روھىنى قوغلاش، راستىنى ئېيتقاندا، ئۆلۈكنىڭ ھوزۇرىدا بولىدىغان جۇپلىشىش مۇراسىمىنى بۇزۇشقا كېلىدىغان پۈتۈن روھلارنى قورقىتىش ئۈچۈندۇر.

(129) بۇ يەردە ئۆلگۈچىنىڭ ئەڭ يېقىن ئەر تۇغقىنى دېيىلگەن كىشى شۈبھىسىز چۆرە قىز بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان تۇغقانلاردىن بىرى.

(130) قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرى، شىمالدىكى گېرمانلار ۋە ھىندۇلار قاتتىق بورانىنىڭ ئوتۇنىنى تۇتاشتۇرۇشى ۋە يېقىلغان گۈلخانىنىڭ ئېگىز ئۆرلەپ كۆيۈشى كۆيدۇ-رۈلگەن ئۆلۈكنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قارايتتى.

(131) رۇس ھۆكۈمدارى ھەققىدە بۇ يەردە ئېيتىلغانلار مەرۋەزىنىڭ قەدىمىي ئوغۇزلارنىڭ خاقانى توققۇز ئوغۇز خاقان ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلارغا ناھايىتى ئوخشاي-دۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ھۆكۈمدار رۇس خانى. رۇسلاردا دۆلەت ئىشلىرىنى بۇ خاننىڭ ۋەكىلى ئىدارە قىلاتتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان 400 كىشىلىك مۇھاپىزەت قوشۇنى توققۇز ئوغۇز خاقانىنىڭ مۇھاپىزەت قوشۇنى ۋە ۋارەكلەرنىڭ درۇژىناسىنى چۈشەندۈرىدۇ. رۇس قىرالى (پادشاھ) نىڭ بوشاڭلىقى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارمۇ رۇس خانىغا ئائىت بولسا كېرەك. رۇس خانىنىڭ خەلىپىسى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتمۇ ھازارلاردىكى خاقان بەگ ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ.

(132) ھازارلار ھەققىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەر-دىن كۆرۈڭ.

(134) بۇ يەردە ھازار خاقانى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلار بەزى جۇغراپىيە كىتاب-لىرىدا ئۇيغۇر خاقانى ۋە قەدىمىي ئوغۇزلارنىڭ خاقانىغا دائىر بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. ئۇلارمۇ پەقەت تۆت ئايدا بىر قېتىم خەلق ئىچىگە چىقاتتى. ھازار خاقانىنى كۆرگەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ۋە قوشنا مىللەتلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقى تۈرك قەبىلىلىرىدىكى خاقاننى ئاسماندىن چۈشكەن (كۆك مەنبەلىك) دېگەن قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(134) خاقان ھەققىدىكى مەلۇمات كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەردە بېرىلدى.

(135) كۈندۈر خاقان: بۇ نام ماجار قىرالى (پادشاھى) نىڭ ئۇنۋانى بولغان «كۈندۈ» ياكى «كۈندە» بىلەن ئوخشاش سۆز بولۇشى مۇمكىن. ئىسھاق بىن قوندا جىقە-

نىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى (ياكى ئۇنۋانى) بۇ سۆزنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلىدۇر. زاۋاكوۋسكى بۇ سۆزنىڭ «قازى» مەنىسىگە يېقىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(136) جاۋشىگىر: بۇ نام ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك مەلۇمات بېرىلگەن پارسچە سۆز «چاشنىگىر» تۈركچە «جاۋۇش» (ھەربىي ئەمەلدار) بولۇشى ياكى پارسچە «گىر» قوشۇمچىسىدىن تۈرلەنگەن بىر سۆز بولۇشى مۇمكىن.

(137) بۇ يەردە ھازار خاقانىنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان دەريا ئىدىل دەرياسى بولۇپ، ۋىزىگوت قىرالى ئالارىك ۋە ئاتىللانىڭ قەبرىلىرىمۇ دەريانىڭ تېگىگە ياسالغان. ئەل بىرونى ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ مېيىتلىرىنى جەيھۇن دەرياسى تېگىگە دەپنە قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ھازار خاقانىنىڭ قەبرىسىنى ياسىغانلار ۋە ئۇلارنى كۆمگەنلەرمۇ ئۆلتۈرۈلگەن.

(138) ھازار خاقانىنىڭ تەۋەسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمىدا ئەھمەد ئەل رازى مۇنداق دەيدۇ: «ھازارلار يۇرتىمۇ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ يەردە ياشىغانلار ئىنتايىن گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك كىشىلەردۇر. ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى 40 يىلدىن ئاشسا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىدۇ.» دىنى بولسا كېچە، كۈندۈز، شامال، يەر، ئاسمان ۋە ھەربىر نەرسىنى بىر ئىلاھىي قۇدرەتكە تەئەللۇق دېيىشتىن ئىبارەت. بىراق، ئاسمان تەڭرىسى باشقا تەڭرىلەردىنمۇ ئۇلۇغدۇر.» بۇ پارچە ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى تەرىپىدىن كونا كىتابلاردىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بۇتپەرەس، ھازارلارنىڭ دىنىغا دائىر بېرىلگەن مەلۇماتقا ئوخشايدۇ ۋە شامانىزمدۇر.

(139) ھازار خاقانىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى توغرىسىدا زەكى ۋەلىدى توغان مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي ئىقتىداردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان بۇ خاقان ئەينى زاماندا پۈتۈنلەي ھەقىقىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. بۇ مۇتلەق بىر ھۆكۈمرانىنىڭ ئىقتىدارىدۇر. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى شامانى كۆچمەن قەبىلىلەردىكىدەك مۇقەددەس بىر خاراكتېرگە ئىگە. بۇ قەبىلىلەردە پادىشاھ تامامەن خەلقتىن ئايرىلغان. ئۇ ئىلاھ ئورنىدىكى ھۆكۈمدار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قارارلىرى ئېتىرازسىز ۋە مۇتلەق ئىتائەت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت تۈرك - موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇتتۇر.»

(140) ئىدىل شەھىرى ھەققىدىكى كەڭ مەلۇمات كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەردە بېرىلدى.

(141) ھاز: بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىك ئىزاھى بېرىلمىگەن. لېكىن ئىدىل شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر مۇسۇلمان قازى ھەققىدە

توختالغانلىقى ئېنىق. مانا بۇ ئىبنى فەزلان زامانىدا ئېدىل شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇق جەھەتتە باشقىچە بىر ۋەزىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىستەخرى ۋە ئىبنى ھاۋقال زامانىدا بولسا ئېدىل شەھىرىدە ئىككىسى مۇسۇلمانلارغا، ئىككىسى يەھۇدىيلارغا، ئىككىسى خرىستىئانلارغا ۋە بىرى شامانىستلارغا ئائىت يەتتە قازى بار ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. بۇنىڭ-دىن باشقا، بۇ ھاكىملار بىلەن خاقان بەگ ئارىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان بىرى بار ئىدى. بەزى مەسىلىلەردە ھاكىملار بۇ ۋاستىچى ئارقىلىق خاقان بەگ بىلەن خەۋەرلىشەتتى. ئىختىلاپلىق مۇھىم مەسىلىلەردە ھۆكۈمدار ئايرىم سۆھبەت تەشكىللەيتتى.

(142) مەسچىت: ئىبنى فەزلان زامانىدا بىرلا مەسچىت بولغان بولسا، مەسئۇدى زامانىدا ئوتتۇزغا يەتكەن.

(143) دار ئەل بابۇنەج: بۇ يەرنىڭمۇ قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ھازارلار-نىڭ ھارۇن ئەل رەشىد دەۋرىدە يەھۇدىيلىكنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغاندۇق. ئىبنى فەزلان زامانىدا ھازارلار يۇرتىدا ئاز سانلىق بولغان مۇسۇلمانلار ئىبنى رۇستەھ ۋە ئىبنى ھاۋقال زامانلىرىدا كۆپ سانلىقتا ئايلانغان. ئېدىل، سەمەن-دەر، خانبالىغ ۋە سارىقشەن شەھەرلىرىدە كۆپچىلىك مۇسۇلمان جامائەتلىرى مەيدانغا كەلگەن، مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلاردىن كۆپ بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، خەلق شامانى ئادەتلىرىنى تاشلىمىغان.

(144) «قۇرئان كەرىم» 9 ـ سۇرە 30 ـ ئايەت؛ 12 ـ سۇرە 109 ـ ئايەت؛ 21 ـ سۇرە 40 ـ ئايەتلەرگە قارالسۇن.

(145) بۇ ھۆكۈمدارنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانمىغان. بۇنىڭ بىر چىن خاندانى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنسا، 907 — 960 ـ يىللىرى ئارىسىدا تاڭ سۇلالىسى-نىڭ كەينىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن يىقىلغان بەش سۇلالىدىن بىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ياكى ئاپاق تەرىپىدىن قۇرۇلغان خىتاي سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئويلىششقا بولىدۇ. بۇ شەخسنىڭ چىن خاندانى ئەمەس، چىننىڭ باشقا يەرلىرىدە ھۆكۈم سۈرگەن ھۆكۈمدارلاردىن بىرى ياكى بىر ۋىلايەت ۋالىيسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىششقا بولىدۇ.

(146) بۇ سۆز بىلەن قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى ئوردوكەنت (قەشقەر) كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. 153 ـ ئىزاھاتتا قاراخانىيلاردىن بۇغراچ قەبىلىسى نامى بىلەن تەكرار بايان قىلىندۇ.

(147) بۇ شەھەرنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى.

(148) بۇ قەبىلە ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئىسمىنىڭ گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە

چىن يولى ئۈستىدە ئىكەنلىكى ئېيتىلغان «كۇچا» شەھىرى بىلەن سۇنباسۇقلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. ئەبۇ دۇلەف بۇ قەبىلىنىڭ ئۆكۈزنى مۇقەددەس بىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئەنجۈر بولىدىغانلىقىنىلا ئېيتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، قەبىلە خەلقىنىڭ ھىندۇ ئىكەنلىكىنى، ئەبۇ دۇلەف بۇ يەردە ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئويلىشىشقا بولىدۇ.

(149) ئۆكۈزنىڭ مۇقەددەس ھايۋان دەپ قوبۇل قىلىنىشى بۇگۈنكى كۈندە ھىندىلار ئارىسىدا مەۋجۇت.

(150) ئەبۇ دۇلەف پەچەنەكلەرنى ئىبنى فەزلاننىڭ ئەكسىچە، باي ۋە ساقال ـ بۇرۇتلۇق دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتى ھەققىدە بەرگەن ئىزاھات توغرا. پەچەنەكلەرنىڭ چىن يولىغا ناھايىتى يىراق جايدا ئولتۇراقلاشقانلىقىغا قارىغاندا، مۇئەللىپنىڭ ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. چىن يولى ئۈستىدە بىر پەچەنەكلەر توپىنىڭ ياشىغانلىقى ئەقىلغا مۇۋاپىق.

(151) «ھۇدۇد ئەل ئالەم» دىكى خەرىتىدە چىغىللار قارلۇقلارنىڭ شەرقىدە كۆرسىتىلىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى تالاسنىڭ يېنىدىكى چىغىل شەھىرىدە قەشقەر يېنىدىكى چىغىل يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقانلار بىلەن قۇياش شەھىرى يېنىدا ياشايدىغان كۆچمەن چىغىللار توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوغۇزلار جەيھۇن بىلەن يۇقىرى چىن ئارىسىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىگە چىغىل نامى بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. قاراخانىيلار ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئاساسىنى چىغىللار تەشكىل قىلاتتى. مەرۋەزىنىڭ دېگىنىدەك، چىغىللار قارلۇقلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. قەدىمىي ئىران ئەدەبىياتىدا چىغىل گۈزەللىرى مەشھۇر ئىدى.

(152) بۇغراچ قەبىلىسى بىلەن قاراخانىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەبۇ دۇلەفنىڭ ساياھىتى ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغراخان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردە قاراخانىيلار مۇسۇلمان ئىدى. لېكىن ئەمەۋىي ئەمەس، سۇننىي ۋە ھەنەفى ئىدى . ئەبۇ دۇلەف ئۇلارنىڭ ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە ساتۇق بۇغراخان داستانىدىمۇ توختىلىدۇ. بىراق بۇ پىكىر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

(153) يەھيا بىن زەيد دادىسى بىلەن بىرلىكتە ئەمەۋىيلەرگە قارشى چىققان. 112 (مىلادىيە 740) ـيىلى دادىسىنىڭ كۇفەدە قۇربان بولۇشى بىلەن خۇراسانغا قاچقان. ئۇ يەردە ئەمەۋىيلەرگە قارشى كۈرەش جەريانىدا 125 (مىلادىيە 742) ـيىلى جۇزەجاندا ئۆلتۈرۈلگەن.

(154) زەيد بىن ئەلى بىن ئەل ھۇسەيىن بىن ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ شىئەنىڭ زەيدىيە تارمىقىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر. ئۇ ئەمەۋىيلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن.

ھىجرىيە 122 ( مىلادىيە 740 ) -يىلى ئەمەۋىيلەرنىڭ ئىراق ۋالىيسى تەرىپىدىن كوفەدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئالدىنقى ئىزاھاتتا ئېيتىلغان يەھيانىڭ دادىسى بولۇپ، مەزھىپى ھازىر يەمەندە رەسمىي مەزھەپتۇر.

(155) ئەبۇ دۇلەف تىبەت دېگەن بۇ يەر ماۋېرائۇننەھر - چىن يولى ئۈستىدىكى بىر ۋادا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ يول ئەتراپىدا ھەر خىل دىنلار تارقالغان. لېكىن بۇنىڭ كەينىدىن قىماقلار بايان قىلىنغاندا تىبەتلىكلەرگە ئائىت ئادەتلەرنى تىلغا ئېلىش مۇئەللىپنىڭ تىبەتنى بىلىش ئېھتىمالىنى ئاشۇرىدۇ.

(156) باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىماقلار شىمالدا ياشايتتى. قىماقلار ئىكى، ئىماق، تاتار، بايەندۇر، قىپچاق، نىلگاز ۋە ئەجلاد قاتارلىق يەتتە قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ئىدى. مارچۇئارتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىماق دېگەن سۆز ئىكى بىلەن ئىماقنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بىرلەشمىنىڭ دەسلەپكى ئىككى قەبىلىسى نامىنىڭ قوشۇلمىسىدۇر. قىماقلارنىڭ ئورنى زادى ئېنىق ئەمەس. ماتېرىياللار ئۇلارنىڭ كۆچمەن بولۇپ، قىشتا قىشلاقلارغا، يازدا يايلاقلارغا كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ئوبىدىن ئېرتىشكە قەدەر سوزۇلغان جايلاردا ياشايتتى. ئەمەلىيەتتە گەردىزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىماقلار ئېرتىش دەرياسىغا چوقۇناتتى، بۇلارنىڭ ئاقساقىلى «تۇتۇق» دېيىلەتتى. ياقۇت بولسا ئۇلارنىڭ چىن چېگرىسىدا ياشايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. مارچۇئارت ئەبۇدۇلەفنىڭ قىماقلار ھەققىدە يازغانلىرىنىڭ تىبەتلىكلەرگە بەكرەك ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(157) يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بۇ تاش خاتىرە بولۇشى كېرەك. بۇ تاش توغرىسىدا ياقۇت ۋە مەھمۇد قەشقىرىمۇ توختىلىدۇ. بۇ تاش بۇ قەبىلىگە خاس ئەمەس. شامانىس تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

(158) بۇ يەردە ئېيتىلغان ئوغۇزلار شەرق ئوغۇزلىرى بولۇپ، ئۇلار غەرب ئوغۇزلىرىغا نىسبەتەن كۆپ مەدەنىي ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئەبۇ دۇلەف بۇ يەردە توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدا توختالمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە گەردىزىمۇ: «ئوغۇزلار چىنلىقلارنىڭ قوشنىلىرىدۇر» دېگەن.

(159) توققۇز ئوغۇزلار: ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بۇ تەبىر ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئىسلام مۇئەللىپلىرى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئومۇمەن بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا توققۇز ئوغۇزلار بار ئىدى. لېكىن، ھاكىم ئورۇندا ئۇيغۇرلار تۇراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ۋە ئۇ يەردىكى ھەر خىل دىنلار ھەققىدە ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى خېلى كۆپ مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. جاھىز، بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قارلۇقلارنى يەڭگەندە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن قەھرى-مانلىقلىرىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇپ، قارلۇقلارغا مەغلۇپ بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتى-دۇ. ئەبۇدۇلەف بۇ يەردە توققۇز ئوغۇزلار دېگەن قەبىلە ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار تۈرك مەدەنىيىتى تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان. پەقەت موڭغۇللار دەۋرىدە يوقىتىلغان. ئۇلارنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىدىكى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك، دەيدۇ. تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ھايۋانلارنى بوغۇزلىماستىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن قۇربانلىق قىلىشى ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى بۇ شەكىلدە ئۆلتۈرۈپ يېيىشنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدا توختىلىدۇ.

(160) بىرىنچى قېتىم مىلادىيىدىن ئىلگىرى 201 - يىلى چىن ماتېرىياللىرىدا بايان قىلىنغان قىرغىزلار يۇقىرىقى يەنسەيدىكى سايان تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئىسلام ماتېرىياللىرىنىڭ ۋە چىنلىقلارنىڭ تەرىپلىرىگە قارىغاندا، قىرغىزلار كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق، ئاق تەنلىك كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۈركلەشكەن يەنسەي ئوستى-ياقلىرى بولسا كېرەك. ئۇلار 750 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىر-گەن، لېكىن 840 - يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇيغۇرلار ۋە توققۇز ئوغۇزلارنى موڭغۇ-لىستاندىن قوغلىۋەتكەن. ئۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ يېڭى دۆلەت 917 - يىلى خىتايلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ئىسلام ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، قىرغىز زېمىنى ئولتۇراقلىششقا قولايلىق بولمىغان شىمالدىكى جايلارغا ۋە ئۇلۇغ ئوكيانغا قەدەر سوزۇلاتتى. غەربتە بىر تاغ ئۇلارنى قىماقلاردىن ئايرىپ تۇراتتى يەنى توققۇز ئوغۇزلار-نىڭ شىمالىدا ئىدى. قىرغىزلار خېلى كېيىن موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسىغا ئۇچرىغان.

(161) قارلۇقلار 745 - يىلى كۆك تۈركلەرنى يىقىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلغانىدى. ھىجرىيە 133 (مىلادىيە 751) - يىلى مۇسۇلمانلار بىلەن چىنلىقلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن تالاس ئۇرۇشىدا ئۇلارنى مۇسۇلمانلار تەرىپىدە كۆرىمىز. ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەتتا چىندا تارقىلىشىغا ياردەم قىلغان. بۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇلارنىڭ 766 - يىلى سۇياب ۋە تالاسنى ئىشغال قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، جاھىز ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. گەردىزى قارلۇقلار بىلەن يابغۇلۇقلار (يەنىلا بىر توپ قارلۇقلار بولۇشى كېرەك) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت-لەرگە باغلايدۇ. ئاۋفى ئۇلارنىڭ تولۇس تېغىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، بۇرۇن توققۇز ئوغۇزلارغا قارايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۈركىستاننىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىيارىغىمۇ كەلدى. ماۋەرائۇننەھردىكى بەزى شەھەرلەردە ئۇلار ئولتۇراقلاشقان-

دى.» قارلۇقلار توققۇز قەبىلە بولۇپ، ئۈچى چىغىل، ئۈچى خەسكى، قالغانلىرى بولسا بەدۋا، كىۋالىن ۋە تۇخسىلەر قەبىلىلىرى. قاراخانىيلار قارلۇقلار بىلەن چىغىللارنىڭ قولىدا بولغان چۇ دەرياسى ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلغان. قارلۇقلارنىڭ يەنە بىر تۈپى يابغۇلۇقلارنىڭ قول ئاستىدا يۇقىرى تۇخارىستاندىكى جەيھۇننىڭ جەنۇبىدا ياشايتى. 10 - ئەسىردە ئىسخجابتىن ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان يەرلەردە قارلۇقلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. ئەبۇ دۇلەف بۇ يەردە قارلۇقلارنى خېلى شەرق تەرەپتە كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە قارلۇق ئاياللىرى ھەققىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەر ئۇلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىگە خاس بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى ھەققىدە بۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئىبىن ئەل فاكىھ سۇقوپ شەھىرى خەلقى توغرىسىدا، ماركوپولو شەرقىي تۈركىستاندىكى قۇمۇل ۋە چىننىڭ قايىندى ۋىلايىتى ئاھالىلىرى توغرىسىدىمۇ مانا مۇشۇنداق دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىبنى فەزلان رۇسلار ھەققىدىمۇ شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان. قارلۇق ھۆكۈمدارلىرىنى يابغۇ دەپ ئاتىشاتتى. تابارى ۋە باشقا ئىسلام ماتېرىياللىرى ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە مۇسۇلمانلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراساندىكى ھۆكۈمدارلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلاردا قارلۇق يابغۇسى توغرىسىدا بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇخارىستان ياكى جەيھۇن دەرياسى بويىغا قارلۇقلار خېلى بالدۇر بارغان بولۇشى مۇمكىن. ياقۇبى تارىخىدا قارلۇق يابغۇسىنىڭ خەلىپە مەھدى دەۋرىدە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(162) قۇتلۇق تۈركلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللاردا باشقا مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئەبۇدۇلەف ئۇلارنىڭ بىر قەھرىمان قەبىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىش ۋە جازا قانۇنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ يەردە بېرىلگەن مەلۇماتلار توغرا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قەدىمي قەبىلىلەر ئارىسىدا بۇنداق ئادەتلەر كۆپ ئىدى (كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەرگە قاراڭ).

(163) ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈمدارنىڭ نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدىغانلىقى باشقا قەبىلىلەردە ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە، قەدىمي قەبىلىلەردە ھۆكۈمدارلارنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى ئادەت ئىدى. قۇتلۇقلار بۇنىڭدىن خالى.

(164) بۇ يەردە خىتايان دەپ ئاتالغان قەبىلە چىن ماتېرىياللىرىدا قىتان، قەدىمي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ قەبرە تاشلىرىدىكى يېزىقلاردا كىتاي، كېيىنكى ئىسلام ماتېرىياللىرىدا قارا خىتايلار دېيىلگەن قەبىلىدۇر. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان. كىتايانلار ھەققىدە باشقا ماتېرىياللار بەرگەن مەلۇماتلار بىلەن ئەبۇ دۇلەف بەرگەن مەلۇماتلار بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. ئەبۇدۇلەفنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، كىتايانلارنىڭ ھۆكۈمدارى يوق. ئۇلار تىنچلىقپەرۋەر ئىدى. چىن ماتېرىياللىرى بولسا 10 -

ئەسىردە ئاپاق بىلەن قىتاننىڭ كېلىشكەنلىكىنى ۋە 924 - يىلى قىرغىزلارنىڭ پايتەخ-تى قارابالغاسۇننى بېسىۋېلىپ، پۈتۈن موڭغۇلىستاننى قول ئاستىغا كىرگۈزۈشكە ئاز قالغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئەبۇ دۇلەف ئەسىردە قىتايانلارنىڭ يۇرتىدىن چىنگە ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، قىتايانلار چىننىڭ غەربىتىكى بىرىنچى قوشنىسىدۇر.

(165) مەرۋەزى بۇ يەردە تۈركلەرنىڭ ھەر خىل قەبىلىلەرگە ئايرىلغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇگۈنكىدەك، ئۇ مەزگىلدە تۈرك قەبىلىلىرى مانجۇرىيەدىن ماجارىستانغىچە بولغان زېمىنلاردا ھەر خىل سىياسىي شەكىللەردە ياشىغان دۇنيادا ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەت ئىدى. تۈرك قەبىلىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەھمۇد قەشقەرى تۈرك قەبىلىلىرىنى غەرب تۈركلىرى ۋە شەرق تۈركلىرى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ. غەرب تۈركلىرى پەچەنەكلەر، قىپچاقلار، ئوغۇزلار، يىماقلار، باسمىللار، قايلار، يابغۇلار (قارلۇقلار)، تاتارلار، قىرغىزلار، باشقىرتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرق تۈركلىرى چىگىللەر، تۇخسىلار، ياغمىلار، ئىغراقلار، چارۇقلار، جۇمۇللار، ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار، خىتايلار (چىنلار)، تاۋغاچلار (ماچىن-لار) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە كۆرگىنىمىزدەك، مەھمۇد قەشقەرى تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىغا بۇلغارلار ۋە ھازارلارنى كىرگۈزمىگەن ھەتتا ئەسىرنىڭ بەزى يەرلىرىدە بۇ يەردە مۇستەقىل كۆرسەتكەن بەزى قەبىلىلەرنى باشقا بىر قەبىلىنىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسىتىدۇ. باشقا مۇئەللىپلەر بولسا، ئۇ مۇستەقىل دەپ قوبۇل قىلغان بەزى قەبىلىلەرنى يەنە بىر قەبىلىنىڭ تارمىقى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئېنىق سانى ۋە نامىنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەرۋەزىمۇ ئەسىردە تۈرك قەبىلىلىرىنى باشقىچە تۈركگە ئايرىغان ھەتتا رۇسلار، سلاۋلاردەك زادى تۈرك قەبىلىلىرىگە كىرمەيدىغان ئىرقلارنىمۇ تۈرك دەپ قوبۇل قىلغان. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇئەللىپ تۈرك قەبىلىلىرىنى مەدەنىي ۋە كۆچمەن دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىدۇ، شۇنداق قىلىپ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ زور بىر قىسمىنى مەدەنىي مىللەت دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشى تۈرك قەبىلىلىرىنى كۆچمەن مىللەت دەپ قوبۇل قىلغانلارغا قارىتا ئەڭ كەسكىن جاۋابتۇر.

(166) مەرۋەزى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئوغۇزلارنىڭ تارماقلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. «ئۇي - غۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى «غۇز» بىلەن يېقىن ئوخشاشلىقى ئىگە. مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇرلارنى ئايرىم بىر قەبىلە دەپ قارىغان. رەشىدۇددىن بولسا مەرۋەزىدەك، ئۇيغۇرلارنى ئوغۇزلاردىن دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، توققۇز



www.uyghurkitap.com

ئوغۇزلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقانلىرىدۇر. بۇ يېقىنلىق ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى توققۇز ئوغۇز دەپ قوبۇل قىلىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

«ئۈچ - غۇز» مەتىندە «ئۈچ - غۇر» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزمۇ «غۇر» بىلەن «غۇز» نىڭ ئەسلىدە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(167) توققۇز خاقان ياكى توققۇز ئوغۇز خاقان نامى ھەقىقەتەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا خاس بىر نام بولۇپ، بۇ ئىسىم ئەنئەنىۋى يوسۇندا ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ۋە باشقا يەرلەردە ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان خاقان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) خاقانى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خاقاننىڭ 400 مۇھاپىزەتچىسى تىلغا ئېلىنغاندا «شاكىرى» ئىبارىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىبارە پارس تىلىدىكى «چاكەر» ئىبارىسىنىڭ ئەرەبچىلەشكەن شەكلى بولۇپ، ئاباسىلاردا بىر ئەسكىري تەبىقىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىگە بۇ ئىسىم بېرىلەتتى.

(168) بۇ يەردە سەلچۇقلۇقلار ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ ئىسلام دۇنياسىغا كەلگەن تۈركلەر بىلەن قىپچاقلاردىن قېچىپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا ۋە ئۇ يەردىن بالقان دىيارلىرىغا كەتكەن ئوغۇزلارنى كۆرسىتىدۇ.

«تۈركمەن» دېگەن ئاتالغۇ دەسلەپ 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ماقدىسىي تەرىپىدىن قوللىنىلغان. بۇ ئىبارىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئوغۇزلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە «تۈركمەن» ئىبارىسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ئوغۇز» ئورنىدا قوللىنىلغان. مەھمۇد قەشقىرى تۈركمەنلەرنىڭ ئوغۇزلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە ئەپسانىۋى بىر ئىزاھاتمۇ بار. باشقا بىر يەردە قارلۇقلار توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇلارنىڭ ئوغۇزلاردىن ئايرىم بىر قەبىلە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىمۇ تۈركمەنلەر دەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(169) قۇنلار: بۇ قەبىلىنىڭ نامىنى ئالغان ھۇن ئىمپېراتورلۇقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغانىدى. بۇ دۆلەت يىقىلغاندىن كېيىن ھونلار (قۇنلار) نىڭ بىر قىسمى شەرقىي ياۋروپاغا ۋە ماجارىستانغا كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇ يەردە غەربىي ھونلار دۆلىتىنى قۇرغان. مەرۋەزى تەرىپىدىن بايان قىلىنغان ھونلار قەدىمىي ھونلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قالدۇقلىرى بولسا كېرەك. ئۇلار قايىلارنىڭ غەربىدە ئىدى. مۇئەللىپ غەربكە قاراپ كىنايلاردىن قورقۇپ ۋە ئوتلاقلىرى تار كېلىپ قاچقان بۇ قەبىلىنىڭ ناستۇرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، ئىران يولى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ خىرىستىئان مەزھىپى تارقالغان. ھونلار شارىيە (شارىلار -- سېرىق ئۇيغۇرلار) نى قوغلىغان يەر ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، شارىيە تۈركمەنلىرى ئوغۇزلارنى ئەزگەن. بۇ

يەردە ئېيتىلغان تۈركمەنلەر قارلۇقلار بولۇشى كېرەك. مەرۋەزىدىن باشقا ئۇرفالىق
ماتىئۇسمۇ هونلارنىڭ بۇ هەرىكىتىنى تىلغا ئالىدۇ. تېكىستتىن هونلارنىڭ يىراق
شەرقنى كىتايلار كۆچلۈك بولغان دەۋردە تاشلىۋەتكەنلىكى ئۇقۇلىدۇ. بۇنىڭدىن
قارىغاندا 11 ـ ئەسىردە بولسا كېرەك. جۇۋەينىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىككىنچى
بىر قوچقار سۇلتان سەنجەرنىڭ قۇلى (هۆرلۈك بەرگەن) ئىدى. ئىبنى ئەل ئەسىر
بولسا ئۇنىڭ بەرقىيارۇقنىڭ هۆرلۈك بەرگەن قۇللىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.
بەرقىيارۇقنىڭ 487 (مىلادىيە 1093) ـ يىلى سۇلتان بولغىنىغا قارىغاندا، ئىككىنچىد-
ىنىڭ خارەزىمشاھ بولۇشى 490 (مىلادىيە 1096) ـ يىللارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن.
(170) كىتايلارنىڭ قىرغىزلارنى موڭغۇلىستاندىن قوغلاپ چىقارغانلىقى توغرىسىدا
يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئۇلار بىرىنچى قېتىم 4 ـ ئەسىردە غەربىي جەنۇبىي مانجۇرىيە-
دە كۆرۈنىدۇ. ئادەتلىرى موڭغۇللارغا ۋە تۈرك قەبىلىلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاتا ـ بوۋىلى-
رىغا قۇربانلىق قىلىدۇ. 10 ـ ئەسىردە موڭغۇلىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن بۇ
خانلىق كۆچەيگەن. 1027 ـ يىلى كەلگەن كىتاي ئەلچىسى ئەل بىرۇنى قايلار ۋە
كىتايلار ھەققىدە توختالغان. بۇ ئىككى قەبىلە ھەققىدە توختالغان تارىختا ئۇلار قىرغىز-
لارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىدى. بۇ چوڭ كۆچۈش 1027 ـ يىلىدىن كېيىن باشلانغان.
ئىككىنچى بىر قوچقار بۇ كۆچۈشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا شاهىت بولغان. مارچۇئارت
بۇ كۆچۈشنىڭ 1013 — 1050 ـ يىللىرى ئارىسىدا بولغانلىقى مۇمكىنلىكىنى تەخمىن
قىلىسىمۇ، ئىشىنىشىمىزچە، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل داۋام قىلغان بولۇشى كېرەك.
(171) شارىلار (شارىيە) : بۇ ئىبارىنىڭ ئاۋفىنىڭ ئەسىرىدىكى سارى (سېرىق)
بىلەن ئوخشاش بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. شانسۇلارنىڭ شەرقىدە 15 كۈنلۈك يىراقلىقتا
ياشايدىغان بۇ قەبىلىنىڭ مۇسۇلمان بولماسلىق ئۈچۈن شەرققە قاراپ قاچقانلىقى ئېيتى-
لىدۇ. بۇلارنىڭ گەنسۇنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم.
بارتولد بۇ ئىسىمنى قىپچاق ئىسمى بىلەن قىياس قىلىدۇ. قىپچاقلارنىڭ ھەر خىل
قەبىلىلەردىن مەيدانغا كەلگەن فېدېراتسىيە بولغانلىقىغا قارىغاندا، سېرىق ئۇيغۇرلار
ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن.
(172) ئەرمىنىيە دېڭىزى دېگەن سۆز ئۇرمىيە ۋە ۋان كۆللىرىدىن باشقىغا قوللى-
نىلمىغان. بۇنى قارا دېڭىز دەپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى پەچەنەكلەرنىڭ
ماجارلارنى، ئوغۇزلارنىڭ پەچەنەكلەرنى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكى
مەلۇم.
(173) 11 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا كىتايلارنىڭ غەربكە قاراپ كېڭىيىشى
قايلارنى بېسىمغا ئۇچرىتىشقا باشلىدى. قايلارمۇ غەربتىكى هونلارنى بېسىشقا باشلىدى.

قايلار تەرىپىدىن بىسمىغا ئۇچرىغان ۋە ئوتلاقلىرى يىتىشمىگەن ھونلار شارىلەرنىڭ يۇرتلىرىغا قاراپ كەلدى. شەرقتىن بىسىمغا ئۇچرىغان شارىلەر تۈركمەنلەرنىڭ (قارلۇقلارنىڭ) زېمىنىغا، تۈركمەنلەرمۇ ئوغۇزلارنىڭ زېمىنىغا، ئوغۇزلار قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى پەچەنەكلەرنىڭ زېمىنىغا كەلدى. بارتولد ئوغۇزلارنى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا قوغلىشىغا قاراپ، شارىلەرنىڭ قىپچاقلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مەرۋەزى كۆچكەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ دائىم غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن «ئىتتەبەئا» پېئىلىنى ئىشلىتىدۇ.

مانجۇرىيەدىن قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە بولغان زېمىندا مەيدانغا كەلگەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈشى بىرنەچچە يىلغا سوزۇلغان، بىر ۋاقىتتا بولمىغان ۋە بىر ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان. كىتاي، قاي، كۇن، شارىيە، تۈركمەن، غۇز ۋە پەچەنەك كۆچمەنلىرى ئىككى تەرەپتە ھەرىكەت قىلىپ، ماۋەرائۇننەھر، خارەزىم، قارا دېڭىزنىڭ شىمالى ۋە بالقانلارغا بېرىپ توختىغان.

(174) ياغمىلار: گەردىزىنىڭ نەقىلىگە قارىغاندا، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن قارلۇقلار بىرلەشكەن. قارلۇقلار بىلەن بىرلەشكەن بۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ياغما ئىدى. «ھۇدۇد ئەل ئالەم» دە ياغمىنى تەڭرى تاغلىرىدا ۋە چىن تۈركىستاندا يۈرگەن بىر شەخس دەپ قارايدۇ. شۇ ئەسىردىكى خەرىتىدە ياغمىلار قارلۇقلارنىڭ شىمالىدا دەپ كۆرسىتىلگەن. مەھمۇد قەشقىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياغما، تۇخسى ۋە چىغىل قەبىلىلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن گەردىزى ئېيتقان ياغمىلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنىدىغانلىقى ئۇقۇلىدۇ. بۇلارنىڭ مۇھىم گۇرۇپپىسى قەشقەرنىڭ شىمالىغا توپلانغانلىقى مەلۇم ئىدى. ياغمىلارنىڭ ھۆكۈمدارى بۇغراخان دېيىلەتتى. بۇ ئىبارە ئەبۇ دۇلەف تەرىپىدىن ئىككى يەردە تىلغا ئېلىنغان قاراخانىيلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەرۋەزى ياغمىلار بىلەن قارلۇقلارنى قىرغىزلارنىڭ غەربىدە دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىبارىنى شەرقىي جەنۇب دەپ تۈزىتىش مۇمكىن.

(175) قوجا ۋە ئەركىلەر ھەققىدە بىرەر خاتىرە ئۇچرىمىدى.

(176) كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىرىلەرگە قاراڭ.

(177) قاغىنۇن دەپ خاتىرىلەنگەن بۇ شەخسنىڭ شامان ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق.

(178) بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدىمۇ بارلىقى مەلۇم. بۇ شەخسنىڭ تۇتقاقلىق تۇتقاندەك ئۆزىنى يوقاتقان ھالەتتە بولۇشى ئۇنىڭ شامان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(179) مىنورسكى تۇلىس تېغىنىڭ تەڭرى تاغلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەرۋەزىنىڭ ئېيتقانلىرى بۇ قاراشنى توغرا تاپىدۇ. ئۇلار بۇ يەردىكى ۋاقىتتا توققۇز ئوغۇز-

لارنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. جاھىزنىڭ دېگىنىدەك، كېيىنكى چاغلاردا توققۇز ئوغۇزلار-نى مەغلۇپ قىلىپ غەربكە كەتكەن. بۇ جەرياندا ئاجىزلاشقان تۈرگىشلەرنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا ئورۇنلاشقان.

(180) قارلۇقلار توغرىسىدا باشتا بايان قىلىندى. بۇ يەردە ئاسكەلىكلەر دېيىلگەن ئىبارە ئاۋفىنىڭ ئەسىرىدىكى خەسكىلەر، بۇلاقلار دېيىلگەن ئىبارە بەدۋا بولۇشى كېرەك. «ھۇدۇد ئەل ئالەم» دىكى خەرىتىدە تۇخسىلەر چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا چىغىللار، جەنۇبىدا قارلۇقلار، غەربىدە قىرغىزلاردىن بىر توپ ياشىغان. تۇخسىلار بۈيۈك تۈرگىش بىرلەشمىسىنىڭ قالدۇقلىرى بولسا كېرەك. گەردىزى ئۇلارنىڭ چۇ دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، تۈرگىشتىن بولغان ئىككى يېزا باشلىقىنىڭ باشتۇرۇشىدا بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە: «قاستەك ۋە قۇرداي ئۆتتگىنىڭ شەرقىدە تۇخسىلەر ياشايدىغان تۈرگىش مەملىكىتى سوزۇلۇپ ياتىدۇ» دەيدۇ. مەھمۇد قەشقىرى تۇخسىلارنىڭ چىغىللارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى يەنى مەرۋەزىنىڭ دېگىنىدەك، قارلۇقلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

(181) يۇقىرىدا قىماقلارنىڭ ئېرتىش دەرياسىغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئۈچ قەبىلىنىڭ قىماقلار ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى مەلۇم ئەمەس.

(182) نەسرىيىە نامىدىكى بۇ قەبىلە ھەققىدە باشقا خاتىرە ئۇچرىمىدى.

(183) مەرۋەزى پەچەنەكلەرنى باي ۋە جامائەتلىك بىر قەبىلە دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ تەرىپ ئەبۇ دۇلەفنىڭ تەرىپىگە ئۆيغۇن كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئېيتقان پەچەنەكلەرنىڭ بار يېرى ئىبنى فەزلان كۆرگەن ۋە ناھايىتى قىيىن شارائىتتا ياشايدىغانلىقىنى ئېيتقان پەچەنەكلەرنىڭ بىرىدۇر.

(184) بۇرۇن قىماق قەبىلىلەر بىرلەشمىسىگە قارايدىغان قىپچاقلار 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىرلەشمىدىن ئايرىلىپ، ئوغۇزلارنىڭ شىمالىي قوشنىسى بولغان. جەيھۇنى ۋە مەھمۇد قەشقىرى قىپچاقلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىنىڭ ۋە تەلەپپۇزلىرىنىڭ ئوغۇزلارنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىپچاقلارغا يېڭى قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە نوپۇسىنىڭ ئارتىشى بىلەن 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قىپچاقلار ئوغۇزلارنى جەنۇبقا ۋە غەربكە قاراپ قىستاشقا باشلاپ، ئوغۇزلارنىڭ كۆچۈشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. قىپچاقلارنىڭ كۆپ قىسمى 11 ـ ئەسىردە غەربكە كەتكەن ئوغۇزلارنى قوغلاپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتى. قىپچاقلاردىن بىر قىسمى ئوغۇزلار بىلەن بىللە ھازار دېڭىزى بىلەن ئارال كۆلى ئارىسىدا قالغانىدى. ئالپ ئارسلاننىڭ مانغىشلاق سەپىرىدىن قارىغاندا، ئوغۇزلار ۋە قىپچاقلارنىڭ بۇ جايلاردا بىللە ياشىغانلىقى

مەلۇم.

(185) بۇ يەردە ئېيتىلغان تاغ كافكاز تاغلىرى بولسا كېرەك. تۇلاس ۋە لاۋارلار ھەققىدە بىرەر مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق.

(186) شارىغشەن ۋە خانبالىغ ئىدىل شەھىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربىي قىسىملىرىغا بېرىلگەن ئىسىملاردۇر. شەھەرنىڭ غەربىي ياقىسى ئىدىل، شەرقىي ياقىسى بولسا خانبالىغ (ھازاران) دېيىلەتتى.

(187) ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى تەرىپىدىن بايان قىلىنغان بۇ قەبىلە ئىدىل ۋادى- سىدا ھازارلارنىڭ قول ئاستىدا ياشايتتى. بۇلارنىڭ تۈرك ئىكەنلىكى ناھايىتى گۇمان- لىق. ئۇلار مورتۋانىسلار دەپمۇ تونۇلغان. بۇرداسلار ئارىسىدا تۇرمۇشلۇق بولىدىغان قىزلار ئەرنى ئۆزى تاللايتتى. ئۇلۇكلىرىنى كۆيدۈرۈش ئادىتى بەلكىم ئۇلارغا رۇسلار- دىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

(188) ماجارلار بۇرۇن شىمالىي كافكازىيىدە كۇبان دەرياسى ئەتراپىدا ھازارلار قول ئاستىدا ياشايتتى. ئۇلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا ھازارلارنىڭ تەسىرىنى كۆرۈشكە بولى- دۇ. 860 - يىللاردا پەچەنەكلەر كەلگەن ۋاقىتتا ماجارلارغا ئارپاد باشچىلىق قىلاتتى. پەچەنەكلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ماجارلار 890 - يىللاردا كىيىۋنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ بۈگۈنكى ماجارىستانغا كەلگەن. ماجارلارنىڭ بىر تارمىقى بولسا ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇلغار- لارنىڭ بىر قىسمى بىلەن يۇقىرى ۋولگا رايونىغا كېتىپ، بۈگۈنكى باشقىرتلارنىڭ يۇرتىغا ئورۇنلاشقان. مەرۋەزى بۇ يەردە باشقىرتلار بىلەن ماجارلارنى بىللە تىلغا ئالغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەملىكەتلىرىنىڭ ئىدىل ۋە تۇنا دەريالىرى ئارىسىدىكى يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان سىلاۋلارنىڭ جېرمەنلىرىمۇ شۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. كۇندە (كۇندۇر) نامى ھازارلاردا تېخىچە بار.

(189) شۇۋىت ۋە شارىج ناملىرى ھەققىدە بىرەر ئىزاھات ئۇچرىمىدى. مەرۋەزى سىلاۋلارنى تۈرك قەبىلىسى دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشاش ئۇسۇللىرىنى تۈرك قەبىلىلىرىگە بىرئاز ئوخشىتىدۇ.

(190) بۇ شەھەر ھەققىدە بىرەر خاتىرە ئۇچرىمىدى.

(191) مەرۋەزى رۇسلارنى تۈرك قەبىلىسى دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغان- دا، ئورۇس دېگەن كىشىلەر ۋىكىڭلەردۇر.

(192) «ۋىلادىمىر» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۇنۋان ئىكەنلىكى بىرئاز گۇمانلىق. بىرىن- چى قېتىم بۇ ئىسمدا تونۇلغان ھۆكۈمدار 10 - ئەسىردە بىزانىسلارنىڭ تەسىرى بىلەن خرىستىئانلىقنى رەسمىي قوبۇل قىلغان ۋىلادىمىردۇر. بۇ ھۆكۈمدار ئىسلامىيەت ھەققى- دە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ۋولگا بۇلغارلىرىغىمۇ بىر ئەلچى ئەۋەتكەن. مىنورىسكى:

«ھەقىقەتەن رۇسلاردا تەختكە چىققان شاھزادىلەرنىڭ بۇ ئۇنۋانى ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ» دەيدۇ.

(193) مەرۋەزى ھىپوكرات ۋە گالىنوسنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىلىرىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ياقۇبى «كىتاب ئەل بۇلدان ۋە تارىخى» دا بۇ ئىككى مۇئەللىپنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىلىرىدىن پايدىلانغان. مەرۋەزى پايدىلانغان بۇ ئەسەرلەر ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مەزمۇن قىلسا كېرەك.

(194) بۇ تۈرك قەبىلىسى ئىسقىتلار بولۇشى مۇمكىن.

(195) «كىچىك كۆزلۈك» دېگەن ئىبارە قەدىمىي ئەرەب مۇئەللىپلىرىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى ھەققىدە قوللانغان ئىبارىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. شەرقىي دىيارلارغا بارغان بىزانس ئەلچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىنى توپلىغان مەناندېر پروتېكتور تۈرك قەبىلىلىرىنى ئىلگىرى ساقا دەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. «خىتاي نامە» تۇرلار بىلەن تۈرك قەبىلىلىرىنى بىر دەپ قارايدۇ. فىردەۋسىمۇ شۇنداق دەپ ئىشىنىدۇ. ئىبنى ئەل فاكىخ «ئىسقىتىيە» ئىبارىسى بىلەن ئەرمەنىستان، خۇراسان، ھازار ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىنى نەزەردە تۇتىدۇ، مەرۋەزىمۇ يونان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىسقىتلىرىنى تۈرك دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

(196) مەرۋەزى تەرىپىدىن ئامازونلار ھەققىدە بېرىلگەن بۇ مەلۇماتلار ۋە ئېتىمولوگىك ئىزاھاتلار توغرا. ئامازونلار ھەققىدە بېرىلگەن بۇ مەلۇماتلار خىتت قەبرە تاشلىرىدا ۋە يۇنان ئەپسانىلىرىدە بېرىلگەن مەلۇماتلار بىلەن بىردەك. خىتتلار ۋە يۇنانلىقلار خاتىن دېگەن بۇ ئۇرۇشپەرەسلەرنى بەزى تارىخچىلار ئۇزۇن چاچلىق ئىسقىت لەشكەرلىرى دەپمۇ ئويلاشماقتا.

www.uyghurkitap.com

[General Information]
书名=伊本·帕孜兰旅行记　维吾尔文
SS号=40300745